سەيپىدىن ئەزىزى

# ئەكرتاغ بوركوتى



ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ
66 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

سەيپىدىن ئەزىزى

# ئەگرىتاغ بۈركۈتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجاخۇن خۇدابەردى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

1988 - يىل. ئۈرۈمچى

# تەڭرىتاغ ئۈركۈتى

•

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۆلچىمى: 1168 × 850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11

1988 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى


ISBN7 - 5371 - 0218 - X/I·97

سانى: 1—20،200

باھاسى: 1.50 يۈەن



ئاپتورنىڭ يېقىندا چۈشكەن سۈرىتى





مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى تەقدىم قىلغان قەھرىمانلارنى مەڭگۈ خاتىرلەيمىز!

دېڭ لىچۈن

1987 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

دېڭ لىچۈننىڭ كىتابقا يازغان بېغىشلىمىسى




مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ 1945 - يىلى 11 -
ئايدا جەنۇبىي فرونتتىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن چۈشكەن سۈرىتى.



ئابدۇكېرىمنىڭ 1943 - يىلى 8 - ئايدا ئىلى
ۋىلايىتىنىڭ يازلىق كۇرستىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە
چۈشكەن سۈرىتى. ئوڭدىن ئۈچىنچىسى ئابدۇكېرىم.



ئابدۇكېرىم بىلەن
قاسىمجان قەمبىرى جە-
نۇبىي فرونتقا ئاتلىنىش
ئالدىدا 1945 - يىل
7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى
غۇلجىدا چۈشكەن سۈ-
رەت.




ئاپتور بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتى.



1949 - يىلى 8 - ئايدا،
دېڭ لىچۈن جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى مەرك-
زىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچ-
سى سۈپىتى بىلەن غۇلجىغا
يېتىپ كەلدى.




يۇقىرىدا: بالىلىق دەۋرىدىكى ئابدۇكېرىمنىڭ
ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چۈشكەن سۈرىتى. ئالدىنقى رەت
ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان كىشى ئۇنىڭ دادىسى هاشىم، ئوڭ
تەرەپتىكىسى ئۇنىڭ ئانىسى هاشىخان، ئاتا ـ ئانىسى
نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئابدۇكېرىم.




1947 ـ يىل 1 ـ
ئاينىڭ 12 ـ كۈنى،
جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتى شىنجاڭغا
ئەۋەتكەن رادىست
پېك گۈەن.



1935 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى
تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشقاندا چۈشكەن سۈرەت. 2 -
رەت سولدىن ئۈچىنچىسى ئابدۇكېرىم.



1944 - يىلى 5 - ئايدا.
ئاكىسى ئابابىز ئابباسوۋ
بىلەن چۈشكەن سۈرەت.



1946 - يىلى 12 - ئاي-
ىنىڭ 23 - كۈنى زەنجەڭدا
چۈشكەن سۈرەت.



ئۇنىڭ تەرەپتىكىسى ئابدۇ-
كېرىمنىڭ قىز دوستى ياڭ فېڭ-
يى، ئاستىدىكىسى ياڭ فېڭيى
هايات ۋاقتىدا قېنى بىلەن
سىزغان رەسىم ۋە يازغان بې-
غىشلىمىسى - «كۆرەشچان ئا-
يالار».



1946 - يىلى 4 -
ئايدا. ئابدۇكېرىم ئۆي-
لەنگەندىن كېيىن ئا-
نىسى، ئىنىسى بىلەن
بىللە چۈشكەن سۈرەت.





ئابدۇكېرىمنىڭ قورساقتا
قالغان قىزى ھەدىيە. 1960 -
يىلى ئون يېشىدا چۈشكەن
سۈرەت.



ئابدۇكېرىم قازا تاپقاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى
ئىبلچان ۋە كىچىك ئوغلى قېيۇم ئۇزاق ئۆتمەي كەينى -
كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

# مۇقەددىمە

ئابدۇكېرىم (ئۆز ۋاقتىدا ئاتىغان ئادىتىم بويىچە ئاتىدىم) خەلقىنىڭ سادىق ئوغلى، قەيسەر ئىنقىلابىي جەڭچىسى ئىدى. ئۇ 1921 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1949 - يىلى قۇربان بولغۇچە پەقەت 28 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بولۇپ، ئىنقىلابىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى توققۇز يىلغا يەتمەيلا، تازا كامالەتكە يېتىپ، تالانتى تولۇپ تاشقان ۋاقتىدا ئالەمدىن ئۆتتى. توققۇز يىل — بۇ بەك قىسقا ۋاقىت، بىراق، ئۇ بۇ قىسقىغىنا توققۇز يىل ئىچىدە داستان قىلىپ مەدھىيىلىگۈدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، ئابدۇكېرىمنىڭ جۇشقۇنلۇق، قەھرىمان ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ، ئابدۇكېرىمنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، «جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەڭگىۋار ئۆتمۈشى كۆز ئالدىمىزدىن تىزىلىپ ئۆتىدۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ ھاياتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن چىڭ باغلانغان.

ئابدۇكېرىم ياشىغان دەۋر، يەنى XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكى، پۈتۈن مەملىكەتىمىزگە ئوخشاش، شىنجاڭدىمۇ زىددىيەت مۇرەككەپ، كۈرەش كەسكىن، ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان بىر تارىخىي مەزگىل ئىدى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ خەلققە سالغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، شېڭ شىسەينىڭ فاشىستلىق قىرغىنچىلىقى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈردى، بۇ تارىخىي مەزگىلدە، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلققە سالغان پاجىئەلىك زۇلمى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيەسى، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقلىرى ئىلگىرىكىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. لېكىن ئاققان قانلار بىكارغا كەتمىدى، نەدە زۇلۇم بولسا شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ، زۇلۇم قانچىكى رەھىمسىز بولسا كۈرەشمۇ شۇنچە شىددەتلىك بولىدۇ، ئەكسىيەتچىلەر ئۆزىگە گۆر تەييارلايدۇ، كۈرەش جەريانىدا سانسىز قەھرىمانلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئاشۇنداق پاراكەندىچىلىك بولغان زامانلاردا، شىنجاڭدا خەلقنىڭ دۈشمىنى — ھەرخىل ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، خەلق ئىچىدىن نۇرغۇن ئىنقىلابىي زىيالىيلار يېتىشىپ چىقتى، بۇنداق زىيالىيلاردىن بىر قىسمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭغا چاچقان ماركسىزم ئۇرۇقىنىڭ بىخلىرى بولۇپ ئۈنۈپ چىقتى. ئۇلار كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ چېنىقىپ، خەلق ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ئابدۇكېرىم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاشۇنداق كوممۇنىزم ئىدىيىسىدىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ بىرى، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتى، ئۇلۇغۋار غايىسى، ئورغۇپ تۇرغان زېھنى، قەتئىيلىكى، كەسكىنلىكى ۋە ئېسىل پەزىلىتى بىلەن باشقا ئىنقىلابىي زىيالىيلاردىن پەرقلىنەتتى. تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ئۆمرىدە، ماركسىزملىق مىللىي كۆزقاراشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، ئۇ خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ، ئۇ ئۆلمەس ئوغلان.

مەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ توغرىسىدا تولۇقراق بىر تەرجىمىھال ئەسەر يازماقچىدىم. بىراق ئاۋۋاللىرى خىزمەت ئالدىراش، ۋاقىت قىس بولدى، ھازىر يېزىشقا شارائىت بولسىمۇ، بىراق قولۇمدىن چېچىلىپ كەتكەن بىرمۇنچە مۇھىم ماتېرىياللارنى يىغالمىدىم، ھازىر قولۇمدا بار ماتېرىيالغا ئاساسەن بۇ كىتابنى يازدىم.

ئابدۇكېرىمنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەريانىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى «تەگرىتاغدا گۈلدۈرماما» (كۆرگەن - بىلگەنلىرىم) دېگەن ئەسىرىمدە تەپسىلىي يېزىلغىنى ئۈچۈن، بۇ ئەسەردە مەخسۇس ئۇنىڭ تىپىك سەرگۈزەشتلىرى ۋە مۇھىم ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرى يېزىلدى. بۇ ئىككى ئەسەردە بەزى تەكرارلىنىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەسەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنـ
قىلابى قىسمىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن ئۈچ ۋىـ
لايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى يولداش ئەخمەتـ
جان قاسىمى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغىنىـ
ئۈچۈن ھەم بۇ ئەسەر مەخسۇس ئابدۇكېرىمگە بېغىشلانـ
غىنى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە يولداش ئەخـ
مەتجان قاسىمى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالمىدىم، كىتابـ
خانلارنىڭ ئەستە تۇتۇشلىرىنى سورايمەن.

يولداش دىڭ لىچۈن شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپمۇ،
كىتابىمنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، مۇھىم تۈزىتىش
پىكرىنى بەردى. مەن يولداش دىڭ لىچۈننىڭ پىكرىگە
ئاساسەن يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ چىقتىم.

بۇ ئەسەردە يېتىشسىزلىكلەر ۋە كەمچىلىكلەر بو-
لۇشى تەبىئىي. كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنى ۋە ئابدۇكېرىمنى بىلىدىغان يولداشلارنىڭ
پىكىر بېرىپ تولدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەسەرنى رەتلەش ۋە تۈزىتىشتە ليۇ جىژىياۋ، لى
جىنچېڭ يولداشلار ئوبدان ياردەم قىلدى. يولداش لى
جىنچېڭ يەنە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى، بۇ يولداشـ
لارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب تۇنجى ئۇچرىشىش


ياش تالانت .................................................. 1
تۇغما قابىلىيەت .................................................. 9
خوشلاشماي ئايرىلىش .................................................. 13


ئىككىنچى باب ئۈمىدلىك يىللار


ئىنتىلىش .................................................. 20
غەمخورلۇق .................................................. 26
مايسا .................................................. 32


ئۈچىنچى باب «خائىنلار» ئەۋلادلىرى


ساۋەنگە قوغلىنىش .................................................. 41
ياش ئوقۇتقۇچى .................................................. 46
موخوركا تەمىزى .................................................. 56


تۆتىنچى باب ئىنقىلاب كويىدا


يېڭى دوستلار .................................................. 62
ئىلى دەرياسى بويىدا .................................................. 70
تەشكىللىنىش .................................................. 74
يول ئىزدەش .................................................. 84
بوۋاق بىلەن مۇگدىشىش .................................................. 92


بەشىنچى باب بوران - چاپقۇنلاردا ئۆلەشىش


غۇلجىغا ھۇجۇم .................................................. 104
يېڭى كۈرەش .................................................. 111

ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ........................ 117
كۆرەش ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى ...... 124

ئالتىنچى باب  ئىپرەن ۋە ئەيرەن

سۆيگۈ تۇيغۇسى ........................ 134
سۆيگۈ رىشتى ........................ 140
قوياش ئاستىدىكى مۇز ........................ 147
ۋەسىيەت ۋە قەسەم ........................ 156

يەتتىنچى باب  تۇسالغۇلارنى بۆسۈپ ئالغا

كۆرەش داۋام قىلماقتا ........................ 169
يېڭى تەشكىلات قۇرۇش ........................ 172
«تۆرە ئاتام»نى ئۇزىتىش ........................ 180
پانتۈركىزمچىلار بىلەن كۆرەش ........................ 184

سەككىزىنچى باب  تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش

تىنچلىق سۆھبىتى ........................ 195
ئوسماننى تارمار قىلىش ........................ 201
تىغمۇ تىغ كۆرەش ........................ 204
مەسئۇتقا تاقابىل تۇرۇش ........................ 218
تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللاش ........................ 224

توققۇزىنچى باب  ئەنجىمەك سەپىرى

پۇرسەت كەلدى ........................ 235
مېيىۋەنگە بېرىش ........................ 240
شىنجاڭغا قايتىش ........................ 264

ئونىنچى باب  قەيسەر ئىنقىلابىي جەڭچى

بايرىقى روشەن ........................ 267
مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ........................ 272
يېڭى تارىخىي باسقۇچ ........................ 287

**ئون بىرىنچى باب نۇرلۇق ئەتە ئۈچۈن**


سايرام بويىدا ........................ 296

بوۋاي بىلەن سۆھبەت ..................... 301

بېيجىڭدىن خۇش خەۋەر .................. 316

ئۇلۇغ سەپەر ........................... 323

قۇربانلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ ... 327

# بىرىنچى باب

## تۇنجى ئۇچرىشىش

### ياش تالانت

مەن ئابدۇكېرىم بىلەن 1937 - يىلى 7 - ئايدا تۇنجى قېتىم ئۇچراشتىم، ئابدۇكېرىم بىلەن بىزنىڭ تۇغقانچىلىقىمىزمۇ بار. بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا روسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپ، هازىرقى سوۋېت قىرغىزىستاننىڭ قاراقول دېگەن رايونىدا ياشاپتىكەن. بىزنىڭ دادىلىرىمىز ئىلگىرى ئۆز ماكانى ئاتۇشقا قايتىپ كەپتىكەندۇق. ئابدۇكېرىمنىڭ دادىسى هاشىم ئاقساقال ئائىلىسىنى ئېلىپ، يەنە بىرمۇنچە تۇغقانلار بىلەن 1926 - يىلى 8 - ئايدا يۇرتقا قايتىپ كېلىپ غۇلجىغا ئورۇنلىشىپتىكەن (كېيىن ئۈچتۇرپانغا كۆچۈپ كېتىپتىكەن). شۇنداق قىلىپ تونۇشمىغان تۇغقانلار بىرىنچى قېتىم تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق.

1937 - يىلى 7 - ئايدا، بىز سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستانىدا ئوقۇغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزگە قايتىش يولىغا چىقتۇق. بىز باقتۇ چېگىرىسى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ چۆچەك ناھىيە-سىگە كەلدۇق. شۇ ۋاقىتتا، ئاتالمىش «جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيان ۋەقەسى» يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بارلىق ما-شىنىلار جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ كېتىلگەنىكەن. تار-باغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى بىزنى ھارۋا بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

بىز 98 ئوقۇغۇچى 25 خادىكقا ئولتۇرۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ، جۇڭغارىيە ئويمانلى-قىنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدۇق.

بىز جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر-قانچە ئەسىرلەر ئىلگىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ئار-قا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن كارامەت تارىخىي تىياتىرلار-نىڭ ئىز كۆرۈنۈشلىرىدىن مېنىڭ ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىۋاستە نەزەر دائىرىسىدە ھېچقانداق تەسىرات قالمى-غانىدى.

مەن ئاتۇش ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا قۇملۇق يات ئەمەس ئىدى، بىراق جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدەك بۇنداق بىپايان چوڭ جەزىرىنىڭ كارامەت ھەيۋىتىنى بۇ دۇنياغا كېلىپ بىرىنچى قېتىم كۆردۈم. بىز ئاۋۇنداق بىپايان، جىمجىتلىق چۆل - جەزىرىدە كېتىپ بارىمىز، ئەگەر بەزىدە ئالدىمىزدىن چۆچۈپ چىقىپ يۈ-

كۆرۈپ كېتىپ بارغان چەرەنلەرنى كۆرمىگەن بولساق،
گويا ھاياتلىقنىڭ ھالاكەت گىردابىغا كىرىپ قالغان-
دەك ھېس قىلىشقان بولاتتۇق.

12 كۈندىن كېيىن، بىز جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن
چىقىپ يەنىسخەيگە كەلدۇق. بۇ يەر تەگرىتېغىنىڭ شىما-
لىي باغرىغا جايلاشقان، بۇ خەنزۇچە ئىسىم بولۇپ، «دې-
ڭىز» مەنىسىدە بولسىمۇ، بىراق بۇ يەردە دېڭىزمۇ يوق،
كۆلمۇ يوق. پەقەتلا تەگرىتېغىدىن چۈشكەن ئېقىندا بىر
ئۆستەڭ سۇ ئاقاتتى، ئۆستەڭنى بويلاپ شىمالدىن جەنۇب-
قا بەش كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تەبىئىي ئورمانلىق
بار، ئەتراپى ياپېشىل، مەنزىرىسى گۈزەل جاي ئىكەن،
بۇ يەردە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتناش لىنىيىسى
بولغان غۇلجا - ئۈرۈمچى تاشيولى چۆچەك تاشيولى بى-
لەن تۇتىشىدۇ.

چۆل - جەزىرىدە 12 كۈن سەپەر قىلىپ، بۇنداق
ئېسىل يەرگە كەلگەندىن كېيىن، كىشىنىڭ روھى كۆتۈ-
رۈلۈپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىكەن. شۇ زامانلا، ساۋاق-
داشلار خۇش بولۇشۇپ، روھلىنىپ كەتتى، ھارۋا توختى-
غاندىن كېيىن، سەيپۇللايۇ بىلەن ئىككىمىز بىر قازاق-
نىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر پاقلان ئالماقچى بولدۇق. قادىر
ھەسەن سوۋېتكە ئوقۇشقا بېرىشتىن بۇرۇن بىر كىچىك
ئوفىتسېر بولغانىدى. ئۇ قوماندانلىق قىلىشقا ماھىر
ئىدى ھەم باشقىلارغا قوماندانلىق قىلىشنى ياخشى كۆ-
رەتتى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە تېزلا ۋاقىت ئىچىدە ئارقا
سەپ تەمىنات سېپى تەشكىللەندى. ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا

ئوت قالاشقا مەسئۇل قىلىندى. ئادەتتە تولا ۋارقىراپ-
جارقىراپ كېتىدىغان ئەبەيدۇللا، تۆت تەرەپكە تارقىلىپ،
ئوتتۇن تېرىۋاتقان ساۋاقداشلارغا بۇيرۇق چىقىرىپ تۇرات-
تى. سەيپۇللا ۋە ئىككىمىز بىر قازاق ئۆيىنىڭ يېنىدىن
بىر سېمىز پاقلاننى بىرىمىز ئالدىدىن سۆرەپ، بىرىمىز
ئارقىدىن ئىتتىرىپ، گۇلخاننىڭ يېنىغا ئەكەلگەندە،
ئەبەيدۇللا ئوت يېقىپ، ئاسما قازاننى تەييارلاپ قو-
يۇپتۇ. قادىر ھەسەننىڭ تەشەببۇس قىلىشى، كۆپچىلىك-
نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مەن پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ
پوكانچىلىق قىلدىم. يېرىم سائەت توشمايلا قوينى سو-
يۇپ، پارچىلاپ تەييار قىلدۇق، مەن قولۇمدىكى قان-
مايلارنى يۇيۇپ، ئەبەيدۇللاغا چاقچاق ئارىلاش: «گۆش
پىشقاندا سەيپىدىن! دەپ ۋارقىراشنى ئۇنتۇپ قالما، سە-
پەردە ھەمراھلارنىڭ رىزقىنى يېۋالغانلار دوزاخقا كى-
رىدۇ، بىلىپ قوي» دېدىم.

مەن ياخشى كۆرىدىغان پۇشكىن شېئىرلىرى توپلى-
مىنى ئېلىپ ئۆستەڭدىكى سۇدىن يېرىمى چىقىپ تۇرغان
تاشنى دەسسەپ ئۆتۈپ، ئۆستەڭگە ئېگىلىپ ياتقان بىر
چوڭ دەرەخكە قاراپ ماڭدىم. مەن دەرەختە پۇتۇمنى سۇغا
چىلاپ ئولتۇرۇپ ئوقاي دېگەنىدىم، بىراق خىيالغا چۆ-
كۈپ كەتتىم، كۆپ يىللار ئايرىلىپ كەتكەن ئانامنى ۋە
ئاكا-سىڭىللىرىمنى ئەسلىدىم، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش
يولۇمنى ئويلاپ كەتتىم. بۇندىن تاشقىرى، سوۋېتتىكى
ۋاقتىمدا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ناھايىتى
چوڭ بولدى، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بىراق چۆچەككە يېتىپ

كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ بىر خىل روھىي بېسىمدا قالغانلىقىنى كۆردۈم، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بەزى سۆزلەر ئادەمنى بىئارام قىلاتتى... تەخمىنەن يېرىم سائەت بولغاندا ئەبەيدۇللانىڭ «سەيپىدىن!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەنلا، بۇ، گۆش پىشقانلىقىنىڭ خەۋىرى، دەپ ئويلاپ دەرھال سۇنى كېچىپ ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ، ئاسما قازاننىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسام ساۋاقداشلىرىم ئۇ يەردە، بۇ يەردە يېتىپ دەم ئېلىشىۋېتىپتۇ، ھارۋىكەشلەرنىڭ بەزىلىرى ھارۋا ياساۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئات بېقىۋاتىدۇ، ئاسما قازاندىن قايناپ ھور چىقىپ تۇرۇپتۇ. گۆش پىشقاننىڭ دېرىكى يوق، مېنى نېمىگە چاقىرغاندۇ دەپ تۇرسام، سەيپۇللايۇ ئوت - چۆپنىڭ ئۈستىدە سىڭايان يېتىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى بىر بالىنى كۆرسىتىپ: «ئاۋۇ بالا سېنى ئىزدەۋاتىدۇ» دېدى، مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام، 16 - 17 ياشلاردا بىر بالا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇ مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتمەيلا ئالدىمغا كېلىپ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ ئەدەبلىك ھالدا: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ ئېگىلدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن: «ئۇكام، سىز كىم بولىسىز؟» دېدىم. يىگىت: «مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇكېرىم، ھاشىم ئاقساقال مېنىڭ دادام بولىدۇ، بوۋامنىڭ ئىسمى ئابباس» دېدى. مەن دەرھاللا بۇ يىگىت مېنىڭ تۇغقىنىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم، بۇ مېنىڭ ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇچراتقان بىرىنچى تۇغقىنىم بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇشلۇقۇم ئىچىمگە پاتماي قالدى.

ئابدۇكېرىم ئۇرۇمچىدە مەكتەپتە ئوقۇيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن تەتىلدە ئىلىغا مېڭىشىدا مۇشۇ يەرگە كېلىپ دەم ئالماقچى بولغاندا، تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ ئوتۇن تېرىۋاتقان ساۋاقداشلىرىمنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ بىزنىڭ سوۋېتتىن قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپتۇ. ئابدۇكېرىم مېنىڭمۇ بۇ يىل ئوقۇشنى پۈتتۈرىدىغانلىقىمنى بىلەتتى، سۈرۈشتە قىلىپ مېنىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ئىزدەپ كەپتۇ.

ئىككىمىز يەردە ئولتۇردۇق، مەن ئۇنىڭدىن ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورىغاندىن كېيىن، مېنىڭ غۇلجىدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئاكامنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىراپ سورىدىم، غۇلجىدىكى ئېسىمگە كەلتۈرەلىگەن بارلىق ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورىدىم. بىراق، مەن تېزلا شۇنى سەزدىمكى، ئابدۇكېرىم مېنىڭ سوئالىمغا قىسقىغىنا جاۋاب بەرگەندىن كېيىنلا، مەندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى، خەلق تۇرمۇشى ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ئەھۋاللىرىنى ئارقا-ئارقىدىن سورىدى، ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن ھەيران قالدىم، چۈنكى بۇ سوئاللار بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ يېشى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بەكمۇ چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ قويغان سوئاللىرىغا بىر-بىرلەپ جاۋاب بەردىم، مېنىڭ بەرگەن جاۋابىمنى، ئۇ ناھايىتى دىققەت بىلەن قىزىقىپ ئاڭلىدى. بولۇپمۇ سوۋېت خەلقىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغانلى-

قىنى. تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ۋە سوۋېت ئىت-
پاقىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان مەدەنىيەت - مائارىپ
ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئىلى-
ھامىنىپ: «سوۋېت خەلقىنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز.
بىزمۇ سوۋېت خەلقىنىڭ يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك» دېدى.
بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇ مەندىن ماركس، ئېن-
گېلس، لېنىن ۋە ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەكەلدى-
ڭىزمۇ، دەپ سورىدى. بولۇپمۇ «كاپىتال»، «دۆلەت ۋە
ئىنقىلاب»، «لېنىنىزىم ئاساسلىرى» دېگەندەك مۇھىم كىلا-
سسىك ئەسەرلەرنىڭ ئىسمىنى دېگەندىن كېيىن، بۇ تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى قانداق قىلىپ بۇ
كىتابلارنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالغاندۇر، دەپ بەكمۇ ھەيران
قالدىم.

مەن سوۋېتتە بىرقانچە يىل تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ
ئەھۋالىدىن كۆپ خەۋەردار بولالمىغانىدىم. بولۇپمۇ چېن
تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلار باشلىق جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىنىڭ شىنجاڭدا قىلغان كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئەھ-
ۋالىدىن بىلىدىغىنىم ناھايىتى ئاز ئىدى. كېيىن ئانچە
ئۇزاق ئۆتمەي، بىرىنچى قېتىم ئابدۇكېرىم بىلەن كۆرۈش-
كەندە، ئابدۇكېرىمدا كۆرۈنگەن سىياسىي قىزغىنلىق پۇ-
تۇناي پارتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمىتىنىڭ ئەكس ئې-
تىشى ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەنلىكىمنى
چۈشەندىم.

ئابدۇكېرىمنىڭ قويغان سوئاللىرى ھەقىقەتەن
مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى. مەن ئىخلاس بىلەن: «بۇ

كىتابلارنى ئەكەلدىم، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى رۇسچە ياكى بولمىسا ئۆزبېكچە، سىز ئوقۇيالامسىز؟» دەپ سورىدىم.

ئابدۇكېرىم گېپىمنى ئاڭلاپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا كۈلۈپ قويدى، ئۇ: «ئىست، رۇسچىنى بىلمەيدىكەنمەن، ئۆزبېكچىنى ئوقۇيالايمەن» دېدى. ئۇ سەل تۇرۇپ يەنە: «خەنزۇچىسىدىن بارمۇ؟ مەن خەنزۇچىنى بىلىمەن» دېدى. ئۇنىڭ خەنزۇچىنى بىلىمەن دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، مەن يەنە بىر قېتىم ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن: «سىز راست خەنزۇچە بىلەمسىز؟» دەپ سورىدىم، ئابدۇكېرىم بېشىنى سەل - پەل لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا: «مەن ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن، ئۇ خەنزۇچە مەكتەپ» دېدى، ئۇنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا بىرمۇنچە مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۆزىچە خەنزۇچىنى ئۆگىنىۋېلىش دۇنيادا ئەڭ مۇشكۇل ئىش دەپ قارايتتى.

مەن كىتاب ساندۇقۇمنى ئېچىپ، ئۆزبېكچە «لېنىنىزم مەسىلىلىرى»، «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، «ئانا» دېگەن كىتابلارنى بەردىم. ئۇنىڭ كىتابلارنى باغرىغا بېسىپ ھاياجانلانغانلىقى ھازىرغىچە ئېسىمدە.

«ئابدۇكېرىم، ماڭدۇق!» دېگەن ئاۋاز مېنىڭ خىيالىمنى بۇزۇۋەتتى ھەم ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈۋەتتى. ئابدۇكېرىم كەينىگە بۇرۇلۇپ ھارۋىغا چىقىۋاتقان ھەمراھلىرىغا قاراپ: «سەيپىدىن ئاكا، خوش، كېيىن

كۆرۈشەرمىز» دېدى. مەن: «ئۈرۈمچىدە كۆرۈشەرمىز. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن ھاشىم تاغامغا، ھاشىخان ئاپامغا، تۇغقانلارغا سالام ئېيتىپ قويۇڭ» دېدىم. ئابدۇكېرىم: «ماقۇل» دەپ ھارۋىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن كېتىپ بارغان ئابدۇكېرىمغا قاراپ باياتىن ئۇنىڭ قويغان سوئاللىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق ياشتىكى باللار كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە دىققەت قىلىدىغان مەسىلە ئەمەس، دېگەن خىيال كاللامدا قايتا-قايتا پەيدا بولدى.

مەن ئابدۇكېرىم بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ تېخى كىچىك بالا تۇرسا، ئىنقىلاب، پەلسەپە، پرولېتارىيات دېگەنلەرنى قانداق بىلگەندۇر، دەپ كۆپ ئويلىدىم، كېيىن بۇنىڭ ھەممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن يولداشلارنىڭ جاپالىق خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن بىرقانچە يىل دۆلەت سىرتىدا تۇرغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچىل دائىرىلەرنىڭ قامال قىلغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىسىنى بىلمەيتتىم.

## تۇغما قابىلىيەت

ئابدۇكېرىم بىلەن مەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، بىزنىڭ مۇڭداشقان ۋاقتىمىز قىسقا بولغان بول-

مۇ. ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى مېنى بەك تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ بىلىمگە بەك تەشنا، ئالغا بېسىش ئارزۇسى كۈچلۈك، مېڭىسى ئۆتكۈر، غايىسى ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى، خۇددى ماگنىتتەك، مېنىڭ دىققىتىمنى جەلپ قىلىۋالدى. ئىچىمدە، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تۇغما قابىلىيەتلىك ياش ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئابدۇكېرىمدىكى بۇ تالانت ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن، كىشىگە ھەم كۆزىتىش، ھەم سىناش ئالامىتى بىلەن قاراشلىرىدىن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېنى تېپىشى يالغۇز تۇغقىنى بىلەن كۆرۈشۈشلا ئەمەس، بەلكى ئاساسىي مەقسىتى، مەدەنىي ئىنقىلاب قىلىش قائىدىلىرى توغرىسىدا ئاڭلاش ھەم مەدەنىي شىنجاڭدا تېخى تېپىلمايدىغان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىلىدىكى نەزەرىيىۋى كىتابلارنى ئېلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مانا قاراڭ، 16 ياشتىكى بىر بالا ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە شۇنچە تەشنا بولغان. بۇ نېمە دېگەن قىممەتلىك پەزىلەت!

1943 - يىلى، يەنى ئالتە يىلدىن كېيىن، ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئىلىدا ئۇچراشتىم. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1949 - يىلى ئۇ بەختسىزلىككە ئۇچراپ ۋاپات بولغۇچە بىللە بولدۇق، بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم تېخى ياش بولسىمۇ، بىراق ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغانلىقى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىيەتتە

جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، قىسقى-
غىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىدىيىدە تازا ئىلگىرىلەپ، سىياسىي
جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.
ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە ئىلغار ياش ئابدۇكېرىم
شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ باقمىغان دېموكراتىك ئىنقىلابىي
ھەرىكەتنى قوزغىغان يادرولۇق رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولدى.
بۇ ۋاقىتتىكى ئابدۇكېرىم مېنىڭ يېقىن سەپدىشىم ئىدى.
ئورتاق تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە كۈرەشلەر جەريانىدا، ئىك-
كىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھايات - ماماتتا بىللە بولۇشتەك
چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلدى.

1943 - يىلى ئىنقىلابنى قوزغاش خىزمىتى باشلان-
دى. تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بو-
لۇشى ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇ-
شىنى بەلگىلەيتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋاقىتتا، ئابدۇ-
كېرىم ئىنقىلابىي جامائەت پىكرىنى قوزغاشتىن تارتىپ
تاكى قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەشكە قەدەر نۇرغۇن
ئىشلارنى قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن، ئىدى-
يە تەييارلىقى ۋە ماددىي تەييارلىقلارنى ئوبدان ئىشلى-
دى. ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كې-
يىن بەش يىلغىچە داۋام قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
قوراللىق كۈرىشى جەريانىدا، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى،
ئىسھاقبېك مونونوۋ، دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ قاتارلىق
يولداشلار بىلەن بىللە، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋەتەننى پار-
چىلاش سۇيىقەستىنى قەتئىي تارمار قىلىپ، دۆلەت تېر-
رىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىدى؛

ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي مۇناسىۋەتتە
يۈز بەرگەن بەزى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە ئىككىلەنمەس-
تىن ئاكتىپ قاتناشتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ پروگراممىسىنى ۋە سىياسەتلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن
تەشۋىق قىلدى؛ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى
ھەمدە ئاكتىپ ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتى بىلەن ئۆزلۈكسىز ئالاقە باغلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بەردى. 1949 - يى-
لى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىش
ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتتى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
ئارقىلىق گېنېرال تاۋ سىيۆ ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدى-
لەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بى-
لەن ئازاد قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابدۇكېرىم،
ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوۋ، دەلىلقان سۇ-
گۇربايوۋ، لو زى قاتارلىق يولداشلار بېيجىڭغا بې-
رىپ مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كې-
ڭەشى يىغىنىغا قاتناشماقچى بولۇپ يولغا چىقىشقا تەي-
يارلاندى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئابدۇكېرىم ئىككىمىز
بىزنىڭ ئۆيدە خۇشاللىق بىلەن تون بويى پاراڭلاشتۇق،
ئۇ بەزىدە خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە پاتماي ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىپ، ئۇياققا - بۇياققا ماڭاتتى، بەزىدە ئۇس-

تەلنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېلىپ ھاياجانلانغان ھالدا: «تاڭ نۇرى جۇڭخۇا زېمىنىنى يورۇتتى! بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋە يولداش جۇ دېنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى شىنجاڭ قۇرىمىز، يېڭى جۇڭگو قۇرىمىز!» دەپ تەكرارلايتتى. بۇ ئابدۇكېرىمنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، يولداش ماۋ زېدۇڭغا ۋە يولداش جۇ دېغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى. بىراق، بىزنىڭ تۇنجى قىلغان بۇ سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرقى خوشلىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مەن زادىلا ئويلىمىغانىدىم.

شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ بىر مۇنەۋۋەر ئوغلىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدى. شۈبھىسىزكى، بۇ زور يوقىتىش بولدى.

## خوشلاشماي ئايرىلىش

مەن ئابدۇكېرىم بىلەن يەنسخەيدە خوشلاشقانىدا، «ئۈرۈمچىدە كۆرۈشەرمىز» دېگەنىدىم. چۈنكى بىز ئۈرۈمچىگە باراتتۇق. ئابدۇكېرىملەرمۇ غۇلجىدا دەم ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلەتتى. ھەممىمىز ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان بولغاچقا، دائىم كۆرۈشۈپ تۇرۇشىمىزدا مەسىلە يوق ئىدى. بىراق، بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدىن كېيىن، ئويلىمىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كەلدۇق. ئۇ چاغدا شېڭ شىسەي «جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانى»نى

بىسىقتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئۈرۈمچىدە قاتتىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ يىغىلىشىنى مەنئى قىلدى. تۇغقانلار بىلەن، دوستلار بىلەن ئىزدىشىش ئاسان بولمىدى. بولۇپمۇ «خائىنلار ئەۋلادلىرى» بىلەن ئۈچرىشىش، بېرىش - كېلىش قىلىش ئىنتايىن قىيىن ۋە خەتەرلىك ئىدى، ئۈرۈمچى شەھىرى پۈتۈنلەي ئاق تېررورلۇق ئاستىدا قالغانىدى. مەن ئۈرۈمچىدە بىرقانچە ئاي تۇرۇپ، ئابدۇكېرىم بىلەن زادىلا ئالاقىلىشەلمىدىم، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم، كېيىن چۆچەككە خىزمەتكە كەتتىم.

بىز ھارۋا بىلەن جاپالىق سەپەر قىلىپ، ماناسقا كەلدۇق، شېڭ شىسەينىڭ بىر فۇگۇەنجىگى بىرنەچچە يۈك ماشىنىسى بىلەن ماناسقا كېلىپ، بىزنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. بىز ماشىنىغا چىققانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشال بولۇشۇپ، روھلىنىپ قالدۇق. بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى مېڭ يىمىڭ غەربىي باغچىدا بىزنى چاي بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ، شېڭ شىسەينىڭ بىزگە قىلغان «غەمخورلۇقى» بولسا كېرەك. بىراق، مېڭ يىمىڭنىڭ سۆزىدىن ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى قارىشىنى ھەم بىزگە قويىدىغان تەلىپىنى بىلىۋالدۇق. ئۇنىڭ سۆزىدە: «شىنجاڭ جەمئىيىتى تىنچ، ئۇلۇغ داھىيىمىز شېڭ دۇبەننىڭ رەھبەرلىكىدە، جاھانگىرلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانىنى باستۇردۇق؛ ماتۇت سىجاڭ خائىنلىق قىلىپ

چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى؛ ھازىر چاھانگىرلارنىڭ غال-
چىلىرىنى تازىلاۋاتىمىز: سىلەر ئۇلۇغ داھىيىمىز شىڭ دۇ-
بەننىڭ سەممىي غەمخورلۇقى بىلەن سوۋېتتە ئوقۇپ كەل-
دىڭلار. ئەمدى ئۇلۇغ داھىيىمىز شىڭ دۇبەننىڭ رەھبەر-
لىكىدە ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىشىڭ-
لار، مىللەتچىلەرگە، تروتسكىچىلارغا، چەت ئەل جاھان-
گىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى غالچىلىرىغا قارشى قەتئىي كۈ-
رەش قىلىشىڭلار كېرەك...» دېگەنگە ئوخشىغان گەپلەر
تەكىتلەندى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۆزى تۇر-
دىغان جاي — دۇخخوايۈەن دېگەن ھويلىنىڭ بىر زالىدا
بىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى سەممىي،
گەپلىرى يۇمشاقتەك كۆرۈندى، بىراق، ئۇنىڭ بىزگە قوي-
غان تەلىپى تېخىمۇ ئوچۇق، تېخىمۇ قاتتىق بولدى. بىز:
ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىقىمىز كېرەك ئىكەن. خىلاپلىق
قىلساق، ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرايدىكەن، دەپ ئويلى-
دۇق. ئۇنىڭ سۆزى بىزگە ۋەھىمە ھېس قىلدۇردى، بىز
بۇ زالدىن ئەنە شۇنداق ھېسسىيات بىلەن چىقتۇق. بۇ
شىڭ شىسەينىڭ بىزگە قىلغان چەكسىز «غەمخورلۇقى» ئى-
كەن. شىڭ شىسەينىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بۇنىڭ بىلەن تۈ-
گىمىدى. ئۇ بىزگە يەنە ئىككى ئايدەك «دەرس» ئۆتتى،
ھەپتىدە بىر - ئىككى سائەت سۆزلەيدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا
بىز مۇزاكىرە قىلىمىز.

ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە جىددىي-
لىشىپ باردى. جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانىغا مۇناسىۋەتلىك

دەپ قارالغان نۇرغۇن ئادەملەر باستۇرۇلدى، شۇنىڭغا
ئۇلاپلا، «جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسلىرى» نى تازىلاش،
«مىللەتچىلەر» نى، «خائىنلار» نى قولغا ئېلىشقا ئوخـ
شاش ھەرىكەتلەر بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن ياخـ
شى ئادەملەر قولغا ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇزاق ئۆتـ
مەي، قۇمۇل خەلقى ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى، شىنـ
جاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز
ھاجىمۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، ئۈرۈمچىنى
دەھشەت تۇمانلىرى قاپلىدى، بۇ شىڭ شىسەينىڭ شىنـ
جاڭدىكى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ باستۇرۇش سۈيقەستى
ئىدى.

بۇ مەزگىلدە شىڭ شىسەي بىر تەرەپتىن قوراللىق
باستۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىگۇناھ ئاممىنى زور كۆلەمدە
قولغا ئېلىپ ئۆلتۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ۋاقىتنىڭ
ۋەزىيىتىدە خېلى ئىلغار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ،
مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. شىڭ
شىسەينىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ زادى قايسىسى راست؟
دېگەن مەسىلە كىشىلەردە گۇمان تۇغدۇرماقتا ئىدى.

چوڭ ئۈمىد ھەم ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ
سوۋېتتە ئوقۇپ قايتقان بىز ياشلار (بىزدىن ئاۋۋال
بىرىنچى قېتىملىق ئوقۇشتا 100 بالا پۈتتۈرۈپ قايتقان)
بۇ دەھشەتلىك ۋەزىيەتنى كۆرۈپ، بارغانسېرى تەشۋىشـ
لىنىدىغان، ئۈمىدسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئەمما
كىشىنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس ئىـ
دى. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينى، شىڭ

شىسەينىڭ سىياسەتلىرىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەربىي، ئىق-
تىسادىي ياردەملەرنى بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىرمۇنچە
سوۋېت كادىرلىرى شېڭ شىسەينىڭ يېنىدا ۋە بەزى ئو-
رۇنلاردا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى، باستۇ-
رۇش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئورۇنلىرىدىمۇ سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى بار ئىدى. بۇنىڭ-
دىن تاشقىرى، 1938 - يىلى شېڭ شىسەي موسكۋاغا بې-
رىپ كەلدى، ئاڭلىشىمىزچە تېخى ستالىن ئۇنى ھۆرمەت
بىلەن قارشى ئاپتۇدەك (ستالىنىنىڭ بوسۇغىسىغا ئۇن-
داق - مۇنداق كىشىلەر بارالمايتتى).

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە
ئىشىنىش، ستالىنغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى بىلەن قايتقان
بىرىدە ۋە شۇ خىل ئىدىيىدىكى باشقا نۇرغۇنلىغان ياش
زىيالىيلاردا «سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، بولۇپمۇ ستالىنىنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئىش توغرا، جۈملىدىن شېڭ
شىسەينىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمۇ خاتا بولمىسا كېرەك»
دەيدىغان قاراشلار بار ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ يەنە بىر چوڭ ئالدامچىلىق ۋاسى-
تىسى شۇ ئىدىكى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتىغا ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئىلتىماس
يېزىپ، نۇرغۇن كوممۇنىست كادىرلارنى ئالدۇرۇپتۇ. بۇ
يولداشلارنىڭ بىرقىسمى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدە، كۆپرەكى
مەدەنىيەت - مائارىپ، تەشۋىقات ساھەلىرىدە ئىشلەيدى-
كەن. شۇ مەزگىلدە گېزىت - ژۇرناللاردا، يۇقىرى مەك-
تەپ دەرسلىكلىرىدە ۋە مەجلىسلەردە ماركسىزم نەزەر-

يىسى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلار، سوۋېت ئىتتىپاقىنى قول-
لاش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللاش توغرىسى-
دىكى سۆزلەر كۆپەيدى. ھەتتا شىڭ شىسەيىنىڭ ئۆزىمۇ:
«سەنمىنجۇيى خەلقنى ئازاد قىلالمايدۇ، خەلقنى ئازاد-
لىققا چىقىرالايدىغان بىردىنبىر يېتەكچى ئىدىيە
ماركسىزم - لېنىنىزم... بىزنىڭ ھازىرقى فەندىخۇي (جا-
ھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى) كەلگۈسىدە بىزدە
قۇرۇلىدىغان كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاسا-
سى...» دېگەنگە ئوخشاش ئالدامچىلىق تەشۋىقاتلىرىنى
ھەدەپ ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

بىز سوۋېتتىن قايتىپ كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ۋە-
زىيىتى ئەنە شۇنداق ئىكەن. بىر ياقتىن ئالداش، بىر
ياقتىن باستۇرۇش. جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ زىيالىيلار ئارى-
سىدا كەڭ كۆلەملىك ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بې-
رىش، زىيالىيلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت زىيا-
لىيلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش — مانا
بۇلار كىشىلەردە بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، بىر - بى-
رىدىن پەخەس بولۇشتەك روھىي ھالەتلەرنى، تۇتقۇن قى-
لىنىپ كېتەرمىزمىكىن، كاللىمىزدىن ئايرىلىپ قالارمىز-
مىكىن دەيدىغان ئەندىشە ۋە خاتىرجەمسىزلىكلەرنى پەي-
دا قىلدى. «خائىنلار ئەۋلادلىرى» دىن بولغان كىشىلەر
قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلار تېخىمۇ
قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزەتتى (ئۇ ۋاقىتتا،
قولغا ئېلىنغانلار «خائىنلار» دېيىلەتتى. «خائىنلار ئەۋ-
لادلىرى» ياكى چەت جايلارغا سۈرگۈن قىلىناتتى، ياكى

قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىناتتى. ئابدۇكېرىمنىڭ دا-
دىسى قولغا ئېلىنغانىدى، مېنىڭمۇ ئۈچ ئاكام، بىر ئىنىم
قولغا ئېلىنغانىدى، شۇڭا ئىككىمىز «خائىنلار ئەۋلادلى-
رى» بولغانلىقتىن، شۇنداق نازارەت ئاستىدا. ۋەھىمە
ئىچىدە ئۆتەتتۇق). ئاشۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئىچىدە،
مەن ئابدۇكېرىمنى ئىزدىيەلمىدىم، ئۇمۇ مېنى ئىزدىيەل-
مىگەن بولسا كېرەك. مەن چۆچەككە كېتىشىنىڭ ئالدىدا،
سىفەن مەكتىپىگە، ئۇزاق ئۆتمەي گېزىتخانىغا خىزمەتكە
تەيىنلەندىم، يەنە بىر ھەپتە ئۆتمەيلا چۆچەككە خىزمەتكە
ماگدۇرۇلىدىغان بولدۇم، كېيىن بىلسەم، بۇ مېنى خىز-
مەتكە تەيىنلەش بولماستىن، سۈرگۈن قىلىش ئىكەن. مەن
ئۈرۈمچىدىن كېتىدىغان بولۇۋاتىمەن، ئابدۇكېرىمنىڭ
ئامانلىقىدىن بارغانسېرى ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم.
يولغا چىقىش ئالدىدا، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئۇقۇشۇپ
باقايچۇ، دەپ ئىمىنوۋ مەمەتئىمىن (ئۇ «فەندىخۇي»
ژۇرنىلى تەھرىراتىدا ئىشلەيتتى) نىڭ قېشىغا بېرىپ:
«ئابدۇكېرىمنى ئىزدەشكە بولارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ
ماڭا سىرلىق قىلىپ: «ئىزدەشمەي كېتىۋەرسىڭىز ياخشى
بولارمىكىن» دېدى. ئۇنىڭمۇ مەن بىلەن، ئابدۇكېرىم بى-
لەن تونۇشقانلىقى بار ئىدى. دادىسى قولغا ئېلىنغان-
لىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ «خائىنلار ئەۋلادى» بولۇپ قالغانى-
دى؛ ئىمىنوۋنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ مېنى ئاگاھلاندۇر-
ماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئابدۇكېرىم بىلەن تۇنجى
قېتىم ئۇچراشقاندا: «ئۈرۈمچىدە كۆرۈشىمىز» دېگەن ئۈ-
مىدىم ئەمەلگە ئاشمىدى.

# ئىككىنچى باب

## ئۈمىدلىك يىللار

### ئىنتىلىش

1936 - يىلى ئابدۇكېرىم ئۈچتۇرپاندا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتتى. ئۇ ۋاقىتتا، شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل رەزىل قىياپىتى تېخى تولۇق ئاشكارىلانمىغانىدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ھەرخىل ئىشلىرى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنىدى، مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتتە، ئابدۇكېرىم ئوقۇشنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ قالغانىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا، ئۈچتۇرپاندىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئۇيغۇر ئائىلىلىرى يېڭى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بالىلىرىنى يېڭى مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇتۇشنى خالى-

ـمايتتى، دىنىي مـەكتەپلەرگە بېرىشنى خالايتتى. ئابدۇـ
كېرىم باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا
مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى بەك ئارزۇ
قىلاتتى، بىراق، ئۇچتۇرپاندىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش
سەۋىيىسى ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. ئۇ ئوقۇتۇش
سەۋىيىسى يۇقىرىراق مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى،
بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە، ھەتتا مۇمكىن بولسا، سوۋېت
ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇش كېرەك. بىراق، سوۋېت ئىتتىـ
ـپاقىغا بېرىپ ئوقۇش ئاسان ئەمەس ئىدى، بۇنداق مەقـ
ـسەتكە ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى ياكى ئەمەلدارلارنىڭ
تونۇشلىرىنىڭ، دوست ـ ئاغىنىلىرىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانـ
ـلىرىنىڭ بالىلىرىلا يېتەلەيتتى. قىسقىسى بۇنداق ئارزۇـ
ـسى بار ياشلارنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇشى كېرەك ئىدى.
بىرمۇنچە ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئارزۇغا ۋە
يۆلەنچۈككە ئىگە بولۇشلا كۇپايە قىلمايتتى، يەنە تېخى
دادىسى، ئائىلىسى ئۇنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلغان بوـ
ـلۇشى، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئابدۇكېرىم بۇ قېتىم بەختكە يارىشا دادىسىنىڭ
قوللىشىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ دادىسى ھاشىم ئاقساقال
بۇرۇن روسىيىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، جۇڭگو
مۇھاجىرلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن (بۇ ۋاـ
ـقىتلاردا روسىيە تەۋەسىدىكى جۇڭگو كونسۇلخانىلىرى
جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى باشقۇرۇشقا ئابرويلۇق، تەدبىرلىك
بىرەر كىشىنى مەسئۇل قىلىپ قويىدىكەن). ئۇ ئاق كۆـ
ـڭۈل ئادەم بولۇپ، ئىشنى خالىس باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن،

مۇھاجىرلارنىڭ ئالقىشىغا ئېگە بولۇپ، «ئاقساقال» دەپ ئاتالغانىكەن، ھاشىم ئاقساقالنىڭ روسىيەدە ياشىغان ۋاقتى- تا، ئۇياقنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانى- لىقىدا گەپ يوق. ئۇ بالىلىرىنىڭ ئىلاج بار ياخشى تەربى- يە ئېلىپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان ئادەملەردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. دېمەك، ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ ئار- زۇسىنى تولۇق قوللايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھاشىم ئاقسا- قال 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى خەلق قوراللىق قوز- غىلاڭلىرى مەزگىلىدە، خوجانىياز ھاجى بىلەن، شۇنىڭدەك قوزغىلاڭنىڭ باشقا بىرقانچە باشلىقى بىلەن تونۇشۇپ يېقىن ئالاقىدە بولغان. ھاشىم ئاقساقال مۇشۇنداق ئىلغار پىكىرلىك ئادەملەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئۇ- رۇق - تۇغقانلارنىڭ غەيۋەتگە قارىماي، غەيرەتكە كېلىپ، ئابدۇكېرىمنى ئۈرۈمچىدىكى يېڭى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن.

كېيىن ئابدۇكېرىم شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەس- لەپ كېلىپ: «ئۇ مېنىڭ ئەقلىمگە كەلگەندىن كېيىن ئا- ئىلىدىن بىرىنچى قېتىم ئايرىلىپ ئۇزاق سەپەرگە ماڭ- غانلىقىم بولىدۇ. مەن ئۈچتۇرپاندىن ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ئاقسۇغا كېتىۋاتىمەن، ئاستا ئايلىنىۋاتقان چاقىقا قا- راپ، خىيالغا چۆمىمەن. چاقنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى بى- لەن، ئاتا - ئانامدىن ۋە ئاكا - ئۇكىلىرىمدىن ئايرى- لىپ شۇنچە يىراققا كېتىۋاتقاندەك بولىمەن. شۇنداق قى- لىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ بار- دىم. دەسلەپكى تەسىراتىم شۇنداق بولدىكى، خۇددى

بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قالغاندەك بولدۇم، كوچىلار شۇنداق رەتلىك، ئادەملەر ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرغان. ئاقسۇدا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە يەنە سەپەرگە ئاتلاندۇق، چاي ۋاقتىغىچە بىز شەھەردىن چىقىپ بولدۇق. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا، چۆل - جەزىرىگە يېتىپ كەلدۇق، ئەتراپتا ھېچقانداق يېزا - كەنت كۆرۈنمەيتتى، ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇشتۇمتۇتلا، مەكتەپتە جۇغراپىيە دەرسى ئوقۇغاندا كۆرگەن جۇڭگو خەرىتىسى ئېسىمگە كەلدى. ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى بىر بارماقمۇ چىقمايتتى، بىراق بىز ئۈچ كۈندە ئاران يېتىپ بولدۇق، ئاقسۇ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى بولسا دەل بىر تال سەرەڭگىدەك كېلىدىكەن. ۋاي خۇدايىم، بۇنداق ئۇزاق يولنى قاچانمۇ مېڭىپ بولارمىز، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۈتۈن جۇڭگونىڭ خەرىتىسىنى ئەسلىدىم: جۇڭگو خەرىتىسى شەرقتىن غەربكىچە بىر غېرىچ كېلىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغىمۇ ئازغىنا كەم بىر غېرىچ كېلىدۇ، جۇڭگو نېمىدېگەن ئۇلۇغ زېمىن - ھە! دەپ ئويلىدىم» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم 30 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە كۈندۈزى مېڭىپ، كېچىسى قونۇپ، شۇ يىلى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. دەسلەپتە ئابدۇكېرىمنىڭ دادىسى ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ قويۇشنى شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خو-

جانىياز ھاجىغا مۇراجىئەت قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ رۇس-
چىنى ئوقۇپ، كېيىن ئۈچىنچى تۈركۈمدە سوۋېتكە ئەۋە-
تىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ قېلىشىنى ئۈمىد
قىلغانىكەن. بىراق، ئابدۇكېرىم رۇس مەكتىپىدە تۆت -
بەش ئاي ئوقۇپلا، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە
كىرىپ خەنزۇچە ئوقۇپتۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئابدۇكېرىم ماڭا ئۆزىنىڭ مەك-
تەپ تاللىغان ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:
«مەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇچتۇرپاندىن ئۈرۈم-
چىگە كەلگۈچە تۇنجى قېتىم چۈشەندىم. ئۇچتۇرپاندىن
ئۈرۈمچىگە كېلىش پەقەتلا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىراق تەرىپى-
دىن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەنلىكلا بولىدىكەن،
مۇشۇنچىلىك جايدا شۇنچىۋالا ئۇزاق يولنى باستىم. بىز-
نىڭ جۇڭگودا شىنجاڭغا ئوخشاش ئۆلكىلەردىن بىرقان-
چە ئونى بار، بۇنىڭدىن ۋەتىنىمىزنىڭ نەقەدەر چوڭلۇ-
قىنى بىلگىلى بولىدۇ، مەن ئۆزدۆلىتىمنى ئوبدان چۈشىنى-
ۋالاي دېگەن مەقسەت بىلەن خەنزۇچە ئوقۇش قارارىغا
كەلگەنىدىم».

ئابدۇكېرىمنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى
كەيپىياتىنى يىغىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ يىللارنى ئابدۇكېرىم
ئۈچۈن ئۈمىدلىك يىللار دېيىشكە بولاتتى.

1937 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە بولغان مەزگىل
شېڭ شىسەي ھەدەپ قىرغىنچىلىق قىلغان ۋە فاشىستلىق
ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەن مەزگىل بولدى. لېكىن ئۇ
ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىتىنى يالڭاچلا يولغا

قويماي، ئالدامچىلىق سىياسىتىنى ۋە ئىلغار شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئەپتبەشىرىسىنى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇردى، ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى پەردازلىدى. ئۇ شۇنداق ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم چۈشەكچى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ شۇنداق ئۇسۇل بىلەن خېلى ئۇنۇم ھاسىل قىلدى، بىر مۇنچە كىشىلەرنى ئۇنىڭ قولىدىن ياخشىلىق كېلىدىغان ئوخشايدۇ، دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىك سىياسەتلىرىنىڭ مۇھىملىرى: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتە تۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللاش، جياڭجيېشى ھۆكۈمىتىدىن ۋە سەنمىنجۇيىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولدى. شېڭ شىسەي بۇ ھىيلىگەرلىك سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەم خەلقنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى رەت قىلالمىغانلىقتىن، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىنقىلابىيلىقى»نى كۆرسەتمەك ئۈچۈن، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىشكە ۋە تەشۋىق قىلىشقا يول قويدى. بۇ، شۇ كۈنلەردە، بولۇپمۇ ئىلغار ياش زىيالىيلارنىڭ رەت قىلىپ بولمايدىغان تەلىپى ئىدى. شېڭ شىسەي قانداق ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلەتسىمۇ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تارقىلىشىغا نائىلاج يول قويدى، بۇ ھال ماركسىزمنىڭ تارقىلىشىغا ئوبدان پۇرسەت بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتې-

تىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇقاتارلىق يولداشلار شىنجاڭغا كېلىپ، مۇشۇ پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش، مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، خىيانەتچى- پارىخورلارنى تازىلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ما-ئارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىجتى-مائىي قىياپىتىنى خېلى ئۆزگەرتتى. بۇ ۋاقىت ياپون باس-قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىنتايىن جىددىي بولۇۋات-قان مەزگىل ئىدى، جاھانگىرلىككە، ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى تۇرۇش شوئارى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان غايەت زور كۈچكە، شىنجاڭ جەمئىيىتىنى ئالغا سۈرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈر-گۈچ كۈچكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ئىلگىرىلىتىش شوئارلىرى تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى. دېمەك، شىنجاڭنىڭ سىياسىي كەيپىياتىدا جانلىق ئەھۋال مەيدان-غا كەلگەنىدى. ئەمدىگىنە 16 ياشقا كىرگەن، مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا تۇرغان ئۆسمۈر ئابدۇكېرىمنىڭ قەلبىدە زور ئۈمىدۋارلىق پەيدا بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

## غەمخورلۇق

ئابدۇكېرىم دادىسىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئۆل-كىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن بولسىمۇ، كۆپ يىل-

لاردىن بۇيان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار سىنىپى يۈرگۈزگەن
مىللىي زۇلۇم سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي ئۆچـ
مەنلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ كىچىك
قەلبىدە پەيدا بولغان ئەندىشە يوقاپ كەتمىگەنىدى. ئابـ
دۇكېرىم ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېـ
يىنكى بىرىنچى ھەپتىدە بەك ئېھتىياتچان بولدى، ئادەتتە
دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، دەرسخانىدا يالغۇز قېپقالاتـ
تى. ئەتراپىدىكى خەنزۇ ساۋاقداشلارنى ئوبدان چۈشىنىپ
كەتمىگەچكە، ئۇلار مېنى بوزەك قىلارمىكىن دەپ، ئىمـ
كىنقەدەر ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكىرەك تارتىپ يۈرەتتى.

ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كۆپچىلىك ئوقۇـ
غۇچىلىرى مەكتەپتە ياتاتتى. ئابدۇكېرىم دادىسىنىڭ بىر
دوستىنىڭ ئۆيىدە ياتاتتى، بۇ ئۆيدىن 1 - ئوتتۇرا مەكـ
تەپكە توپتوغرا ئىككى يېرىم كىلومېتر يول مېڭىشقا
توغرا كېلەتتى. ئابدۇكېرىم 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرـ
گەندىن كېيىنكى ئىككىنچى ھەپتىنىڭ بىرىنچى دەرسىگە
كېچىكىپ قالدى، ئۇ كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ كۈز پەسلىدە
بولۇپ تۇرىدىغان بوران - يامغۇرلۇق كۈن ئىدى، ئابـ
دۇكېرىم ئىككى يېرىم كىلومېترلىق يولنى پىيادە بېسىپ
مەكتەپكە كەلگەندە قوڭغۇراق ئاللىقاچان چېلىنىپ بولـ
غان، بۇ ۋاقىتتا، ئابدۇكېرىمنىڭ پۈتۈن كىيىملىرى ھۆل
بولۇپ كەتكەن، ئۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە سىنىپ ئالـ
دىغا كېلىپ، كىرەيمۇ - كىرمەيمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغانـ
دا، دەرسخانىدىكى مۇئەللىم لىۋ زىپىڭنىڭ: «ساۋاقداش

ئابدۇكېرىم، كىرىڭ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئابدۇ-
كېرىم بىر ئاز خىجالەتچىلىك بىلەن سىنىپقا كىردى-يۇ،
ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، تەن جازاسىنى كۈتۈپ ئىك-
كى قولىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى. ليۇ زىپىڭ مۇئەللىم كې-
يىمى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەن ئابدۇكېرىمنىڭ بې-
شىدىن ئايىغىغىچە قارىۋېتىپ، تەسىرلەنگەن ھالدا سى-
نىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا: «بۇ ئۇيغۇر ساۋاقداش مۇشۇنداق
بوران - يامغۇردىمۇ مەكتەپكە كەپتۇ، بۇ خىل
روھ ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ» دەيدۇ.
ئابدۇكېرىم ئۇ ۋاقىتتا خەنزۇچىنى ئانچە بىلمىگەچ-
كە، مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ، مۇئەللىم
بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنەر - چۈشەنمەسلىكىگە
قارىماي، ئۇيغۇرچە: «مەن قەستەن كېچىكىپ كەلمىدىم»
دەيدۇ، سۆز ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن مۇئەللىم ۋە ئوقۇ-
غۇچىلار ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەي قالىدۇ، ھې-
لىمۇ ياخشى سىنىپتا ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان ئىلىلىق
بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى بار ئىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن ئابدۇ-
كېرىمنىڭ سۆزىنى مۇئەللىم بىلەن ساۋاقداشلارغا تەرجى-
مە قىلىپ بېرىپ، ئاندىن مۇئەللىمنىڭ سۆزىنىمۇ ئاب-
دۇكېرىمگە تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. ئابدۇكېرىم چۈشەن-
گەندىن كېيىن، ھاياجانلىنىپ، ئالغا بىر قەدەم چامداپ،
ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، ليۇ زىپىڭ مۇئەللىمگە
تەزىم قىلىدۇ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ساۋاقداشلارغا تەزىم قى-
لىدۇ ھەم جىددىي كەيپىيات بىلەن: «بۇندىن كېيىن، ئا-
ماندىن پىچاق ياغسىمۇ، مەكتەپكە ۋاقتىدا كېلىمەن» دەي-

دۇ، ھېلىقى ئۇنىڭ ساۋاقداش ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ سۆ-
زىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ، بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «يارايسەن ئوغۇل بالا!» دەيدۇ. يەنە بىر ساۋاقداش: «قىتى كېلەي دەپ قالدى، بۇ ئۇيغۇر ساۋاقداش ھەركۈنى كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ، بەك جاپا تارتىپ كېتىدۇ. مەن كارتۇتىمنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرەي، مەكتەپكە كېلىپ ياتسۇن» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ، يەنە بىرقانچە ساۋاقداشمۇ ئۆزىنىڭ كارتۇتىنى ئابدۇكېرىمگە بوشىتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئابدۇكېرىم كېيىن مۇشۇ ئەھۋالنى ئەسلەپ: «ئۇۋا-
قىتتا مۇئەللىم بىلەن خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ نېمە دې-
گەنلىكىنى ئوبدان ئۇقمايتتىم، بىراق، ئۇلارنىڭ ئىسسىق كۆزلىرىدىن بىرمۇنچە مېھرىبانلىق قىياپەتلىرىنى كۆردۈم، خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، بەك تەسىرلىنىپ كېتىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، مەن تۇنجى قېتىم خەنزۇلار ئارىسىدىمۇ ياخشى ئادەم بار ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ ئەھۋالنى ئەسلىسەملا، ئىچىمدە بىر خىل ئىسسىق-
لىق پەيدا بولاتتى» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىل-
لىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، خەنزۇچىدا خېلىلا ئىلگى-
رىلەيدۇ، بۇ تىلنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم-

ىنىڭ تالانتى تېخىمۇ تېزتەرەققىي قىلىدۇ. دادىسى بىلەن
ئاپىسىنىڭ ئىخلاسمەن، ئېغىر - بېسىق، قىزغىن، ۋىجـ
دانلىق بولۇشتەك خىسلەتلىرى ئۇنىڭدا يېتىلىدۇ. 1946 -
يىلى ئابدۇكېرىـم بىلەن ئىككىمىز شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتتە ئىشلەۋاتقان مەزگىلىـدە، بىر كۈنى ئۇ
ئۆزىنىـڭ ئىلگىرىلەش جەريانىـنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ:
«مەن ئۆلكىلىك 1 - ئـوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز 1 -
يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، جـەنزۇ دوستلارنىڭ ئۆز
دوستلىرى ئۈچۈن ئىككى قولىغا پىچاق ئېلىپ جان پىـ
دا قىلىدىغـان روھىغا بەكمۇ قـايىل بولغانىدىم» دېگەـ
نىدى ۋە شـۇنىڭدىن كېيىنلا. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ماڭا
تەپسىلىي چۈشەندۈرگـەنىدى. ئابدۇكېرىم يەنە بۇنىڭغا:
«دوست - دۈشمەننى سىنىپىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئايرىشـ
نى شىنجاڭ شۆيۈەنىدە لىن جىلۇ ئەپەندىمنىڭ دەرسىنى
ئاڭلاپ ئاندىن چۈشەنگەنىـدىم» دېگـەن گەپنى قوشۇپ
قويغانىدى.

ئېسىل تالانتلىق خاراكتېر، ئەمەلىي ۋۇجۇدقا كەلـ
گەن ئېتىقاد ئابدۇكېرىمنى ساۋاقداشلار ئىچىدە تېزلىكتىلا
ئۇرغۇن دوستلارغا ئىگە قىلغان، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن
بولغان دوستلۇق مۇئامىلىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپتىن
تولـۇق ئوتتۇرا سىنىپقا كېڭىيىدۇ. ئۇ بۇ چاغدا ناھايىتى
جۇشقۇن بولۇپ كېتىدۇ. ئـابدۇكېرىمنىڭ ھەرشەنبە كۈنى
ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىدا ئوينىغان ئۇسـ
سۇللىرى، ۋاسكېتبول مەيـدانىدا ئۇستىلىق بىلەن توپ
تاشلاشلىرى ئۇنىڭ بىلەن قويۇق ئارىلاشمىغان ساۋاقـ

داشلارغىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىنىڭ ئاخىرىدا بىر كۈنى بىر يېقىن ساۋاقدىشى ئۇنىڭ قولىغا: «ليۇ زىپىڭ مۇئەللىم كوممۇنىست ئىكەن! بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مۇدىر لى يۈنياڭمۇ كوممۇنىست ئوخشايدۇ!» دەپتۇ. ئابدۇكېرىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەيران قاپتۇ. ئۇ دەرھال ليۇ زىپىڭ مۇئەللىمنى، مۇدىر لى يۈنياڭنى يۇرتتا كونىلار سۆزلەپ بېرىدىغان «سوۋېت قىزىل پاچاقلىرى»غا ئوخشىتىپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەلگەن ئۆزبېك بايلار «قىزىل پاچاق» لارنى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك كىشىلەر، دەپ سۆزلەپ بېرىدىكەنمىش.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا دەرس بەك كۆپ بولغان بولسىمۇ، ليۇ زىپىڭ مۇئەللىم توغرىسىدىكى، مۇدىر لى يۈنياڭ توغرىسىدىكى ۋە «سوۋېت قىزىل پاچاقلىرى» توغرىسىدىكى مەسىلە ئابدۇكېرىمنىڭ كاللىسىدىن زادىلا كەتمەپتۇ.

ئابدۇكېرىم كېيىن مۇشۇ باسقۇچتىكى تۇرمۇشىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن مەكتەپكە كىچىككىنە قالغان ھېلىقى بوران - يامغۇرلۇق كۈندىن كېيىن، ليۇ زىپىڭ مۇئەللىم مېنىڭ چوقۇنىدىغان ئادىمىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەرد، مېھرىبان ئادەم ئىدى. كىشىلەرگە بەكمۇ يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ بىلىمگە باي ئىدى، تېنىمۇ بەك ساغلام ئىدى. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا دائىم ياردەم

قىلاتتى، مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئويلاپ، ئەگەر بۇ مۇئەللىمگە ئوخشاش كىشىلەر كوممۇنىست بولىدىغان بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ ئوخشاشلا بىر تۈركۈم كارامەت ئادەملەردىن تەركىب تاپقان پارتىيە بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. كېيىنچە، كوممۇنىستلارنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتتا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجەم.» ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى.

## مايسا

1937 - يىلى، ئابدۇكېرىم ئۈچ يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تۇرمۇشىنى تۈگىتىپ، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىسمى (تەييارلىق قىسىم)غا كىردى.

شىنجاڭ شۆيۈەنى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بىر دۆڭگە جايلاشقان. ئۇ يەر سەندۇڭبېي دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر بۇ يەر ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. بىراق، ئابدۇكېرىم شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇغان يىللاردا، شىنجاڭ شۆيۈەنىدىن شەھەر (ھازىرقى چوڭ - كىچىك ئىككى تۆت كوچا)گە كىرىش خۇددى سەھرادىن شەھەرگە كىرگەندەك ھېس قىلىناتتى.

سۇئىتى (مىلىتارىستلارنىڭ جايلارنى ئىگىلىۋې-
لىشى) ۋە تەبىئى (ترانسپورتنىڭ مۈشكۈللۈكى) سەۋەب-
لەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەزەلدىنلا
دۇنيادىن خەۋەرسىز بولۇپ كەلگەن ئاسىيا مەركىزىدىكى
شىنجاڭ، فاشىزمغا قارشى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەۋر ئېقىمىدا
ئويغىنىشقا باشلىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا رايونىدىكى
ئەھۋاللار ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ خە-
ۋىرى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىپ تۇرىدىغان بولدى.
ياۋروپانىڭ ئەھۋالىمۇ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ گېر-
مانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىغا دائىر خەۋەر-
لەرمۇ شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە بولسا،
جۇڭگو كوممۇنىستلىرى باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم
سىياسەتچىلەر، مۇتەپەككۇرلار ۋە يازغۇچىلار توپلانغانى-
دى، بولۇپمۇ بۇنداق خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ
شۆيۈەنىگە توپلانغانىدى. دۇ جۇڭيۈەن شىنجاڭ شۆيۈەنى-
نىڭ باشلىقى بولغان، لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئىلى-
مىي مۇدىر بولغان، ماۋدۇن، شى مىي قاتارلىق كىشىلەر-
مۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىگە كېلىپ دەرس ئۆتكەن، جاڭ جۇڭ-
شى قاتارلىق بىرمۇنچە كوممۇنىستلارمۇ شىنجاڭ شۆيۈە-
نىدە مۇئەللىم بولغان.

ئابدۇكېرىم شىنجاڭ شۆيۈەنىگە كىرگەندىن كې-
يىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئوخشاش تىكىلگەن ئو-
قۇغۇچىلار كىيىملىرى، چوڭ - چوڭ بىنالار، كەڭ تەنتەر-
بىيە مەيدانلىرى ۋە ھاكازالار ئۇنىڭغا بىر خىل يېڭىلىق
بولۇپ كۆرۈنگەن، بۇ جەھەتلەردە ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا

مەكتەپ شىنجاڭ شۆيۈەنىگە ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. ئابدۇكېرىم ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلدە، دۇنيا بويىچە ئالتە چوڭ داھىينىڭ بىرى ① بولغان شېڭ شىسەينى ئاممىۋى يىغىندىلا كۆرگەنىدى. ئەمما ئۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇغان مەزگىلدە بولسا، رەئىس، قوشۇمچە دۇبەن بولغان شېڭ شىسەي شىنجاڭ شۆيۈەنىگە پات - پاتلا كېلىپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەت ② ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ تۇرغان. شېڭ شىسەينىڭ بەستـ لىك تەقى - تۇرقى، ھەيۋەتلىك ھەربىيچە كىيىملىرى، جاراڭلىق سۆزلىرى، قاپقارا قېشى ئاستىدىكى تەھدىتـ لىك كۆزلىرى ئابدۇكېرىمگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئابدۇكېرىم شېڭ شىسەي توغـ رىسىدا مەن بىلەن پاراڭلاشقاندا: «دەسلەپكى ۋاقىتـ لاردا، مەن شېڭ شىسەينى ھەقىقەتەنمۇ ئىسمىغا ئوخشاش دۇنياۋى خاراكتېرلىك تالانتلىق ئادەم ئىكەن، دەپ ئويـ لىغانىدىم، كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي، ئەمەلىيەت مېنىڭ بۇ قارىشىمنى ئۆزگەرتتى ...» دېگەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن خەنزۇچىنى ئانچە چۈشەنمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئابدۇكېـ رىم «世才»③ دېگەن ئىككى خەتنىڭ مەنىسىنى ماڭا

---

① شېڭ شىسەي ئۆزىنى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، سۇن جۇڭشەن- لەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، دۇنيا بويىچە ئالتە ئۇلۇغ داھىينىڭ بىرى دەۋالغان.

② ئالتە بۈيۈك سىياسەت: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش.

③ «盛世才» دىكى «盛» ئۇنىڭ فامىلىسى، «世才» ئۇنىڭ ئىسمى: «世» «دۇنيا» دېگەن مەنىنى، «才» «تالانت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «世才» «دۇنياۋى تالانت» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ— تەھرىردىن.

ئالاھىدە يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

بۇ مەزگىل شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى تازا جانلانغان مەزگىل ئىدى. ماركسىزم، سىنىپىي كۈرەش، ماتېرىيالىزم دېگەنگە ئوخشاش تېمىلارنى ئاشكارا سۆزلەشكە بولاتتى. شىنجاڭ شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا كىرگەن ئابدۇكېرىم ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جۇشقۇن ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ خەنزۇچىنى ئوبدان بىلەتتى، قەددى ــ قامىتى كېلىشكەن، روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ھەر خىل دەرسلەردە باشقىلاردىن ئېشىپ چىقىدىغان ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇ مەكتەپنىڭ بارلىق سىياسىي پائالىيەتلىرىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. ئۇ كوچا تىياتىرلىرىدا ياپون قاراقچىلىرىنىڭ رولىنى ئوينىغاندا، ئۆز ئەينىدەك ئوخشىتاتتى. كوچىلاردا نۇتۇق سۆزلىگەندە، ناھايىتى جانلىق سۆزلەيتتى، بولۇپمۇ ئۇ نەنگۇەن تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار توپلىنىپ ياشايدىغان جايلاردا ئۆتكۈر نۇتقى بىلەن ئۇيغۇر ئاھالىسىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. 1946 ــ يىلى، ئابدۇكېرىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋاقىتتا، بىر مۇنچە ئۇيغۇرلار: «ئابدۇكېرىم ئوقۇغۇچى بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، بىز ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغان، ئۇ كارامەت سۆزلەيتتى، بىراق ئۇ ۋاقىتلاردا، ئۇ بۈرۈتى ئەمدىلا خەت تارتقان كىچىك بالا ئىدى» دېيىشەتتى.

ئابدۇكېرىمنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان سىياسىي قىز-

غىنلىقى تەبىئىي ھالدا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى يولداش لىن جېلۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بىر كۈنى، سىياسىي دەرس ئۆتكەن يولداش لىن جېلۇ دەرستىن چۈشۈش سىگنالى چېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرغانىكەن، ئابدۇكېرىم تويۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ ئاۋاز بىلەن: «لىن مۇئەللىم، مېنىڭ بىر سوئالىم بار» دەيدۇ. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا سوئال سوراۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭغا قارىشىپ قالىدۇ. يولداش لىن جېلۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىخلاس بىلەن: «قانداق سوئال ئىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئابدۇكېرىم تاقەتسىزلىك بىلەن: «ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى كوممۇنىزم بولامدۇ؟ سىنىپ يوقىتىلامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى زورمۇ زور كوممۇنىزمغا سېلىشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان سوئالى پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى غۇلغۇلىغا سالىدۇ. لىن جېلۇ بىرئاز ئويلىنىپ: «بۇ سوئالنى ئوبدان قويدىڭىز، ھازىر دەرستىن چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى. بۈگۈن كەچكى مەشق ۋاقتىدا مەن ئىشخانامدا سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن، مۇمكىنقەدەر سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي» دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇكېرىم يولداش لىن جېلۇنىڭ ئىشخانىسىغا كۆپ بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئابدۇكېرىم لىن جېلۇ توغرىسىدا مەن بىلەن پاراڭلاشقاندا ناھايىتى تەسىرلەنگەن ھالدا: «ئىلمىي مۇدىر لىن جېلۇ مەندىن جىق

چوڭ ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇ بىلىمگە ئىنتايىن باي، ئېغىر - بېسىق، قورسىقى بەك كەڭ ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئىشەنچىسى ئاجايىپ قەتئىي ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىدىغان بىردىنبىر ئۈلگەم بولدى» دېگەنىدى. ئۇنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ يولداش لىن جىلۇغا چىن قەلبىدىن قايىل ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى.

بىر كۈنى، يولداش لىن جىلۇ تەكلىپكە بىنائەن، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچكى يىغىنىغا قاتنىشىپتۇ. ئابدۇكېرىم ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكالىتەن سۆز قىلىپتۇ. ئۇيغۇرچە سۆزلەپتۇ. ئۇ سۆزىنى باشلاپ: «ساۋاقداشلار، بۈگۈن لىن جىلۇ ئاكا...» دېيىشىگىلا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ساۋاقداش بوش ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا: «ھەي، ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇ دېگىن» دەپتۇ. ئابدۇكېرىم بىر ئاز ھودۇقۇپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، يولداش لىن جىلۇ قىزغىنلىق بىلەن: «ئاكا دېگەن سۆزنى چۈشەندىم. ساۋاقداشلار، مېنى لىن جىلۇ ئاكا دېسە، خۇش بولىمەن، بۇ يەردە ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەندىن كىچىكلىرى بولسا، مەن ئۇلارنىڭ ئاكىسى بولىمەن، مەندىن چوڭلىرى بولسا، ئۇلار مېنىڭ ئاكام بولىدۇ» دەپتۇ. ئابدۇكېرىم يولداش لىن جىلۇنىڭ سۆزىنى ساۋاقداشلارغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ، كەچكى يىغىن جانلىنىپ، تارتىنچاقلىق كەيپىياتى شۇ ۋاقىتتىلا تۈگەپتۇ.

ئابدۇكېرىمنىڭ شىنجاڭ شۆيۈەندىكى ساۋاقداشلى-

رى ئابدۇكېرىم بىلەن يولداش لىن جىلۇنىڭ مۇناسىۋتىنى ئەسلەپ: «ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇ بىلەن ئابدۇكېرىم خۇددى ئاكا - ئۇكىدەك ئۆتۈشەتتى، ئابدۇكېرىم ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، ئىلمىي مۇدىر لىن جىلۇمۇ ئابدۇكېرىمگە بەك ئىشىنەتتى. ھەتتا تۇرمۇشغا ئائىت ئىشلارنى بازارغا چىقىپ ھەل قىلىش توغرا كەلسىمۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا، ئابدۇكېرىمگە تاپشۇرۇپ قىلدۇراتتى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

1946 - يىلى، تىنچلىق بېتىمى ئىمزالىنىپ ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاخىرقى قېتىم مەسلىھەتلىشىش ئىشىغا كىرىشتۇق. ئىشلار شۇنچە ئالدىراش بولغان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم بىركۈنى: «ئانا مەكتەپ - شىنجاڭ شۆيۈەنىنى كۆرۈپ كېلەيلى»، دەپ مېنىمۇ بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. بىز گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇھاپىزەتچىنىمۇ، شوپۇرنىمۇ ئالماي بارماقچى بولدۇق، ماشىنىنى مەن ھەيدىدىم، توپتوغرا شىنجاڭ شۆيۈەنىگە باردۇق. بۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ شۆيۈەنى ھەممىلا يېرىدە خىش - داشقاللار چېچىلىپ تۇرغان، ياۋا ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆيلىرى كونىراپ كەتكەن بىر ۋەيرانە مەكتەپكە ئايلىنىپ قالغانىكەن. بەزىدە بىر - ئىككى ئوقۇغۇچىنى ئۇچرىتىپ قالاتتۇق، ئۇلار روھسىز ھالدا بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

بۇ ۋەيرانە ئەھۋالنى كۆرۈپ ئابدۇكېرىمنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى. ئۇ: «ئۆز ۋاقتىدا، بۇ ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مەكتەپ ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ياشلار ئىدى. لىن جىلۇ ئاكىغا ئوخشاش جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بولسا بۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يادروسى ئىدى» دېدى.

مۇشۇ پۈتۈن يېرىم كۈن ئىچىدە، ئابدۇكېرىم مېنى باشلاپ، خارابىلىشىپ قالغان بۇ مەكتەپنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئايلىنىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرى، دەرسخانا، توپ مەيدانى، كۇلۇب، ئاشخانىلارنى ماڭا كۆرسەتتى، ئۇ يەنە دۇ جۇڭيۈەن، ماۋدۇنلارنىڭ ئىشخانىسى ۋە ياتاقلىرىنى، بولۇپمۇ يولداش لىن جىلۇنىڭ ئىشلىگەن ۋە تۇرمۇش كەچۈرگەن جايلىرىنى ماڭا تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ھەتتا مۇشۇ جايلاردا يولداش لىن جىلۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرىنى ئەسلەپ ماڭا سۆزلەپ بەردى. بىز 2-قەۋەتكە چىقىپ، پېچەتلەپ قويۇلغان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئابدۇكېرىم ماڭا: «بۇ لىن جىلۇ ئاكىنىڭ بۇرۇنقى ئىشخانىسى، بۇ ئىشخانىدا لىن جىلۇ ئاكا بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ماڭا چۈشەندۈرگەن، مايمۇننىڭ ئادەمگە ئۆزگىرىشىدىن تارتىپ، سىنىپىي جەمئىيەت، ھەتتا مىللىي مەسىلىگە قەدەر بىرمۇنچە مەسىلىلەر توغرىسىدا ماڭا تەربىيە بەرگەنىدى، بۇ تەربىيەلەرنى ئەڭگۈشتەر دېسەممۇ بولىدۇ. لىن جىلۇ ئاكا مۇشۇ ئىشخانىدا ماڭا: مىللىي مەسىلىنى چوقۇم سىنىپىي مەسىلە بىلەن بىللە ھەل قى-

قىلىش كېرەك، مىللىي مەسىلىنى سىنىپىي مەسىلە بىلەن بىرلەشتۈرمەي سۆزلەش — XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا چوقۇم كوممۇنىزمغا زىيانلىق بولغان مىللەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭدا بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك، دېگەنىدى» دېدى.

ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ شىنجاڭ شۆيۈەنىدىكى تۇرمۇشىنى بەك ئەسلەيتتى. 1947 - يىلى 3 - ئايدا، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلاش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان بىر قېتىملىق يىغىنىدا، ئابدۇكېرىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلاشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ليۇ زىپېڭ مۇئەللىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئالىي پەزىلىتىنى كۆرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، لىن جىلۇ ئاكىدىن تەربىيە ئېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان ئىشەنچىنى تىكلىگەنىدىم. بۇ پارتىيىنىڭ ئالىي مەقسىتى بار، ئۇنىڭ ئەزالىرى كىشىلەرگە سادىق، ئاق كۆڭۈل، يىراقنى كۆزلەيدۇ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلار بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ جەۋھەرلىرى. بۈگۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن باشقا ھېچقانداق پارتىيە جۇڭگونى قۇتۇلدۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس».

# ئۈچىنچى باب

# «خائىنلار» ئەۋلادلىرى

## ساۋەنگە قوغلىنىش

1938 - يىلى، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا يەنە بىر ئاتالمىش «چوڭ سۇيىقەست ئەنزىسى»نى پەيدا قىلىپ، ئومۇمىي تازىلاش ئېلىپ باردى، بۇ شىنجاڭ تارىخىدا 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان يۈز بەرگەن يەنە بىر چوڭ ناھەق ئەنزە ئىدى. ئۇ، شۇ يىلى 9 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 11 - ئايغىچە، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى شۇ ئەنزىگە چېتىپ ھەپسىگە ئالدى. 1940 - يىلى 2 - ئايغىچە، ئالتايدىكى قازاق چارۋىچىلار قوراللىرىنى تاپشۇرۇشنى بايقۇت قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋىدى، شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قولغا ئېلىش دائىرىسىنى يەنە كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغىچە بىگۇناھ ئادەملەرنى تۈرمىگە تاشلىدى، تۇرغۇزۇلغان ئادەملەرنى تۈرمىدە قىيناپ ئۆل-

تۇردى. ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى «خائىنلار» ئائىلە تەۋەلىرى قىلىپ بېكىتتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى «خائىنلار» ئەۋلادلىرى قىلىپ بېكىتتى.

1938 - يىلى، ئابدۇكېرىمنىڭ دادىسى ھاشىمئاخۇن ئاكىمۇ قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم «خائىنلار» ئەۋلادى سۈپىتىدە ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىندى. ساۋەن ناھىيىسى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 180 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى بىر چوڭ بوستانلىق ئىدى.

ئابدۇكېرىم بىلەن سۈرگۈن قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، شۆيۈەن تەييارلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى، يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە سىفەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار، خۇيزۇلار، قازاقلار، ئۆزبېكلەر بار ئىدى. بۇ «خائىنلار» ئەۋلادلىرى ئولتۇرغۇزۇلغان ماشىنىلار ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن چوڭ كۆۋرۈك (شىداچياۋ) نىڭ يېنىغا يىغىلىپ، ماشىنا ئەترىتى قىلىنغاندىن كېيىن، ماشىنا يالايدىغان ئوفىتسېر ئىنتىزام بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ماددىدا، يول ئۈستىدە قاچقانلار دەرھال ئېتىلىدۇ، دېيىلگەن.

ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ بىلمەيتتى. قاق سەھەردە، ماشىنا ئەترىتى ئاستا ھەرىكەتكە كېلىپ قوزغىلىشقا باشلايدۇ، قو-

راللىق جەڭچىلەر ئولتۇرغان بىر ماشىنا ئەڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ماشىنا ئارقىدا يالاپ ماڭىدۇ. ماشىنا ئەترىتى يېقىلغانتاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ غەرب تەرەپكە ئەكېتىلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ.

ماشىنا ئەترىتى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ساۋەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى گويا چوڭ دۈشمەنگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. بىرقانچە ئوفىتسېر تاپانچىسىنى چىقىرىپ كابىنكىنىڭ دەسسىگۈچىگە چىقىدۇ، باشقا ساقچىلار نەيزىسى چىقىرىلغان مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ماڭىدۇ. ماشىنىلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن، ماشىنا ئەترىتىنى يالاپ كەلگەن ھېلىقى ئوفىتسېر: «ئابدۇكېرىم، ماشىنىدىن چۈش!» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ ئابدۇكېرىمگە دەھشەتلىك تۇيۇلسىمۇ، ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ماشىنىدىكى ھەمراھلارغا يەر ئاستىدىن قارايدۇ، كۆپچىلىكمۇ بىر خىل ئېچىنىشلىق كەيپىياتتا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ قىياپەتتىن ئۇلارنىڭ ئايرىلىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

ئابدۇكېرىم كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ۋاقىتتا مەن ئۆلسەممۇ، ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى باتۇرلارغا ئوخشاش ئۆلۈشۈم كېرەك دېگەن خىيالغا كەلدىم. مۇشۇ خىيال بىلەن شۇنداق غەيرەتكە كەلدىمكى، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، يەرگە تاق-

قىدە سەكرەپ، يېنىمكلا چۈشتۈم. بېشىمدا كەلگەننى كۆرەي
دەپ، ئىككى قولۇمنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇر-
دۇم. ھېلىقى ئوفىتسېر ساۋەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدا-
رىسىنىڭ باشلىقىغا: «شېلىك دۇبەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە،
ئابدۇكېرىم دېگەن بۇ خائىنلار ئەۋلادىنى سىلەر ئازا-
رەتكە ئېلىپ باشقۇرۇشۇڭلار كېرەك!» دېدى. شۇ چاغدا
ئاندىن مەن «ماڭا چوڭ خەۋپ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ»
دەپ چۈشەندىم.»

شۇندىن كېيىن، ھەمراھلار ئابدۇكېرىمنىڭ يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ماشىنىلار يەنە ئاستا مېڭىشقا باشلايدۇ. ئابدۇكېرىم كېتىپ بارغان ھەمراھلىرى بىلەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ سۆزسىز خوشلىشىدۇ. ھېچكىم ئۆزىنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ماشىنىلار ئۇن نەچچە مېتىر ماڭغاندىن كېيىن غاچچىدىلا توختايدۇ. ھېلىقى ئوفىتسېر كابىنكىدىن چۈشۈپ، ھەربىيچە دەسسەپ ئابدۇكېرىمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «قاراپ باق، نەرسىلىرىڭ تولۇقمۇ؟» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئابدۇكېرىم باغلاقلارنىڭ نەرسىلىرىنى ياكى بۇ ئوفىتسېرنىڭ نەرسىلىرىنى خاتا ئېلىپ سالغان ئوخشايمەن دەپ دەرھال يېنىدىكى چامادىنىغا ۋە يۈك-تاقلىرىغا قاراپ، خاتا بولمىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئوفىتسېرغا: «ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ نەرسىلىرى» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئوفىتسېر بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرىنى بوشقىنا تېپىپ قويۇپ، ئابدۇكېرىمگە تۆۋەن ئاۋاز بىلەن تولۇق ئۇيغۇرچە سۆزلەپ: «بۇندىن كېيىن ئۆزۈڭنى ئاسرا، خۇداغا ئامانەت!» دەيدۇ.

بۇ ئوفىتسېر ماشىنا ئەترىتى ئۈرۈمچىدىكى چوڭ
كۆۋرۈك يېنىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا، بۇيرۇق ئېلان
قىلغاندا بىرقانچە جۈملە سۆز، ساۋەن ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ باشلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە قىسقىغىنا بىر-
قانچە ئېغىز سۆز قىلغاندىن تاشقىرى، پۈتۈن سەپەر
ئۈستىدە سۆز قىلمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۆتۈكى پارقىراپ تۇ-
راتتى، ھەربىيچە كىيىملىرى بەكمۇ كېلىشكەنىدى، ئۇچ-
سىدىكى بوي تاسمىسىنىڭ ۋە يان قوراللىرىنىڭ تۇرۇشى
ئۆلچەمگە بەكمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى، بۇ ھال ئابدۇكېرى-
منىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئابدۇكېرىمگە تولۇق ئۇيغۇرچە
سۆز بىلەن بەخت تىلىگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ھەي-
ران بولۇپ قېتىپلا قالدى. دېمەك، بۇ يەردە ھاياجانلىق-
تىن تاشقىرى، مىننەتدارلىقمۇ بار ئىدى. ئابدۇكېرىم
قاتتىق تەسىرلىنىپ، پەس ئاۋاز بىلەن ئۇيغۇرچە:
«سىز...» دېيىشى بىلەنلا، ئوفىتسېر خەنزۇچە: «بۇندىن
كېيىن، ئەگەر ئاز- تولا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان
بولساڭ، ھەربىي قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىسەن!»
دەپ ۋارقىرىۋېتىپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي، چوڭ قەدەم
تاشلاپ ماشىنىسى تۇرغان تەرەپكە كېتىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ گومىنداڭ دائىرى-
لىرى بىلەن تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن،
بىز ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىسىنى
ئۆتەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى بولدۇق. بىر كۈنى
كەچكى تاماقتىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئۆيۈمگە كېلىپ پا-

راڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، مۇشۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ: «مەن بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، چوقۇم بىر ئامال قىلىپ شۇ ئادەمنى تاپىمەن، ئۇنىڭ چىرايىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن» دېگەنىدى.

ئابدۇكېرىم ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئوفىتسېرنى ھەر تەرەپتىن كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، زادىلا تاپالمايدۇ. بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ماڭا: «ئۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ ئويلايمەن» دېگەنىدى.

## ياش ئوقۇتقۇچى

ئابدۇكېرىم ساۋەندە ئىككى يىلدىن ئارتۇق سۈرگۈن تۇرمۇشىنى كەچۈردى. بۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئابدۇكېرىم ناھىيىدىكى ئۇيغۇر - قازاق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ساۋەن بازىرى يولۇچىلار ۋە سودىگەرلەر قونۇپ ئۆتىدىغان جاي بولغاچقا، ترانسپورت جەھەتتىكى بۇ كىچىككىنە پايدىلىق شارائىت، بۇ كىچىك بازارغا ئاز بولسىمۇ ئاۋاتلىق كەلتۈرگەن. بۇ يەردە خەنزۇلار، ئۇيغۇرلار، قازاقلار ياشايتتى. بۇلاردىن تاشقىرى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم رۇسلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ترانسپورت، سودا

ئىشلىرىنى راۋاج تاپقۇزغانىدى. بۇ يەردىكى خەنزۇلار-نىڭ كۆپچىلىكى سودىگەرلىك ۋە دەھقانچىلىق بىلەن شۇ-غۇللىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ، رۇسلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاش-پەزلىك ۋە ناۋايلىق قىلاتتى. قازاقلار بولسا ئاساسەن بازارنى سۈت مەھسۇلاتى ۋە گۆش بىلەن تەمىنلەيتتى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈ-مىنىڭ بىر خادىمى ئابدۇكېرىمنى ئۇيغۇر - قازاق مەكتىپىگە باشلاپ كەلدى. ناماز شام ۋاقتى بولۇپ سىم-سىم يامغۇر يېغىپ تۇراتتى. مەكتەپنىڭ 60 ياشتىن ئاشقان، قولىدا ئېغىر، كۆزى خىرەلىشىپ قالغان بىر قازاق ئىش-چىسى ئابدۇكېرىمنى كۈتۈۋېلىپ، ئىشخانىغا ئورۇنلاشتۇ-رۇپ قويدى. ئابدۇكېرىم جىنچىراغنى ياندۇرۇپ، ئۆي-نىڭ ھەممە يېرىگە قارايدۇ، ئۇدۇل تامنىڭ ئوتتۇر-سىغا شىڭ شىسەينىڭ سۈرىتى چاپلانغان بولۇپ، ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. مەكتەپلەردە كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىغان دەرس جەدۋەللىرى، مۇئەللىملەرنىڭ دەرس ئۆتۈش ۋاقىت جەدۋىلى ۋە ھەرخىل ئىسىملىك-لەر دەپتەرلىرىگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ بىرىمۇ يوق ئىدى. ئابدۇكېرىم بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، بۇنىمۇ بىر مەكتەپ دېيىشكە بولامدۇ! دەپ ئويلايدۇ.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئابدۇكېرىم ئور-نىدىن تۇرۇپ، ئۆزى تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە خىزمەت ئىشلەيدىغان بۇ مۇھىتنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىشكە ئالدى-رايدۇ. ئۇ ئۆيدىن چىقىش بىلەنلا، كېيىنكى ياسال-غان ئىككى ئېغىز ئەسكى ئۆينى كۆرىدۇ. ئۆينىڭ ئارقا

تەرىپى تىرىلغۇ يەر بولۇپ، ئۇ يەردە ئازراق دەرەخ بار
ئىدى، مەكتەپنىڭ ئەتراپىدا قورۇق تام يوق ئىدى، ئۆيـ
نىڭ ئەتراپلىرىدا بولسا تاش-چالمىلار چېچىلىپ تۇراتـ
تى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئويمانلىقتا يىغىلىپ قالغان
سېسىق سۇدا تىزەك، قومىلاقلار لەيلەپ تۇراتتى. ئابـ
دۇكېرىم سۇدىن چىقىپ تۇرغان تاشلارغا دەسسەپ سۇدىن
ئۆتۈپ، ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ دېرىزىدىن قارايدۇ. كېـ
سەكتىن ياسالغان بىرقانچە رەت ئېگىز-پەس تار
سۇپا كۆرۈنىدۇ، ئابدۇكېرىم بۇنى كۆرۈپ، مەن ئوقۇتقۇ-
چىلىق قىلىدىغان مەكتەپ مۇشۇ ئىكەن-دە، دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم خىيالغا چۆمىدۇ: ئۇ، شىڭ شىسەينىڭ
ئالتە بۈيۈك سىياسىتى ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە،
شىنجاڭدا مۇشۇنداق مەكتەپنىڭ بولىدىغانلىقىنى زادىلا
تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن، دەپ ئويلايدۇ. شىڭ شىـ
سەينىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئالدامچىلىق تەشۋىـ
قاتىغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەلگەن، ھەتتا شىنجاڭ شۆـ
يۈەنىدىن ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنغانغا قەدەر، ئۇنىڭ
ئاتالمىش سىياسىي نەتىجىلىرىگە قىلچە گۇمانلانمىغان
ئابدۇكېرىم كۆز ئالدىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ،
ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكىدىن
بىراقلا ئايرىلغاندەك بولىدۇ. ئابدۇكېرىم كېيىنكى ۋا-
قىتلاردا شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيـ
دۇ: «مەن دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، ئىختىيارسىز قېتىپلا
قالدىم، شۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن ئىشىنىپ كەلگەن نەر-
سىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەن، مەن خىيال سۈرۈپ

شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلۈم بەكمۇ سۇۋۇپ كەتتى. ھېلىقى مەكتەپ ئىشچىسى يېنىمغا كېلىپ «چاي ئىچىڭ» دەپ چاقىرغاندىن كېيىن، ئاندىن خىيالىمنى يىغىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم.»

ئوقۇتقۇچىلىقنى دەسلەپتە بىر خىل جاپالىق ئىش دەپ قارىغان ئابدۇكېرىم ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ دوستى دەپ قارايدىغان، ئوقۇتقۇچىلىقنى رەت قىلىشقا بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپە دەپ قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇ قازاقچىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تولۇق سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. دەسلەپتە، ئۇ تەنتەربىيە دەرسىنى قازاقچە سۆز بىلەن بېرىدۇ، كېيىن بارا - بارا، ھېساب، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنىمۇ قازاقچە سۆز بىلەن بېرىدىغان بولىدۇ، ئۇ باش قاتۇرۇپ تۈزۈپ چىققان ئويۇن خاراكتېرلىك تەنتەربىيە دەرسلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ.

قىش چىقىپ، باش باھار يېتىپ كېلىدۇ. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىم خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلمەكچى بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى بىرمۇنچە ئىناۋەتلىك ئۇيغۇر، قازاق مۆتىۋەرلەرنى چاقىرىپ، مەكتەپتە ھاكىمنى قارشى ئالماقچى بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى قازاق بولغانلىقى ئۈچۈن، قازاقلارنىڭ ئادىتى بويىچە بىر مېھمانخانا تەييارلايدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھاكىم ناھىيىلىك ھۆكۈ-

مەتنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپكە كىرىپ كېلىدۇ، ئۇلار دەرسخانا قىلىنـغان ئىككى ئېغىز ئاددىي ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ، دېرىزىدىن ئىچكىرىگە قاراپ قويۇپلا، مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىدۇ. بۇ ھاكىم شۇنداق ساۋاتسىز ئىكەنكى، جۇڭگولۇقلا بولىدىكەن، خەنزۇچىنى بىلىشى كېرەك، دەپ قارايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ جەنۇبىي جۇڭگولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل — ھاكىم بىلەن مەكتەپ خادىملىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭغا ئايلىنىپ قالىدۇ، مەكتەپ مۇدىرى مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي، ھودۇقۇپ قول ئىشارىتى بىلەن ھاكىمنى «قارشى ئالىدىغانلىقى»نى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. بىراق، ئىككىلىسى ئىشارەت تىلىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى زادىلا ئۇقماي، بەك ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، ئىلمىي مۇدىر ئاستا كېلىپ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەيدۇ، مەكتەپ مۇدىرى دەرھاللا ئېچىلىپ قول ياغلىقى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «تېز چاقىرىڭلار، تېز چاقىرىڭلار!» دەيدۇ.

ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئابدۇكېرىم تەكلىپكە بىنائەن ۋاقىتلىق مېھمانخانىغا كىرىدۇ. بىراق بۇ چاغدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەربابلىرىمۇ، ئۇيغۇر، قازاق مۆتىۋەرلەرمۇ ئابدۇكېرىمنىڭ نېمىشقا چاقىرتىلغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئابدۇكېرىمگە قاراپمۇ قويماي ئولتۇرۇشىدۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ ئوينايدىغان رولىنى مەكتەپ مۇدىرىلا بىلەتتى. ئۇ ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن

ئابدۇكېرىمنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ ئابدۇكېرىمگە پەس ئاۋاز بىلەن: «بۈگۈن تېخىلا بولمىسۇن، ئوبدان ياردەم قىلالىسىز» دەپ يالۋۇرىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئولتۇرۇپ بولۇپ، ئانچە كۆڭۈل قويمىغان ھالدا: «دەپ بېقىڭ، نېمە ئىش ئىدى؟» دەيدۇ. مەكتەپ مۇدىرى خىجالەتچىلىك بىلەن: «قاراڭ، ھازىر ھېچقايسىمىز تىلىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئۇقتۇرالمايۋاتىمىز» دەيدۇ. ئابدۇكېرىم ھەممىنى چۈشىنىدۇ-دە: «بۇ ئاسان گەپ، مەن مەقسىتىڭلارنى بىر-بىرىڭلارغا چۈشەندۈرۈپ قوياي» دەيدۇ.

مەكتەپ مۇدىرى كېكىردىكىنى قىقىۋېتىپ، ھاكىمنىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىكىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدۇ. ئابدۇكېرىم مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىرىنى خەنزۇچىغا توغرا ئاھاڭ بىلەن تولۇق تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىشىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق مۆتىۋەرلىرى تېخىمۇ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قېلىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ، يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇر، قازاق پۇقرالار ئارىسىدىمۇ «كارامەت ئادەم» دەپ قارىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ سىنىپ بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى بولغان بىر قازاق ئوقۇغۇچىسى ئۇدا بىرنەچچە كۈن مەكتەپكە كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مەكتەپكە كەلمىگەنلىكى ئابدۇكېرىمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بىر يەكشەنبە كۈنى ئابدۇكې-

رىم مەكتەپنىڭ ئېتىغا مىنىپ ئون نەچچە كىلومېتىر يول
بېسىپ، بۇ ئوقۇغۇچىنى ئىزدەپ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۇ چاغدا
ئوقۇغۇچى ئۆيدە يوق بولۇپ، 17 ـ 18 ياشلاردىكى بىر قىز
ئېغىر كېسەل بىلەن ياتقان بىر بوۋايغا ئاش يېگۈزۈۋ-
ۋاتقانىكەن. ئابدۇكېرىم ئۇلار بىلەن ھاللىشىپ ئولتۇ-
رۇپ، بوۋاينىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى،
قىزنىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە بو-
ۋايدىن: «بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى، بالىڭىز مەكتەپ-
كە بارمىدى، نىمە بولدى؟» دەپ سورايدۇ. بوۋاي يىغلا-
سىراپ، ئېچىنىشلىق ھالدا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ
بېرىدۇ:

يېقىندا 60 ياشتىن ئاشقان بىر قازاق چارۋىدار
بۇ بوۋاينىڭ قىزىنى «ياخشى كۆرۈپ» قاپتۇ. قىزنىڭ
ئۇناش ـ ئۇنىماسلىقىغا قارىماي، قازاقلارنىڭ ئادىتى
بويىچە، ئۈچ ئات، بەش كالا، 20 قوي قاتارلىق نەرسى-
لەرنى تويلۇق سۈپىتىدە ئەكىلىپ، مەجبۇر قىلىپتۇ. قىز
زادىلا ئۇنىماپتۇ، ھەتتا ئۆلۈۋالىمەن دەپتۇ. بۇ ئەھۋالدا،
بوۋاي قاتتىق باش قاتۇرۇپ، گاڭگىراپ ئاغرىپ يېتىپ
قاپتۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئوقۇغۇچى بىرنەچچە كۈن مەك-
تەپكە بارالماي ئۆيدە ئاچىسى بىلەن بىللە دادىسىغا
قاراپتۇ.

ئابدۇكېرىم، بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قاتتىق
ھەيران بوپتۇ، بۇنداق زوراۋانلىق نىكاھنى، بولۇپمۇ چوڭ
دادا بولغۇدەك بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى قاتا-
رىدىكى قىزنى ئۆزىنىڭ نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقى-

دەك ۋەقەنى ئابدۇكېرىم ئەدەبىي ئەسەردىلا ئوقۇغان، رېئال تۇرمۇشتىمىز بۇ خىل ئىپلاس ئەھۋاللارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان! تۇرمۇشتىكى بۇ ئادالەتسىزلىك ئابدۇكېرىمنى بەكمۇ غەزەپلەندۈردى. ئۇ بىرۋايغا ئىچىنى ئاغرىتىپ: «سىزگە ياردەم قىلاي، بىر ئامال قىلىپ باقاي» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم قازاق بىرۋاينىڭ ئۆيىدىن چىقىپ چارۋا ئويلاپ كېتىۋېتىپ، خەنزۇلارنىڭ: «يولۋاسنىڭ ئۇۋۇسىغا كىرمەي تۇرۇپ، يولۋاس بالىسىنى تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ماقالىسىنى ئېسىگە ئالىدۇ-دە، ئاتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، توپتوغرا ھېلىقى چارۋىدارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ.

ئۇ چارۋىدار مەكتەپتىكى ۋاقىتلىق مېھمانخانىدا ھاكىمنى كۈتۈۋېلىش ۋاقتىدىكى ئولتۇرۇشتا ئابدۇكېرىمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن بولسا كېرەك، ئۇ ئابدۇكېرىمنى كۆرۈپلا، بىر ئاز ھودۇققاندەك بولۇپ، ئۇنى قارشى ئېلىپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ چاي قويىدۇ، ئارقىدىنلا، مېھمانغا بولغان سەمىمىيلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوي سويماقچى بولىدۇ. ھەش-پەش دېگۈچىلا، مالاي بىر سېمىز قوزىنى ئابدۇكېرىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ يېتىلەپ كېلىدۇ (قازاقلارنىڭ ئادىتىدە، مېھمانغا سويۇلىدىغان قوي مېھماننىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ، مېھمان قوينىڭ بېشىنى سىلاپ قويىدۇ، قوي شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ مېھمانغا بولغان سەمىمىيلىكنى ئىپادىلىگەنلىك بولىدۇ). «بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بىر ئىش بار، ئۆزىڭىزنىڭ مېھمانىغا بولغان سەمىمىيلىكىڭىزنى كۆرسەتمەكچى بولسىڭىز، شۇ ئىشنى قىلىپ بەرسىڭىز» دەيدۇ ئابدۇكېرىم.

«مەن قىلالايمەنمۇ؟» دەيدۇ ئابدۇكېرىمنىڭ قوينىڭ بېشىنى سىيلاشنى رەت قىلغانلىقىنى ۋە جىددىي كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چارۋىدار ئەنسىرىگەن ھالدا.

«پۈتۈنلەي قىلالايسىز.»

«ئۇنداق بولسا قېنى دەپ بېقىڭ» دەيدۇ چارۋىدار گۇمانلىنىپ.

ئابدۇكېرىم ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ، نازا قاملاشتۇرۇپ: «بىر كىشى ماڭا ھاكىمغا ئەرز يازدۇردى، بۇنىڭدا سىزنىڭ بىر كىشىنىڭ قىزىنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ، ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسىنى چىقارغانلىقىڭىز يېزىلدى، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟» دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان چارۋىدار چۆچۈپ كېتىپ: «ئۆلۈم ۋەقەسى چىقارغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىمغۇ...» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم: «ئازلا قاپتۇ، ئەگەر سىز يەنە مەجبۇر قىلىدىغان بولسىڭىز، ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسى ياكى بۈگۈن، ياكى ئەتە چوقۇم يۈز بېرىدۇ!» دەيدۇ.

چارۋىدار ئالاقزادە بولۇپ: «ئابدۇكېرىم ئەپەندى، بۇ ۋەقەنىڭ تۈگۈلماسلىقى ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ بەرسىڭىز قانداق؟» دەپ يالۋۇرىدۇ.

ئابدۇكېرىم داستىخانغا قويۇلغان، ئىچىگە لىق قەغەز تىقىلغان بىر كونۋېرتنى چارۋىدارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مەقسەتلىك ھالدا سۆزىنىڭ سالمىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ:

«ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانى خەنزۇچە يېزىلدى، مانا مۇشۇ كونۋېرتنىڭ ئىچىدە. بۈگۈن كەچكى تاماق ۋاقتىدا، بۇ ئەرز ھاكىمنىڭ تاماق يەيدىغان جوزىسىغا پەيدا بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىمنىڭ ئاۋۇكۈنى ھاكىمنىڭ ئالدىدا خەنزۇچىنى سۇدەك سۆزلىگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرغان بۇ چارۋىدارنىڭ «بۈگۈن كەچكى تاماق ۋاقتىدا، بۇ ئەرز ھاكىمنىڭ تاماق يەيدىغان جوزىسىغا پەيدا بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گەپكە تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى.

ئابدۇكېرىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بايلار قانداق قىلغان بىلەنمۇ مەدەنىيەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ پوپوزىسىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن. ئۇ قېرى شۇ زامانلا ماڭا: ‹ئاپارغان قالىندىقتى ئەرتەڭ - ئاق قايتارپ كەلمىسەم قۇداي ئۇرسۇن› دەپ قەسەم قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە، مەن ئىچىگە قەغەز تىقىلغان ھېلىقى كونۋېرتنى شۇ يەردىلا كۆيدۈرۈۋەتتىم، بۇ ئىش چارۋىدار ئۈچۈن ئېيتقاندا تراگېدىيە بولدى، قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا كومېدىيە بولدى، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىزىقچىلىق بولدى. بۇ ۋەقە ئەنە شۇنداق ئاياغلاشقان.»

مەدەنىيەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن باينى قورقۇتۇشىغا دائىر ۋەقە ئابدۇكېرىم ساۋەندە تۇرغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ بىر قېتىملا بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى ئۆـ

گىنىشكە، بولۇپمۇ ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان ھەمدە ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆتمۈشنى ئەسلىگەن ۋە پىكىر قىلغان.

## موخۇركا قەغىزى

ئابدۇكېرىم ئۇرۇمچىدىن چىققاندا، قىشتا كېيىدىغان پىيمىسىنى تاشلىۋېتىشنى خالىغانكى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى»، «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، «لېنىنىزم ئاساسلىرى»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەنگە ئوخشاش ئىنقىلابىي نەزەرىيىۋى كىتابلارنى يۆكى بىلەن تېڭىپ ساۋەنگە ئەكەتكەن. ئابدۇكېرىم ساۋەندە ئۆتكۈزگەن بىرىنچى ئۇزاق قىش پەسلىدە بۇ كىتابلار ئۇنىڭ ھەمراھى، روھىي ئىلھامچىسى بولدى. ئۇ بۇ كىتابلارنى بىر - بىرلەپ، جۈملىمۇ جۈملە تەپسىلىي ئېقۇپ چىقتى.

ئابدۇكېرىم ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلايدۇ، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىدۇ، گېزىتلەردە ۋە ھەرخىل ئۇتۇق يىغىنلىرىدا تازا ماختىلىپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئۈستىدە. شۇنىڭدەك شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ: شېڭ شىسەينىڭ يولغا قويىۋاتقىنى زا-

دى قانداق نەرسە؟ ئۇنىڭ يولغا قويۇۋاتقىنى راستىنلا سوت-
سىيالىزممۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى نېمە دېيىش كېرەك؟
فېئودالىزممۇ ياكى كاپىتالىزممۇ؟ ئەگەر سوتسىيالىزم
بولسا، ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بۇنى قانداق گەۋ-
دىلەندۈرۈشى كېرەك؟ سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگەككە قاراپ
تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى قانداق يولغا قويۇشى كېرەك؟
پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى قانداق گەۋدىلەن-
دۈرۈشى كېرەك...؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە
ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى بىلەن
قايتا - قايتا تەھلىل يۈرگۈزدۇ.

ئابدۇكېرىم شۇنچە ئويلىنىپمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب
تاپالماي غوۋا، سىستېمىسىز پىكىر قىلىش يولىغا كىرىپ
قالدۇ. ئەمما شۇنىسى كۈندىن - كۈنگە ئېنىق بولۇپ
قالغانىدىكى، شىڭ شىسەينىڭ ئابدۇكېرىمنىڭ قەلبىدىكى
«مۇقەددەس» ئوبرازى گۇمران بولغانىدى، ئابدۇكېرىم
پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە، پۈتۈن جۇڭگونىڭ ۋەزىيە-
تىگە، دۇنيا ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغانىدى.

بۇ مەزگىلدە، ئابدۇكېرىم ئورتاق ئۆگىنىش ۋە پى-
كىر قىلىشقا قىزىققانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر سايرانى ۋە
گو كۆيشىڭ قاتارلىق دوستلار بىلەن تونۇشۇپ قالدۇ.

ئۇيغۇر سايرانى موسكۋادا ئوقۇغان بولۇپ، ئاب-
دۇكېرىمدىن بۇرۇنراق «خائىنلار» ئەۋلادى دېگەن نام بى-
لەن ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنغانىدى، ئۇ ئابدۇكېرىم بى-
لەن بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى؛ گو كۆيشىڭ
بولسا مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

دۆلەت داشۆسىدە ئوقۇغان ۋاقتىمدىكى ساۋاقدىشىم ئىدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيتتى.

بىر كۈنى، ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇيغۇر سايرانى بازاردا ئۈرۈمچىگە ئاسفالت ئەكىتىۋاتقان توت چاقلىق ھارۋا ئەترىتىنى ئۇچرىتىدۇ، بۇ ئەترەتتە ئوتتۇزدىن ئار-تۇق ھارۋا بولۇپ، ھارۋىكەشلىنىڭ ھەممىسى رۇس ئىكەن. ئۇيغۇر سايرانى ئەترەت باشلىقى بىلەن رۇسچە پاراڭ-لىشىۋاتقاندا، ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇيغۇر سايرانىغا بىر-دىن چىرايلىق كېسىلگەن موخۇركا قەغىزى بېرىدۇ. ئاب-دۇكېرىم قەغەزنى قولىغا ئېلىپلا قارىسا. «پراۋدا» گې-زىتى 4 - بەت دېگەن خەت كۆزىگە چېلىقىدۇ. بۇنىڭ سو-ۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «پراۋدا» گېزىتىنىڭ بىر بۇر-جىكى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز ئىدى. ئابدۇكېرىم يەنە ئۇي-غۇر سايرانىنىڭ قولىدىكى قەغەزگە قارىسا. گېزىتنىڭ چىققان يىلى، ئاي، كۈنى كۆزىگە چېلىقىدۇ، ھېسابلاپ باقسا، ئۇ دەل شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرىرەك چىققان گېزىت ئىكەن.

ئابدۇكېرىم ئۇيغۇر سايرانىغا: «بۇ موخۇركا قە-غىزى ‹پراۋدا› گېزىتى ئىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، رۇسنىڭ ھارۋىسىدا يەنە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرمۇ بولسا كېرەك» دەيدۇ. ئۇيغۇر سايرانى زېرەك بولغانلىقتىن، ئابدۇكېرىمنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشىنىپ، ئەترەت باشلىقىغا تېخىمۇ قىزغىنلىقىنى بىلدۈرىدۇ. موخۇركىنى چېكىپ بولغۇچە، ئۇيغۇر سايرانى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن-لىشىدۇ. ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇيغۇر سايرانى بۇ رۇسنى

چىرايلىق زىننەتلەنگەن بىر ئاشخانىدا مېھمان قىلىندۇ. بىرقانچە رومكا ئاچچىق ئاق ھاراق قورساققا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانى ئابدۇكېرىم بىلەن كۆز قىستىشىپ، بۇ روسقا ئۈچ بوتۇلكا كۆچۈك گاۋلىياك ھارىقى سۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھارۋىسىدىكى روسچە گېزىتلەرنى ئالدۇرۇپ كېتىشىنى سورايدۇ. بۇ روس ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئىلتىماسىنى كۆتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك ئېھتىمالىم، سورالغان نەرسىلەرنى خۇشاللىق بىلەن بىرىۋېتىدۇ.

ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇيغۇر سايرانى بۇ گېزىتلەرنى ياتىقىغا ئەكىلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە 15 كۈن ئىلگىرى چىققان «پراۋدا» گېزىتىمۇ بار ئىكەن. شۇ كۈنى كېچىدە، ئىككىسى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، گېزىتلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقىدۇ - دە،سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدە ۋە دۇنيادىكى باشقا مۆلەتلەر ھەققىدە بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئۆزلىرى ئاڭلاپ باقمىغان مۇھىم خەۋەرلەرنى، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ يۆنىلىشى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن خەۋەر قىلىنغان ئەھۋاللارنى بىلىدۇ.

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، بۇ روس ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ، ھەر قېتىم مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئۆزى يىغىۋالغان روسچە گېزىت - ژۇرناللارنى ئالغاچ كېلىدۇ.

روسچە گېزىت - ژۇرناللارنى ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇيغۇر سايراندىن باشقا، گو كۈيشىڭمۇ مەخپىي ئوقۇيدىغان ئۇچىنچى كىشى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۈچەيلەن دائىم

تۈن يېرىمىغىچە رۇسچە گېزىت - ژۇرناللاردىن ئوقۇغان خەۋەرلەرنى ئۆزئارا ئاڭلاشتۇرۇپ، مۇزاكىرىلىشىپ تۇرىدۇ. كېيىن، ئابدۇكېرىم: «بىز بىلگەن خەۋەرلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بىر ئامال قىلىپ، دۆلىتىمىزدە چىقىدىغان خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللارنى تېپىشىمىز كېرەك» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «خائىنلار» ئەۋلادلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرنال ئوقۇشىنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللارنى ناھەيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەۋاتقان گو كۆيشىڭ ئارقىلىقلا تېپىشقا بولاتتى.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئۈچەيلەن بازاردىكى مىللىي ئاشخانىدا تاماقنى كۆتۈرە يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى بويتاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشخانىدا كۆتۈرە تاماق يېيىشى تەبىئىي ئىدى. ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇيغۇر سايرانى ئىككىنچى كۈنى چايدا يەيدىغان ناننى گو كۆيشىڭ ئەكەلگەن يېڭى خەنزۇچە گېزىتكە ئورايتتى. گو كۆيشىڭ بولسا ئۆزىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە يەيدىغان ئوزۇقلۇقىنى ئابدۇكېرىم بىلەن ئۇيغۇر سايرانى ئوقۇپ بولۇپ ئەكەلگەن خەنزۇچە گېزىتكە ئورايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاشخانىدىن ئىلگىرى - كېيىن چىقىپ كېتىشەتتى. شۇنداق چارە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، گو كۆيشىڭنىڭ ئىشخانىسىدىمۇ كىشىلەرنىڭ گېزىتنىڭ كەم بولغانلىقىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئابدۇكېرىم مۇشۇ بىر مەزگىللىك تۇرمۇشنى ئەسلەپ

تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆگىنىش ئەسلەش، پىكىر قىلىش نەتىجىسىدە، مەن شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارىتا دەسلەپتە ئۈمىدسىزلىك، نارازى بولۇش كەيپىياتىدا بولدۇم. ئاخىر بېرىپ قارشى تۇرىدىغان بولدۇم. لىن جىلۇ ئاكىنىڭ سىياسىي دەرسىدە سۆزلىگىنىدەك، رېئاكسىيون ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭدا، پۈتۈن جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك دېگەن نىيەت مېنىڭ قەلبىمدە بىخ ئۇرۇپ چىقىشقا باشلىدى.»

1941 - يىلى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى يۈزلىمىلىكى پۈتۈنلەي ئاشكارىلاندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگىمۇ ئىگە بولالمىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىشەنچىسىگىمۇ قايتىدىن ئىگە بولالمىدى. ئاخىر ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ كۈچى تېزدىنلا شېڭ شىسەينىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەربىي - سىياسىي ئاپپاراتلىرىغا سىڭىپ كىردى. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى گۇمران بولۇشقا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا ئاتالمىش «خائىنلار» ئەۋلادلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكمۇ بوشاپ قالدى.

ئابدۇكېرىم 1942 - يىلى، ساۋەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن غۇلجىغا بېرىپ ئېغىر كېسەلدە ياتقان ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن كەتتى.

# تۆتىنچى باب

# ئىنقىلاب كويىدا

## يېڭى دوستلار

1942 - يىلى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ھەرىكەت تېخىمۇ ئۇلغايدى. مەملىكىتىمىزدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكىتى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش بارغانسېرى كۈچەيدى.

سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، خەلقئارادا بىرمۇنچە ئىرادىسى ئاجىز ۋە يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر گىتلېرنىڭ «چاقماق تېزلىكىدىكى ھۇجۇم»ىنىڭ بىر مەھەل ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ،

سوۋېت ئىتتىپاقى يوقىلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا ۋە كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدىغان كاپىتالىستىك
ئەللەر ۋە خەلقئارا ئەكسىيەتچىلەر «روسىيىنىڭ قىزىل
ھاكىمىيىتى تۈگەشتى» دەپ بۆكىنى ئاسمانغا ئاتتى.
لېكىن سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلاپ بىرىلدىن
كېيىنلا، ئۇلۇغ سوۋېت خەلقى ستالىن باشچىلىقىدىكى
سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەر-
لىكىدە، قەھرىمانانە جەڭ قىلىپ، گىتلېرنىڭ ھۇجۇ-
مىغا تاقابىل تۇردى. بولۇپمۇ مۇھىمى شۇكى، سوۋېت -
گېرمان ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن، ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەردى. جاھانگىرلار ئوتتۇر-
سىدىكى ئۇرۇش فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇشقا
ئايلاندى.

گېرمانىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ سوۋېت -
گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ۋە ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قولغا كەلتۈرگەن ۋاقىتلىق
غەلىبىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. ياپونىيە ئارمىيىسى
كەڭ ئۇلۇغ ئوكيان رايونىدا ئۇرۇش قىلىپ، قورۇقلۇق
بازىسىغا ئىگە بولۇشقا جىددىي موھتاج بولدى. بۇ
چاغدا، جياڭ جيېشى ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشى جەريانىدا
ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان
دۈشمەن ئارقا سېپى ئۇرۇشىدىكى ھايات - ماماتلىق ئېلى-
شىش جەريانىدا «ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈپ»،
كىرىزىستىن ئۆتتۈۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى ساقلاپ

قىلىش ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇ-
رۇشتا پاسسىپلىق قىلىش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە
ئاكتىپ قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىيا-
سەتنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن دۈشمەن
ئارقا سېپىدىكى قىسىملىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ دۈش-
مەنگە تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، يەنە بىر تەرەپتىن،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى تايانچ بازىلى-
رىنى يوقىتىش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنى جىددىيلەش-
تۈردى. لېكىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بارلىق
ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ۋە كەڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ،
كەڭ مىللىي بىرلىك سەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ياپون جاھانگىر-
لىكى ۋە گومىنداڭ جاھىللىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش
قىلدى.

خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىشىگە
ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىمۇ كۈندىن - كۈنگە مۇ-
رەككەپلىشىشكە باشلىدى. 1943 - يىلى، شېڭ شىسەي-
نىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى باشلان-
دى. بۇ قېتىم ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ۋە ئىلغار كى-
شىلەرنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلدى، «سوۋېت تەرەپتە تۇرۇش،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قوللاش» دېگەن نىقا-
بىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئەپت-
بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. جياڭ جيېشى بولسا
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەينى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە تىرىشتى، 1942 - يىلى 6 - ئايدا، سۇڭ مېيلىڭ-

نى شىنجاڭغا «ھال سوراش»قا ئەۋەتتى ھەمدە 1943 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدا گومىنداڭ پارتىيىسى تەشكىلاتىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بارا - بارا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تالان - تاراجنى ۋە مىللىي زۇلۇمنى كۈچەيتتى. بۇ ئەھۋاللار شىنجاڭ خەلقىنىڭ غايەت زور نارازىلىقىنى قوزغىدى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئاخىر ئىلى رايونىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق ئىنقىلاب پارتلىدى.

ئابدۇكېرىم مانا مۇشۇنداق بىر جىددىي ۋەزىيەتتە ئىلىغا كەلدى، ئۇ ئىلىدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن، بولۇپمۇ ئىلغار زىيالىيلار بىلەن كەڭ ئۇچراشتى، جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان نارازىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئاشكارا كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرتى پىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئابدۇكېرىم بۇنىڭدىن زور ئىھاملاندى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان كاللىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىگە ئاخىر جاۋاب تاپتى، ئۇنىڭ كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بىردىنلا ھەسسىلەپ كۈچەيدى.

ئابدۇكېرىم غۇلجىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ياڭ فېڭيى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق،

باشتا ياڭ فېڭيى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىلى قىزلار
ئوتتۇرا مەكتەپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، كېيىن ئىلى
ۋالىي مەھكىمىسىدە قوشۇمچە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. بۇ،
ئۇنىڭغا بەك ياخشى پۇرسەت بولۇپ بېرىدۇ: بىر تەرەپ-
تىن، ئۇ يەردە تۈرلۈك ھۆججەتلەرنى كۆرۈش ۋە تەرجىمە
قىلىش ئارقىلىق، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر مىل-
لەت خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىش ئەھ-
ۋالىدىن، خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىدىن، شۇنىڭ-
دەك ھۆكۈمرانلارنىڭ قوللانغان سىياسىي ۋە ھەربىي تەد-
بىرلىرىدىن، گاھىدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن خە-
ۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ خىزمەت
جەريانىدا بىرمۇنچە ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى بىلەن
تونۇشىدۇ. مەسىلەن، ۋالىي مەھكىمىسىدە ۋېن فېيرەن
ئىسىملىك بىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ
بىلەن تونۇشۇپلا سىرداش دوست بولۇپ كېتىدۇ. سىياسىي
كۆز قارىشىنىڭ ئوخشاشلىقى ئۇلارنى ئورتاق تىلغا ۋە ئور-
تاق ئىدىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ۋېن فېيرەن ئابدۇكېرىمنىڭ
ئىدىيىدە ئىلغار، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، تالانتلىق بىر
ياش ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن
ياردەم بېرىدۇ.

ئابدۇكېرىم قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپىدە مۇئەللىم بو-
لۇپ تۇرغان مەزگىللەردە مەكتەپتىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار
بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن ئىدىيە جەھەتتە يېقىن
مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. بولۇپمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىي-
دىغىنى شۇكى، ئابدۇكېرىم ئوقۇتقۇچى ياڭ فېڭيى بىلەن

بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆز-
ئارا ھەمكارلىشىپ يۈرۈپ، بىر - بىرىنى ئوبدان چۈشى-
نىدۇ، بۇ ئىككىيلەن ئىدىيىسى، كۆزقارىشى ئوخشاش
بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلى-
شىپ، ئاخىر سەپداش ۋە ئاشىق - مەشۇق بولۇپ قالىدۇ
(بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كېيىنكى باپتا تەپسىلىي
بايان قىلىمەن). بۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇكېرىم ئۇيغۇر،
قازاق، تاتار، رۇس، شىبە، موڭغۇللار ئىچىدىكى بىرمۇنچە
ئىلغار ياشلار بىلەنمۇ چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ. ئاب-
دۇكېرىم ئۆزىنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان كۈرەشچان-
لىقى، ئۆتكۈرلۈكى، چېۋەرلىكى، كەمتەر - سەمىمىيلىكى،
تەلەپچان بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن تېزلىك-
تىلا دوستلار ئارىسىدا ھۆرمەت ۋە ئىشەنچكە ئىگە
بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىكى قولايلىقلاردىن
پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۈستىدە ھەر جە-
ھەتتىن كەڭ دائىرىلىك كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ ۋە چوڭ-
قۇر تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرى-
ياللارنى دوستلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بى-
لەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىدۇ، تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى
ئىگىلىگەن ئەھۋال بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، پۈتكۈل
ئىلى رايونىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى
ئىگىلەشكە تىرىشىدۇ. شۇ مەزگىللەردە ۋالىي مەھكىمىسى
ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىنى تەكشۈرىدىغان بىر گۇ-
رۇپپا تەشكىل قىلىدۇ. ئابدۇكېرىم ۋېن فېيرەن بىلەن بۇ

گۇرۇپپىغا قاتنىشىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ گۇرۇپپىغا تاپ-
شۇرغان ۋەزىپىسى: خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى كەيپى-
ياتىنى ۋە خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ ھۆكۈمەتكە قارشى
ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەملەرنى تەكشۈرۈش، ھۆكۈمەت-
نىڭ «ئادىل» سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ئىدى. بۇ گۇ-
رۇپپىغا قاتنىشىپ ئىلى ناھىيىلىرىنى ئايلىنىپ چىقىش
ئابدۇكېرىمگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرىنىڭ
جىنايى قىلمىشلىرىنى بىلىپ چىقىشىنىڭ، ھەر مىللەت ئەم-
گەكچى خەلقى بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ
ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى چۈشىنىشىنىڭ، ئىجتىمائىي تەكشۈ-
رۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئوبدان پۇرسىتى بولۇپ بەردى.
ئابدۇكېرىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماڭا ئۆزىنىڭ شۇ گۇرۇپ-
پىغا قاتنىشىپ، ناھىيىلەردە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:
«مەن مەسىلىنىڭ ئېغىرى شەھەردە ئەمەس، يېزىدا ئى-
كەنلىكىنى بىلگەنىدىم» دېگەنىدى.

ئابدۇكېرىم غۇلجىغا كېلىپ بىرەر يىلدىن كۆپرەك
ۋاقىت ئىچىدە، خىزمەت، ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش-تەتقىق
قىلىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىر تۇرمۇشىنى
تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن ئەمما ئاجىزلاپ كەتكەن ماھىيى-
تىنى ئېنىق كۆرىدۇ. بۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەھ-
ۋالى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بارغانچە جىددىيلەش-
مەكتە ئىدى، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قار-
شى ئىنقىلابىي كۈرىشى بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى. مۇ-
شۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇكېرىم ئىدىيىسى ئىلغار، ئىرادىسى

مۇستەھكەم، ئىشىنىشكە بولىدىغان بىر مۇنچە دوستلار بىلەن تونۇشقان، نەتىجىدە ئۇ بارا ـ بارا خەلقنى كۆز- لەپ، خەلقنىڭ كۈچىگە چىڭ تايانسا قىلا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى چوقۇم ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولغۇدەك، دەيدىغان تونۇشقا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئېتىقادى، ئىنقىلابىي ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. شۇن- دىن كېيىن، بۇ ئىنقىلابنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئىنقىلاب قوشۇنىنى قانداق تەشكىللەش كېرەك؟ دېگەن بىر قاتار چوڭ مەسىلىلەر ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ئويلىنىشىغا ۋە ئىزدىنىشىگە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

1943 ـ يىلىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شىڭ شىسەينىڭ ئەينى قىياپىتىنى تونۇۋېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ شىڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ھېسداشلىق قىلدى ۋە مە- دەت بەردى. تاشكەنتتە چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى»، ئالمۇتىدا چىقىدىغان «قازاق ئېلى» ناملىق ئۇيغۇرچە، قازاقچە ژۇرناللاردا شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۈرەشلىرىگە ئىل- ھام بېرىدىغان، مەدەت بېرىدىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنغىلى تۇردى. بۇ ژۇرناللار ھۆكۈمەتنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن، ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭغا، بولۇپمۇ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي چېگرا رايونلىرىغا كەڭ تار- قالدى. شىنجاڭ خەلقى بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئامما ئارىسىدا ئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىلىدىغان بولدى. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى بەزىدە «شىنجاڭ ئازادلىقى» دېگەن نام بى-

لەن، بەزىدە «موللا ئىسلام شياڭزۇڭ» دېگەن كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى (موللا ئىسلام شياڭزۇڭ ئالتايلىق بىر ئۇيغۇر بولۇپ، گومىنداڭغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ، جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلغان، كېيىنرەك پارتىزانلار قوشۇنى تەشكىل قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، ئالتاينى ئازاد قىلىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ كېلىپ كۈرەشكە قاتناشقان).

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشىنى قوللىشى، خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئەمدى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى باشلاش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى. ئابدۇكېرىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئىش تەۋرىتىشكە ئالدىرايتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. ئىنقىلاب بورنىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بايقاپ، ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەر بىلەن مۇداپىئەلىنىش ۋە باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

## ئىلى دەرياسى بويىدا

ئابدۇكېرىم بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، چۈڭ ئەينەك ئالدىدا گالستۇكنى تاقاپ بولۇپ، داستىخان-

نى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئانىسىغا: «ئانا، بۈگۈن مەن كېچە-
رەك قايتىشىم مۇمكىن» دەيدۇ.

ھاشىخان ئاپا بىر ئاز ئويلىنىپ: «راست، يېشىڭمۇ
بىر يەرگە بېرىپ قالدى بالام، توي ئىشىڭنىمۇ ئويلىشىش
كېرەك. ئىسىت، ھېلىقى قىز مۇسۇلمان بولۇپ قالغان بول-
سا ئىمىدىكەن ياخشى بولاتتى» دەيدۇ - دە، بىر ئۇھ تار-
تىپ قويىدۇ. ئىلگىرى ئوغلىنىڭ خىيىم - خەتەرگە ئۇچ-
راپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئانا بۈگۈن ئوغلىنىڭ ئۆ-
مۈر سودىسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇكېرىم دەرۋازىدىن چىقىش بىلەنلا، غۇلجا شە-
ھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. كوچىنىڭ ئىك-
كى تەرىپىدىكى ئاشخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئاشپەزلەرنىڭ
ۋە سېتىقچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، خادىك ھارۋى-
نى سۆرەپ چېپىپ كېتىپ بارغان ئاتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋاز-
لىرى... كاستۇم - بۇرۇلكىلار بىلەن قېتىۋالغان بايۋەچ-
چىلەر، ھاكاۋۇر ئوفىتسېرلار ۋە ئۇلارنىڭ چىرايلىق يا-
سانغان خېنىملىرى، تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ئەر - ئا-
يال دىۋانىلەر... ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىدىكى غۇلجا شە-
ھىرىنىڭ ئالاھىدە سادىسىنى ۋە كۆرۈنۈشىنى شەكىللەن-
دۈرەتتى.

ئابدۇكېرىم غۇلجىغا قايتىپ كەلگىلى خېلى بولغان
بولسىمۇ، بۇ «تىنچ» مەنزىرىنىڭ كەينىدىن قۇدرەتلىك دول-
قۇننىڭ ئۈزلۈكسىز ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى سەزگەنىدى.

بۈگۈن ئابدۇكېرىم ياڭ فېڭيى بىلەن ئۇچراشماقچى
ئەمەس ئىدى، غۇلجا شەھىرىدىكى ياشلارنىڭ ئىلى دەر-

ياسى بويىدىكى سايلىقتا ئۆتكۈزىدىغان سەيلە ئولتۇرۇشىغا قاتناشماقچىدى. ئابدۇكېرىم دەل ۋاقتىدا ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىكى كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى. بۇ يەرگە كېيىملىرى رەتلىك، ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، خۇش چاقچاق بىر توپ يىگىت - قىزلار يىغىلغانىكەن. ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، كاستۇم كېيگەن، قىزىل گالستۇك تاقىغان، سالاپەتلىك بىر نەچچە ياش ئونىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ كاستۇمىنىڭ يۇقىرى ياچۇقىنىڭ ئۈستىگە قادالغان ئىزناكلاردىن ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئىلى بويىچە ئەڭ يۇقىرى مەكتەپ — ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەيپۇللايوۋ، ئىسمايىل ھۈزۈلايوۋ قاتارلىق «تاشكەنتچىلەر» بار ئىدى، يەنە ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئەنۋەرخان بابا قاتارلىق «موسكۋاچىلار»مۇ بار ئىدى. ئۇلار ئابدۇكېرىمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بەك خۇش بولغانلىقىنى ۋە ئابدۇكېرىمنى سەيلە ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىپ بېرىشكە قىزغىن تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

[illegible] سائەت ئوندىن كېيىن، ئون نەچچە بىرىشكىغا ئولتۇرغان بىرقانچە ئون ھەر مىللەت قىز - يىگىتلىرى ئىلى دەرياسى بويىدىكى سايلىققا يىغىلدى. باش كۈزدە ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ ئاقاتتى. لەپىلدەپ تۇرغان قومۇش يىپەكلىرى يىراق تاغلاردىكى ياپيېشىل قارىغايلارغا سېلىشتۇرما بولۇپ، بۇ يەرنىڭ تىپتىنچ، گۈزەل، يېقىملىق مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

دالا زىياپىتى كاۋاپىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى، پىۋا بوتۇلكىلىرىنىڭ پاك - پۇك ئېتىلىپ تۇرغان ئاۋازلىرى، غۇلجا ياشلىرىغا خاس چاقچاق - كۈلكە سادالىرى ئىچىدە باشلاندى. ئەمما پارلاق بىر دەمدىن كېيىنلا سىياسىي مەزمۇنغا بۇرالدى. بۇ يەرگە يىغىلغان قىز - يىگىتلەر 12 مىللەتتىن بولۇپ، ھەر خىل تەشكىلاتلارغا مەنسۇپ ئىدى. يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان، ئىلى رايونىدا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل تەشكىلاتلارنى ئابدۇكېرىم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئاساسىي جەھەتتىن چۈشىنىپ چىققانىدى. ئۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي كۆز قاراشلىرى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشۇشنى خالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھەر بىر كىشىنىڭ بايان قىلغان سۆزىگە ئالاھىدە كۆڭۈل قويدى.

كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى شېڭ شىسەينى سۆكۈش تەرەپتىن ئالغاندا، سۆز قىلغۇچىلاردا ھېچقانداق پەرق يوق دېيىشكىمۇ بولاتتى. لېكىن بۇ كۆرەشنىڭ خاراكتېرىغا بولغان تونۇش جەھەتتىن ئالغاندا، پەرق ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر بەزى قىزىقچىلار ۋە سۆزمەنلەر بەزى يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلىپ ئوتتۇرىدا سۇلھىچىلىك قىلمايدىغان بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرى ئاخىر كۆڭۈلسىز تىركىشىشكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئابدۇكېرىم «تاشكەنتچىلەر» نىڭ ۋە «موسكۋاچىلار» نىڭ مەسلىسنى تەھلىل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىگە ۋە تەشەببۇسلىرىغا دىققەت قىلدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشقا قاتناشقان ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شېڭ شىسەينىڭ - گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە، ئولتۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ پىكىر ھېسسىياتىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلغانىدىم: بىراق، يەنىمۇ چوڭقۇر مەسىلەر، مەسىلەن، سىياسىي نىشان، سىياسىي شوئار قاتارلىق مەسىلىلەردە، سىنىپىي مەيدانى ئوخشاش بولمىغان ياشلارنىڭ قاراشلىرىنىڭمۇ ئوخشاش ئەمەسلىكى مەلۇم بولدى. بىرمۇنچە ياشلاردا دەۋر سەزگۈسى كەم ئىدى، سىياسىي سەزگۈرلۈك تېخىمۇ كەم ئىدى. بەزىلىرى مەسىلىگە كۈچلۈك مىللىي ئاڭ بىلەن قارايتتى. مەن ئۇلارنىڭ تەنتەكلىكىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەنمۇ غەم قىلىپ قالدىم. بىراق، نۇرلۇق تەرەپنىمۇ كۆردۈم، بىرمۇنچە ياشلار، بولۇپمۇ ‹تاشكەنتچىلەر› ۋە ‹موسكۋاچىلار› ئۆزلىرىنىڭ مول بىلىملىرىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يىراقنى كۆرەلەيدىغان سىياسىي تالانتلىرىنىمۇ كۆرسەتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قالتىس خوش بولدۇم ۋە روھلاندىم...»

### تەشكىللىنىش

ئابدۇكېرىم بۇ قېتىمقى دالا زىياپىتىدە يۈز بەرگەن سىياسىي ئىختىلاپلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بەكمۇ

بىئارام بولدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن
ئىچىدە، ئۇ سەيپۇللايوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئەنۋەرخان
بابا، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ۋەزـ
يەت مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپ قېتىم مۇزاكىرىلىشىدۇ. ئۇـ
لار مۇزاكىرە قىلغان ۋەزىيەتنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ
بولۇپ، ئۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى، پۈتۈن
ئۆلكىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى، پۈتۈن جۇڭگونىڭ سىياـ
سىي ۋەزىيىتىنى، پۈتۈن دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنداقلا گومىنداڭغا ۋە ئۇنىڭ
شىنجاڭدىكى ۋەكىلى بولغان شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتـ
چىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بايراق ئاستىغا توپلانغان
ھەرخىل كۈچلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيەـ
لىرىنى، ئۇلارنىڭ يەتمەكچى بولغان سىياسىي نىشانـ
لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مۇزاكىرە جەريانىدا،
ئابدۇكېرىم پروگراممىسى ئوچۇق، كۆز قارىشى توغرا بولـ
غان بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
ئوتتۇرىغا قويدۇ. لېكىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئالاھىدە شاراـ
ئىتتا، ئېنىق پروگراممىسى بار، بىرلىككە كەلگەن بىر
ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇش قىيىنراق ئىدى. شۇڭا ھازىرـ
چە بىر ئۆتكۈنچى بىرلىك سەپ تەشكىلاتىنى قۇرۇش
قارار قىلىندۇ.

بۇ بىر مەزگىلدە ئىلى رايونىدا شېڭ شىسەي ـ
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىـ
قاتتا تەسىرى ئەڭ چوڭ كىشى ئېلىخان تۆرە ئىدى. ئېـ
لىخان تۆرىنىڭ دىنىي بىلىمى يۇقىرى، مىللىتى ئۆزـ

بېك بولۇپ، ئەسلى دۆلەت تەۋەلىكى روسىيە ئىدى، ئۆك-
تەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭگوغا قېچىپ كېلىپ، ئىل-
گىرى - ئاخىر كۇچا قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك
بىلەن شۇغۇللانغان، 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا شىبىڭ شى-
سەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىپ، 40 -
يىللارنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن چىققان، 1943 - يىلىنىڭ
ئاخىرىدا، مەن غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت — بەيت-
تۇللا مەسچىتىدە ئۇ ئادەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەنىدىم،
ئۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭ-
لاپ باقاي دەپ مەسچىتكە بارغانىدىم، جۈمە نامىزى باش-
لانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا بويلۇق، قىسقا چارساقال،
سەللە ئورىغان، بەقەسەم تون كىيگەن ئېلىخان تۆرە ئال-
دىرىماي مېڭىپ كېلىپ خۇتبىغا چىقتى، ئۇ قولىغا خۇتبى
تايىقىنى ئېلىپ جامائەتكە تازا بىر قارىۋېتىپ، ئەرەبچە
بىرنېمىلەرنى سۆزلىدى، ئاندىن كېيىن، ئۆزبېكچە،
ئۇيغۇرچە ئارىلاش تىلدا سۆزلەپ كەتتى. مەسچىتنىڭ
ئىچى جىمجىت ئىدى، جامائەت ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت
بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ كىشى سۆزگە ئۇستا ئىكەن، تە-
سىرلىك سۆزلەيدىكەن، خەقنى ئۆزىگە بەك جەلپ قىلى-
دىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئاما ئىچىدە خېلى تەسىرى بار
ئىكەن. بۇندىن تاشقىرى، ئۇ ھاكىمبەگ باشلىق ئۇيغۇر
فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋە پومېشچىكلار ۋەكىللىرى-
نىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان.

ئابدۇكېرىم ئېلىخان تۆرىدىن پايدىلىنىپ بىرلىك
سەپ خاراكتېرلىك تەشكىلات قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى سەپداشلىرىغا ئېيتىپ،
ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئىلى-
خان تۆرە بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆزلەشكەن. ئىلى-
خان تۆرە شىڭ شىسەي - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئو-
چۇق پوزىتسىيە تۇتقان. بىراق باشقا مەسىلىلەردە ئۆز-
نىڭ كۆز قارىشىنى ئوچۇق بايان قىلىشنى زادىلا خالى-
مىغان، بۇ بىر مەزگىلدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا شىڭ شىسەي - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈم-
رانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ئارقا - ئارقىدىن
قۇرۇلۇپ، تىز راۋاجلانغانىدى. بولۇپمۇ ئىلى رايونىدا
خەلقنىڭ نارازىلىقى قاتتىق بولۇپ، پارتلاش دەرىجىسى-
گە يېتىپ قالغانىدى. جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان
ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئىنقىلابچىلاردىن تىزدىن تەشكىللى-
نىشنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى.

مەن 1943 - يىلى يازدا شىڭ شىسەي - گومىنداڭ
دائىرىلىرى تەرىپىدىن خىزمەتتىن بوشىتىلىپ، غۇلجىغا
كېلىپ، ھاجىقارى دەيدىغان بىر نەۋرە ئاكامنىڭ دۇكان
ھىساباتىنى باشقۇرۇشقا ياردەملەشتىم. بۇ ئاكام ئاساسەن
ماتاچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەن ئۇنىڭ دۇكىنىدا
ئابدۇكېرىم ۋە باشقا يولداشلار بىلەن، ساۋاقداشلار بىلەن
ئۇچرىشىپ، مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇم.

رامىزان ئېيىنىڭ بىر كۈنى چۈشتە، مەن ئابدۇكې-
رىم، سەيپۇللايۇۋ ئۈچىمىز ئارقا كوچىدىكى بىر خۇيزۇ ئاش-
خانىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئورۇن تېپىپ ئولتۇردۇق، بۇ

بىزنىڭ رامىزان كۆڭلىرى يوشۇرۇن ئاماق يېيىش ئۈچۈن بارىدىغان جايىمىز ئىدى، بىراق، بۇ جايدا كۈندىلىك پاراڭلاردىن تاشقىرى، باشقا ئىشلارنى سۆزلەشمەيتتۇق. مۇھىم مەسىلىلەرنى مېنىڭ ئۆيۈمدە ياكى سەيپۇللايېۋنىڭ ياتىقىدا سۆزلىشەتتۇق. بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدۇق: بۇ ئاشخانىدا ئىبلىخان تۆرىگە قوللىنىدىغان ئاساسىي پوزىتسىيىمىزنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتمەكچى بولدۇق. بۇ جاينى تاللىشىمىزدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، بۇ يەر كۈندۈزىمۇ ئادەم كۆپ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئاۋات كوچا ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى ئەكسىيەتچىلەر دائىرىلىرى بولسۇن، مەيلى ئىبلىخان تۆرىنىڭ ھىمايىچىلىرى بولسۇن بىزنىڭ بۇ يەردە چوڭ مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بىز ئۇ ياقتىن - بۇ ياقتىن بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەن: «باشقا گەپنى قويايلى، ئەمدى، ئابدۇكېرىم، سىز ئىبلىخان تۆرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بۇندىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى دەپ بېقىڭا» دېدىم.

«ئىبلىخان تۆرە، — دېدى ئابدۇكېرىم ئەتراپقا قاراپ بېقىپ دىققەت بىلەن، — ھەقىقەتەن ئاسان سىڭمەيدىغان بىر پارچە گۆش ئىكەن...»

«ئاسان سىڭمەيدىغان سېمىز گۆش دېيىش كېرەك» دېدىم مەن ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

«دەرۋەقە. ئۇ سەپىدىن ئاكام دېگەنگە ئوخشاش، ئاسان سىڭمەيدىغان سېمىز گۆش، ئۇنى تاشلىۋەتسەك،

بىر تالاي ئامىنى تاشلىۋەتكەن بولىمىز؛ ئۇنىڭ بىلەن
بىللە ئىشلەيلى دېسەك، ھالقىلىق مەسىلىدە ئۆزىنىڭ
كېپىنى ئوچۇق دېمەيدۇ. مېنى تېخىمۇ يىرگەندۈرىدىغى-
نى، ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان پانئىسلامىزم ئىدىيىسى. مەي-
لى نېمە بولسا بولسۇن، شېڭ شىسەي - گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە، بىر-
ئاز ئورتاقلىق تېپىلىدى، — دېدى ئابدۇكېرىم سۆزىنى
يەنە داۋام قىلدۇرۇپ.— ھازىرقى مەسىلە ئىنتايىن جىددىي،
ئۇرۇمچىدىن چۆچەككىچە، تۇرپاندىن قەشقەرغىچە — تەڭ-
رىتېغىنىڭ جەنۇبىدىمۇ، شىمالىدىمۇ ھەر خىل نامىلىق تەش-
كىلاتلار مەيدانغا كەلدى، بولۇپمۇ ھەرخىل نامىلىق يوشۇ-
رۇن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىلىۋاتىدۇ، خەلق بۇنىڭ-
دىن زور ئىلھام ئالماقتا. بىز بۇنداق ئىنقىلابىي ھەر-
كەتلەرنى قوللاپ، ئامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى
تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. ئاڭلىشىمىزچە، ئې-
لىخان تۆرىمۇ تەشكىلات قۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان
ئوخشايدۇ. بۇ يەردىكى جىددىي مەسىلە بىز ئۆز ئالدى-
مىزغا تەشكىلات قۇرۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى ئاتالمىش «خۇ-
دانىڭ جارچىسى» بولغان ئېلىخان تۆرە بىلەن ھەمكار-
لىشىپ تەشكىلات قۇرۇشىمىز كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىدىن
ئىبارەت.»

سەيپۇللايوۋ بىردەم خىيال سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مىجە-
زىگە خاس ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن: «سەيپىدىن، بۇ
ئىشقا سىز قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىدى مەندىن.

«دۇنيادا، جۇملىدىن بىزنىڭ جۇڭگودىمۇ ئوخشاش

بولمىغان سىياسىي كۈچلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەنـ
لىكى توغرىسىدىكى مىساللار تولا. بىزمۇ بۇ بوۋاي بىلەن
بىرلىشىپ ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئابرويى ۋە تەسىرىدىن پايـ
دىلىنىپ، ئۆز ئىشىمىزنى قىلساق زىيىنى بولماس» دېـ
دىم مەن.

«ھەئە، بۇمۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتە قوللىنىشقا بولىـ
دىغان بىر ياخشى چارە ئوخشايدۇ» دېدى سەيپۇللايوۋ
بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ.

ئابدۇكېرىم چوكا بىلەن سەيىنى ئاستا قىسىپ، خىـ
يال سۈرگەن ھالدا مۇنىداق دېدى: «ھازىرقى ئەھۋالدا
بىز شۇنداق قىلىشىمىزلا لازىم. بۇ كىشىنىڭ ئاما ئارىـ
سىدا ئابرويى بار، خەلق ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. تېخـ
مۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇ شىڭ شىسەي - گومىنداڭ ئەكسـ
يەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدۇ. بىز ئۇنى ئۆزـ
مىزنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق بولىدۇ. بۇ
ئاساسلىق تەرەپ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ پانـ
ئىسلامىزم ئىدىيىسى بىزگە ناھايىتى زور زىيان كەلتۈرـ
دۇ. ئامما پانئىسلامىزمنىڭ زىيىنىنى ھازىرچە چۈشىنىپ
كېتەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالمۇ بىزنىڭ كۈرىشىمىز-
گە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ. بىز ھەم ئۇنىڭ
بىلەن ھەمكارلىشىمىز، ھەم كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.
بۇ ستراتېگىيە مەسىلىسى، شۇڭغا دىققەت قىلىشىمىز
كېرەككى، بۇ بىزنىڭ ئېلىخان تۆرىدىن قانچىلىك پايـ
دىلىنالىشىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا،
بىز ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش جەريانىدا، تەشەببۇسـ
كار بولۇشىمىز لازىم.»

«سىز ئېلىخان تۆرىدىن پايدىلىنىپ، ئوبدان ئۇ-
تۇم هاسىل قىلالىغۇدەكمىز دېمەكچى ئوخشايسىز. بىراق
ئېلىخان تۆرىدەك يۈگەنسىز ئاتتىن بىزگە ۋاپا كېلەر-
مۇ؟» دېدى سەيپۇللايېۋ.

«ئامال قىلىپ بۇ ئاتقا يۈگەن سېلىپ، تىزگى-
نىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. شۇنداق قىلساق ئىش ئاسان-
لىشىدۇ» دېدىم مەن.

«تىزگىنىنى كىم تۇتىدۇ؟» دېدى سەيپۇللايېۋ ئىخ-
لاس بىلەن.

«ئەلۋەتتە ئابدۇكېرىم تۇتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم
مەن ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا.

سەيپۇللايېۋ چۈشەنمىگەندەك قىلىپ ئابدۇكېرىمگە
قارىدى.

«ئەگەر سىلەر مېنى بۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇت-
سۇن دېسەڭلار، مەن چوقۇم تۇتىمەن» دېدى ئابدۇكېرىم
كۈلۈپ تۇرۇپ.

بىز ئۈچىمىز كېلىشكەندىن كېيىن، باشقا سەپداش-
لارنىڭ پىكرىنى ئالدۇق. ئاخىردا ئېلىخان تۆرە باشچى-
لىقىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى»نى قوللايدىغان بولدۇق.

ئۇزاق ئۆتمەيلا «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى.
جەمئىي 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ تەشكىلاتقا ئېلى-
خان تۆرە رەئىس بولدى. قالغان ئەزالىرى ئابدۇكېرىم،
قاسىمجان قەمبىرى، رەخىمجان، جامى، نۇردىن بەگ،
ئابدۇرائۇپ مەخسۇم، سالىجان باي، مويدىن مەھەممەت-
جان مەخسۇم، زۇنۇن تېيىپوپ، ئۆمەرجانلاردىن ئىبارەت
بولدى.

1944 - يىلى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلى رايونى-
دىكى ئامانلىقنى ساقلاش تۈزۈمىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك قوغداش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى ليۇ بىڭدېنى ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى. ليۇ بىڭدې ئەسلى ئىلىلىق خۇيزۇ بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا ئۇستا ئىدى. شېڭ شىسەيگە تەرجىمان بولغان. ئۇ يۇرت، مىللەت، تىل جەھەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئىلى رايونىدا كەڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئورناتقان، ئۇ ئۆزىنىڭ ھىيلىگەرلىكى ۋە رەھىم-
سىزلىكى بىلەن ئىلى رايونىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەت-
لەرگە غايەت زور تەھدىت ۋە قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى، ئىشپىيونلاردىن مەخپىي ماتېرىيال ئېلىپ، ئىنقىلابچى-
لارنى ۋە ئىلغارلارنى ئۆلتۈردى، بىر قىسىم تەشكىلاتلار-
نى باستۇردى ۋە تارقىتىۋەتتى.

1944 - يىلى يازنىڭ بىر كۈنى كەچتە ئابدۇكېرىم «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ مەخپىي يىغىنى بولىدىغان-
لىقى توغرىسىدا ئېغىزچە ئۇقتۇرۇش ئالدى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا «ئازادلىق تەشكىلاتى» مەجلىس ئاچماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئابدۇكېرىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېلى-
خان تۆرە ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن مەجلىسنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى بېكىتىلەتتى، بۇ قېتىم ئېلىخان تۆرە ئابدۇكېرىم بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا مەجلىسنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنىنى ئۆزىچە بېكىتكەنلىكى ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس، دەپ گۇمانلاندى، چۈنكى يېقىندىن بۇيان، ئابدۇكېرىم بىلەن ئېلىخان تۆرە

ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى بارغانسىرى كۆپىيىپ قالغانىدى.

مەجلىس كەچكى زىياپەت شەكلى بىلەن ئېچىلدى. ئۆينىڭ تاملىرىدا چىرايلىق گىلەملەر ئېسىلغان، تۈۋسىغا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان چىراغلار ئېسىلغان بولۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان پاتېفوندىن يېنىك روھسىز مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئېلىخان تۆرە بۇ ئاخشىمى بېشىغا چوڭ سەللە ئورىۋالغان، ئاق، قارا، كۆك يوللۇق بەقەسەم تون كىيگەن بولۇپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، سۈر-لۈك دىنىي قىياپەتتە تۇراتتى. بۇ يىغىننىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇ ئىدىكى، قۇرۇق پاراڭ كۆپ بولمىدى، ئادەملەر كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە مەجلىس ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپلا، مەجلىسنىڭ مەزمۇنىنى، ئۆزىنىڭ بارلىق كۆز قاراشلىرى-نى بايان قىلدى. ئۇ: «ھازىر ۋەزىيەت جىددىيلەشتى، تەشكىلاتىمىز خەۋپ ئاستىدا قالدى، تەشكىلاتىمىزنىڭ پائالىيەتلىرىنى بۈگۈندىن باشلاپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ توختىتايلى. مەن سىنى كۆرمىدىم، سەن مېنى كۆرمىدىڭ.» دېدى ۋە ئۆزىگە مەدەتكار ئىزدىگەندەك قىلىپ، كۆزدى-نىكى ئارقىلىق جاماەتكە قاراپ چىقتى.

ئېلىخان تۆرىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، يى-غىن ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى، بەزىلىرى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ، ئېلىخان تۆرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ

ئولتۇردى، بەلكى ئېلىخان تۆرە ئۇلار ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان گەپنى دېگەن بولسا كېرەك ياكى ئۇلار ئاللىقاچان كېلىشىۋالغان بولسا كېرەك.

بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئېلىخان تۆرىنىڭ پىكرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «بىز ئۆز ۋاقتىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ، بۇ تەشكىلاتقا كىرگەن ئەمەسمىدۇق؟ قەسەم قەيەردە قالدى؟ مەن بۇ تەشكىلاتنى تارقىتىۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرىمەن» دېدى.

ئېلىخان تۆرە يالغاندىن: «تارقىتىش ئەمەس، ۋاقىتلىق توختىتىش» دېدى.

ئابدۇكېرىم كەسكىنلىك بىلەن: «توختىتىش دېگەنلىك قورقۇنچاقلىق قىلغانلىق. ئارقىغا چېكىنگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ تارقىتىش بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ سىلەر بۇ تەشكىلاتنى تارقاتماقچى بولساڭلار، تارقىتىۋېرىڭلار، مەن يەنىلا ئۆز قارىشىمدا چىڭ تۇرىمەن» دېدى-دە، پىكرىنى بايان قىلىپ بولۇپ ئاچچىقى بىلەن مەجلىستىن چىقىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن «ئازادلىق تەشكىلاتى» پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

## يول ئىزدەش

بۇ ئىش تەرەققىي قىلىپ، ھەم مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان، ھەم كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى.

شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتە، شېڭ شىسەي ـ گومىنداڭ-
نىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش جە-
ھەتتە ئابدۇكېرىمنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسى بول-
مۇ، لېكىن بۇ كۈرەشنىڭ خاراكتېرىنى تونۇش مەسىلى-
سىدە ئابدۇكېرىمنىڭ تەشەببۇسىنى كەڭ خەلق ئاممىسى-
نىڭ بىردەك چۈشىنىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، ئابدۇكېرىمنى يېقىندىن قوللاپ
كەلگەن سەيپۇللايوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى
ئەكسىيەتچىل دائىرىلەرنىڭ بېسىقتۇرۇشى تۈپەيلىدىن،
غۇلجىدىن ئايرىلىپ سوۋېت تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى، بە-
زىلىرى باشقا جايلارغا قېچىپ يوشۇرۇنۇۋالدى، بەزىلىرى
بولسا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئەكسىيەتچى
ھەربىي ۋە ساقچىلار ئابدۇكېرىمنى قاتتىق نازارەت قىلىپ،
ئۇنى تۇتماقچى بولدى، بۇنى ئابدۇكېرىم ساقچى ئىدارى-
سىدە ئىشلەيدىغان بىر دوستىدىن ئاڭلىدى، ئۇنىڭغا
غۇلجىدا تۇرۇپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش خەتەرلىك بو-
لۇپ قالدى. بىر كۈنى تۈن يېرىمىدا ئابدۇكېرىم بىزنىڭ
ئۆيگە كىرىپ، يۇقىرىقى ئەھۋالنى ماڭا دېدى. ئۇ بۇ ئەھ-
ۋالنى دەپ بولۇپ ئېچىنغان ھالدا: «ئەھۋالدىن قارىغان-
دا، ماڭا ھازىرچە چەتتىرەك تۇرۇشقا توغرا كېلىپ قال-
دى، مەن ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىمدە، يول-
داش چېن تەنچيۇ، يولداش ماۋ زېمىن ۋە لىن جىلۇ ئاكا
قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئەسلەيمەن. بۈگۈنكى
كۈنلەردە ئۇلار بىزنى يېتەكلەپ ماڭسا نەقەدەر ياخشى
بولغان بولاتتى دەپ ئارمان قىلىمەن. بىراق، بۇ يول-

داشلار شىنىڭ شەي - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلە-
رىنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا قۇربان بولۇپ كەتتى. —
ئۇ بىر پەس چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ، — ئەمدى ماڭا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئىنقىلاب-
نىڭ، قوراللىق كۈرەشنىڭ يولىنى تېپىشتىن باشقا چارە
يوق بولۇپ قالدى...» دېدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن
ئىلگىرى بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرى-
لەشكەنىدىم. ئەمما ئۇ چاغدا كۆز قارىشىمىزنى بىرلىككە
كەلتۈرەلمىگەنىكەنمىز. بۈگۈن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلاپ، ئۇنى قۇۋۋەتلىدىم. «توغرا ھازىر مۇشۇنىڭدىن
باشقا چارە يوق، ئۇ يەرگە بارسىڭىز ھەم ئۆزىڭىزنى
خەۋپتىن ساقلاپ قالالايسىز، ھەم تەييارلىق قىلالايسىز —
ئىككى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، بۇ ياخشى چارە، ئۇ
تەرەپ بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنى ۋاستىلىق قول-
لاپ كەلدى، ئەمدى بىۋاستە ياردىمىگە ئىگە بولىمىز»
دېدىم. كېيىن ئويلىشىپ ھاشىخان ئاپامغا ئېيتىپ قوي-
دىغان بولدۇق، ئېيتىپ قويمىساق ئۇ كىشى ئەندىشىدە
قالاتتى.

باش كۈزنىڭ بىر كېچىسى، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيى-
دە كەچلىك تاماق ئاللىقاچان يېيىلىپ بولغان. ئابدۇ-
كېرىم بىلەن قاسىمجان قەمبىرى دېيىشمەكچى بولغان
سۆزلىرىنى باشلىيالماي، بىر - بىرىگە قارىشىپ، جوزى-
نىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. قاسىمجان قەمبىرى ئابدۇكېرىم-
نىڭ يېقىن دوستى بولغاچقا، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىگە

ھېيت - ئايەملەردىغۇ كېلىپ تۇراتتى، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ بوش ۋاقىت بولسىلا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى. ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپ، قونۇپمۇ قالاتتى. قاسىمجان قەمبىرى سەنئەتكە بەك ھەۋەس قىلىدىغان قىزىقچى ئادەم ئىدى، ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ شوخ - بەدىئىي خۇلقىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۈگۈن سائەت 11 بولغان بولسىمۇ، قاسىمجان قەمبەرى كېتىشنىڭ ئىپادىسىنى بىلدۈرمىدى. باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشاش، ئارىلاپ ھاشىخان ئاپىغا چاقچاق قىلىپ، قونۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ دېمىدى. ئۇلارنىڭ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالماي قىينىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى ھاشىخان ئاپا سەزگەن بولسىمۇ، ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەي، چىراغنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، يىڭنە ئىش قىلىۋاتاتتى.

مۇشۇ ۋاقىتتا كۈزىمىن ئۇشتۇمتۇت ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ كەلدى. ئۇ يېشى 30 ئەتراپىدىكى رۇس يىگىتى بولۇپ، ئۇمۇ ئابدۇكېرىمنىڭ بىر ياخشى دوستى ئىدى. ئادەتتە كۆپ ئارىلىشىپ ئۆتەتتى. شۇڭلاشقا، ھاشىخان ئاپا ئۇنىڭ كېلىشىنى ئادەتتىكى ئەھۋال دەپ چاغلىدى، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بولۇپ، قولدىكى يىڭنە ئىشىنى ئەمدى باشلاي دەپ تۇرۇشىغىلا، ياڭ-فېڭيى كىرىپ قالدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ دوستلىرى ئىچىدە ھاشىخان ئاپا ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ كەلگەن كىشى مۇشۇ خەنزۇ قىز

ئىدى. موماي بۇ خەنزۇ قىز بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ماڭا كېلىن بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئوغلۇم ئابدۇكېرىم ياراتسىلا بوپتۇ، بىراق، بۇ قىزنى بىر ئىلاج قىلىپ مۇسۇلمان قىلغىلى بولسا بەك ياخشى بولاتتى دەپ ئويلايتتى.

ياڭ فېڭيى ئۇيغۇرچىنى بىلەتتى، بىراق، بۈگۈن ئۇ ھاشىخان ئاپىدىن ھال سورىغاندا، ئۇنىڭدا بىر خىل غەمكىنلىك، روھى سۇنۇقلۇق كۆرۈندى، ھاشىخان ئاپا بۈگۈنكى كەيپىياتىنىڭ غەيرىي بولغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇمكىنقەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ياڭ فېڭيىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا چاي قۇيماقچى بولغاندا، ياڭ فېڭيى ئۆزۈم قۇياي دەپ ئۇنىمايدۇ. ھاشىخان ئاپا ئۈستەلنىڭ يېنىدا يىڭنە ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، غەم قىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ چۈشەنمەيۋاتقىنى شۇ ئىدىكى، بۈگۈن كېچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۆيگە كىرگەنلەر ئابدۇكېرىمنىڭ ئوبدان دوستلىرى، شۇنىڭدەك بۇ ئۆيگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان مېھمانلار بولسىمۇ، ئۇلار ئەدەبكە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى، بىراق بۈگۈن ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىشتى، بۇ يەردە بىر سىر بارلىقى سېزىلىپ تۇرىدۇ، ئۇندىن قالسا، كۆزىمىنىنىڭ كىيگەن كىيىملىرى باش كۆزدە كىيىدىغان كىيىملەردىن قېلىن، ياڭ فېڭيىنىڭ قولىدىن ئايرىلمايدىغان ئېسىل سومكىسى بۈگۈن بىر ئوتتۇراھال ساياھەت سومكىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئالدىنقى كۈنلەردە، ھاشىخان ئاپا ئەكسىيەتچىل دائىرىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى

ئاڭلاپ، ئوغلۇم ئابدۇكېرىم بالا - قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر يەرگە كەتمەكچىمىكىن؟ دېگەن ئويغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ: «بالام، بىرەر كېپىڭلار باردەك قىلىدۇ، ھەرقانداق ئىشىڭلار بولسا، ماڭا ئوچۇق دەڭلار»دەيدۇ.

قاسىمجان قەمبىرى ئەپۇ سورىغان ھالدا: «ھاممىچا، ئامالسىزلىقتىن ئابدۇكېرىم بۈگۈن كېچە كۆزىمىن بىلەن ۋاقتىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ تۇرماقچى. شۇنى سىزگە ئېيتماقچىدۇق» دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھاشىخان ئاپا قېتىپلا قالىدۇ. خاتا ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۆيگە كىرىۋېدىم، ھاشىخان ئاپا پەرىشان ھالەتتە ئولتۇرۇپتۇ. باشقىلارمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ. ھاشىخان ئاپا مېنى كۆرۈپ بىر چارە تېپىلغاندەك، بىرئاز ئېچىلدى - دە، مەن تىنچلىق سوراپ بولغۇچىلا: «ۋاي بالام سەيپىدىن، ئەجەب ياخشى كەلدىڭ. ماۋۇ باللار ئابدۇكېرىمنى چەتكە قېچىپ كەتسۇن دەۋاتامدۇ- نېمە؟» دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى قارشى ئېلىپ.

«ياق ئاپا، قاچمايدۇ، ھازىر ئىلاجسىزلىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالدى، خاتىرجەم بولۇڭ. بۇلار توغرا ئېيتىدۇ، ئەسلا چاتاق چىقمايدۇ» دېدىم مەن.

«بۇرۇنلا كېلىشىپ بوپتىكەنسىلەر - دە» دېدى ھاشىخان ئاپا كۆڭۈلسىز قىياپەتتە.

«ئاپا، ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىمەن» دېدى ئابدۇكېرىم كۈلۈمسىرەپ.

ھاشىخان ئاپا گەپ - سۆز قىلماي تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردى.

«چوڭ ئاپا، خاتىرجەم بولۇڭ، كۆزىمىن ئاكا يول باشلىغۇچى بولىدۇ. ھېچ گەپ يوق» دېدى ياڭ فېڭيى تە-سەللى بېرىپ.

«بىزنىڭ ئەيسا پەيغەمبىرىمىز بار. ياڭ فېڭيى خېنىملارنىڭ تيەنلاۋيېسى① بار، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بار. ئۇلار چوقۇم مەن بىلەن ئوغلىڭىزنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدۇ» دېدى كۆزىمىن قىزىقچىلىق قىلىپ.

بۇ چاغدا ھاشىخان ئاپا يېشىنى سۈرتۈپ، كۆزىمىن-غا ۋە باشقىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

«ھەببەللى، بىز رۇسلار سەپەرگە چىقىدىغان كى-شىنى كۆز يېشى بىلەن ئۇزىتىشنى ياخشى كۆرمەيمىز» دېدى كۆزىمىن چاقچاق ئارىلاش ھاشىخان ئاپىغا قاراپ.

«ئاپا، ھەممىمىز ئابدۇكېرىمنى سىزدەكلا ياخشى كۆرىمىز» دېدىم مەن يېنىمدا ئولتۇرغان ھاشىخان ئا-پىنىڭ يەلكىسىنى پوپىلاپ تۇرۇپ. «ئابدۇكېرىم خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، بىز ئۈچۈن ئامان بولۇشى كېرەك. ماقۇل دەڭ ئەمدى.»

«بوپتۇ، ئابدۇكېرىم ئامانلا بولىدىغانلا ئىش بولسا، بارسا بارسۇن، — دېدى ھاشىخان ئاپا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ، — يېقىندىن بۇيان كۈندۈ-زى ئەندىشە قىلىدىغان، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيال-مايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. بارسۇن، مەن سىلەرگە ئى-

---

① تيەنلاۋيې — تەڭرى دېگەن سۆز — تەھرىردىن.

شىنىمەن. ماۋۇ سەيپىدىن بالام ياماﻥ يول كۆرسەتمەيدۇ.»

ھاشىخان ئاپا يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ كۈلۈمسىردى، ھەممىمىز خۇش بولدۇق.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدىلا ئابدۇكېرىم كۆزىمىن بېلەن غۇلجىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ، چوڭ يولدىن ئايرىلىپ غەربكە قاراپ ماڭدى. كۆرەگە يېقىنلاشقاندا يەنە بىر ئەگرى-توقاي چىغىر يول بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر قىلىن قومۇشلۇققا كەلدى ۋە بۇ جايدا ئازراق دەم ئالماقچى بولدى. ئۇلار ئاتنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى چۇشەپ، ئېگەرلىرىنى ئېلىپ قويۇۋەتتى. ئۆزلىرى سومكا - خۇرجۇنلارنى بېشىغا قويۇپ دەم ئېلىشقا ياتتى. ئابدۇكېرىم ياتقان بىلەن ئۇخلىيالمىدى. تۈرلۈك ئويلار ئۇنىڭ مېڭىسىنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ بىر پەس ياتتى-دە، قوپۇپ سومكىنى ئېچىپ، بىرەر كىتاب ئېلىپ ئوقۇماقچى بولدى. قولىغا بىر خەنزۇچە كىتاب چىقتى، قارىسا، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن كىتابى ئىكەن، بۇ كىتابنى ئابدۇكېرىم غۇلجىدىن ماڭغاندا ياك فېڭيى سومكىسىغا سېلىپ قويغان ھەم ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «بۇنىڭ ئىچىدە خەت بار» دېگەنىدى. ئالدىراشچىلىقتا ئابدۇكېرىم نېمە خەت ئىكەنلىكىنى سوراشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، ئۇ ئەمدىلىكتە كىتابنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان خەتنى تاپتى، ئېچىپ قارىسا: «بۇ كىتاب سىزگە سەپەردە ھەمراھ، ئازغاندا ماياك، كۆرەشتە كۈچ بولىدۇ. — دوستىڭىز ياك

فېڭيى» دېگەن سۆز يېزىلغانىكەن. بۇ سوۋغا بىلەن ياڭ فېڭيىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزى، ئابدۇكېرىمنى چەك- سىز ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى ھەم چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈردى.

ياڭ فېڭيى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان بىرمۇنچە تاتلىق ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئال- دىدا نامايان بولدى.

## بوۋاق بىلەن مۇڭدىشىش

مۇشۇ ۋاقىتتا قومۇشلۇقنىڭ نېرى ياقىدىن تۇيۇق- سىزلا ئاتنىڭ تىۋىشى ئاڭلىنىدۇ، ئابدۇكېرىم چۆچۈپ ئۇياققا قارايدۇ - دە، دەرھال كۆزىمىنى ئويغىتىدۇ ۋە كىتابىنى سومكىغا سالىدۇ، ئاڭغىچە: «مانا. ئاتنىڭ ئىز- لىرى بۇياققا كېتىپتۇ، ئادەم بار ئوخشايدۇ» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئابدۇكېرىم بىلەن كۆزىمىن دەرھال ئات- قا يۈگۈرىدۇ. ئۇلار ئاتنىڭ چۇشەكلىرىنى يېشىپ، ئېگەرنى ئاتنىڭ ئۈستىگە قويغىچىلا تۆت ئاتلىق ئادەم توپۇرلىشىپ يېتىپ كېلىپ، بۇ ئىككىسىنى ئارىغا ئېلىۋالىدۇ. چار ساقال سېمىز بىر كىشى: «سىلەر نېمە ئادەم. بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈشىسەن؟» دەپ سورايدۇ. «قورغاسقا كې- تىپ باراتتۇق، مۇشۇ يەردە دەم ئالدۇق» دەپ جاۋاب بې- رىدۇ ئابدۇكېرىم. «قورغاسقا ماڭغان ئادەم چوڭ يول بى- لەن ماڭماي قومۇشلۇقتا نېمە قىلىدىكەن» دەيدۇ ھې- لىقى چار ساقال بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن يېقىندىكىلەر-

گە، «باغلاڭلار بىزلارنى، بۇلار ياكى ئىشپىيونلار، ياكى ئەتكەسچىلەر».

ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاتتىن چۈشۈپ، ئابدۇكېرىم بىلەن كۆزىمىننى باغلايدۇ ۋە شۇ پېتىلا ئاتقا مىندۈرىدۇ. ئابدۇكېرىمنى ئاتقا مىندۈرۈۋاتقان قازاق يىگىت ئانچە قوپاللىق قىلمىغانلىقتىن، ئابدۇكېرىم ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ، يەردە تۇرغان كۆن سومكىسىغا قارايدۇ. قازاق يىگىت سومكىنى ئېلىپ ئابدۇكېرىمنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئابدۇكېرىم بىلەن كۆزىمىننى ئېلىپ شەرققە قاراپ مېڭىپ قومۇشلۇقنىڭ نېرى تەرىپىدىكى بىر ئوتلاققا بارىدۇ. ئوتلاقنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ قىرغىقىدا ئىككى كىگىز ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئابدۇكېرىمنى بىر كىگىز ئۆيگە، كۆزىمىننى يەنە بىر كىگىز ئۆيگە ئەكىرىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۆينىڭ كەرىگىسىگە باغلاپ قويىدۇ.

ئابدۇكېرىم باغلاپ قويۇلغان كىگىز ئۆي ئانچە چوڭ بولمىغان ئاددىيغىنا ئۆي بولۇپ، ئۇزۇن يىللار ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆينىڭ كەرىگىسى ئىسلىشىپ، قاپقارا بولۇپ كەتكەن، ئۈستىگە يېپىلغان كىگىزلەر كونىراپ يىرتىلىپ ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ياماق سېلىنغان بىرقانچە يوتقان - كۆرپە ۋە تاماققا ئىشلىتىدىغان ئاددىي ئەسۋابلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بىر قازاق موماي ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇنى - بۇنى قىلىپ تىمىسقىلاپ يۈرەتتى ۋە ئابدۇكېرىمگە پات - پاتلا يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى. ئۆينىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقنىڭ بېشىدا ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بىر ئوغۇل بالا بىر نېمىلەرنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى يىگىت بولسا ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. بىر پەستىن كېيىن، يىگىت كىرىپ ئابدۇكېرىمگە قاراپ: «ئۇسسىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئابدۇكېرىم بېشىنى لىڭشىتىۋىدى، ئوچاقتىكى چۆگۈندىن بىر چىنە قايناق سۇ قۇيۇپ، ئابدۇكېرىمگە ئىچكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئاز سۈت قوشۇپ سوۋۇتۇپ ئۇنىڭ لېۋىگە ئاپاردى. ئابدۇكېرىم شۇنچە چاڭقاپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇنىڭغا بىر يۇتۇم سۇمۇ ئاجايىپ قەدىرلىك بىلىنەتتى. بۇ يىگىتنىڭ بىر چىنە سۈتلۈك چاي ئىچكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئابدۇكېرىم چىنىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئۆزىگە ئىچكۈزۈۋاتقان يىگىتنىڭ كۆزىگە قارىدى. يىگىت ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزىگە قارىماسلىققا تىرىشسىمۇ، يەنىلا كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئابدۇكېرىم بۇ يىگىتنىڭ كۆزىدىن سەممىيەتلىك سىزىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلاردا بولسا كېرەك، ئېگىز بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئابدۇكېرىم سۈتلۈك چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ۋە مۇنداق دېدى: «بىز يامان ئادەملەر ئەمەس، ئەتكەسچىلەرمۇ ئەمەس.»

يىگىت بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئابدۇكېرىمنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مومايغا: «ئاپا، مەن سىيىرلارغا قاراپ كېلەي» دەپ چىقىپ كەتتى.

موماي چېچىغا خېلى ئاق كىرگەن، پېشانىسىنى قورۇقلار باسقان مەزلۇم ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېغىر ئەمگەك قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك، دۈمچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئابدۇكېرىم موماي بىلەن مۇڭداشماقچى بولۇپ، ئۇنى - بۇنى سورىغاندا، موماي جاۋاب بەرمەي قاراپلا قويدى. ئابدۇكېرىم مومايىنى ئېرىنتىش ئۈچۈن جىق گەپلەرنى قىلىپ، «مېنىڭمۇ سىزدەك بىر قېرى ئانام بار، ئۇ سىزدەك ياۋاش، مېھرىبان موماي» دېگەندە، موماي بىرئاز ئىچ ئاغرىتقان قىياپەت بىلەن ئابدۇكېرىمگە قاراشقا باشلىدى. ئابدۇكېرىم پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ: «سىزنىڭمۇ مەندەك ئوغلىڭىز بار ئىكەن، ئەگەر ئوغلىڭىزنى ماڭا ئوخشاش بىگۇناھ تۇتۇپ كېتىپ كومىنداڭغا تاپشۇرۇپ بەرسە، سىزمۇ ئانامغا ئوخشاش چوڭ قايغۇ - ھەسرەتتە قالاتتىڭىز، ئوخشاشلا كېچە - كۈندۈز خۇدادىن ئوغلىڭىزنىڭ ئامان بولۇشىنى تىلەيتتىڭىز، ئوغلىڭىزنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزىڭىز بىلەن كۈتەتتىڭىز، بايامەن ئوغلىڭىزغا بىز يامان ئادەم ئەمەس دېدىم. قولۇمنى بوشىتىپ قويسىڭىز، مەن ھەرگىز قېچىپ كەتمەيمەن، خاتىرجەم بولۇڭ» دېدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى مومايىنى تەسىرلەندۈردى بولغاي، موماي بىرئاز ئويلىغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمنىڭ قولىنى بوشاتتى ۋە مۇنداق دېدى:

«ئۆزۈڭ ياخشى يىگىت كۆرۈنىسەن، ئاناڭغا ئىچىم ئاغرىدى... بىراق ئوغلۇم كەلگۈچە ئۆيدىن چىقما.»

ئابدۇكېرىم كۈيۈشكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئۆيىنىڭ

كەرەگىسىگە يۆلىنىپ، بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، موماي داستىخان سېلىپ بوغۇرساق تۆكتى، بىر پىيالە سۈتلۈك چاي قۇيۇپ، ئۆزى نېرىقى چەتتىكى بىر ئاددىي ياغاچ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ نەۋرىسىنىڭ كىيىمىنى ياماشقا باشلىدى.

ئابدۇكېرىم چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئوچاق ئالدىدا ئويناۋاتقان بالىغا ئۇزاق قارىدى. بالا ئىشتانسىز، ئۇ-چىسىغا پاختىلىرى تىتىلىپ چىقىپ تۇرغان بىر جىلىتكە كىيگۈزۈپ قويۇلغان. يۈزى كۆل بىلەن ئالا-بۇلا بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ ئەھۋال بالىنىڭ ئوماقلىقىنى يېپىپ كېتەلمىگەنىدى. ئابدۇكېرىم كىچىكىدىلا ئاچ-يالىڭاچ تۇرمۇشتا قالغان بۇ بىچارە بالىغا ھەم زوقلىنىپ قالدى، ھەم ئىچىنى ئاغرىتتى. ئۇ كېلىپ بالىنىڭ يې-نىدا ئولتۇرغاندا، بالا يېتىرقاپ بىر ئاز ئۆزىنى قاچۇردى، لېكىن قورقمىدى. ئابدۇكېرىم يېقىملىق مۇئامىلە بىلەن بالىنى ئەركىلىتىپ قۇچىقىغا ئالدى. بالا قاچمىدى، مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى ئابدۇكېرىمنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، قۇچىقىدا ئولتۇردى. ئابدۇكېرىم يانچۇقىدىن ئاق قول ياغلىقىنى ئېلىپ، بالىنىڭ يۈز-كۆزىنى تازى-لاپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە موماي دىققەت بىلەن قاراپ ئولتۇردى.

ئابدۇكېرىم چوڭ ئادەمگە سۆز قىلغاندەك بالىغا سۆز قىلغىلى تۇردى: «نېمىدېگەن چىرايلىق بالىسەن! ماڭا قارا، ئاپئاق يۈزلىرىڭ ئېچىلدى» دېدى. ئۇ بالى-نىڭ يۈز-كۆزىنى تازىلاۋېتىپ، ئەركىلىتىپ كۈلدۈرۈ-

ۋەتتى. شۇ ئاردا ئۇ: مەن مۇشۇ بالىنى ۋاستىچى قى-
لىپ تۇرۇپ، چوڭلارغا دېمەكچى بولغان گېپىمنى بالىغىلا
دېسەم بولمامدۇ؟ دەپ ئويلىدى - دە، بالىنىڭ باش -
كۆزىنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۆز قېتىپ سۆزلەپلا
كەتتى:

«قارىغىنا بالا ئەھۋالىڭنى، ئىشتىنىڭمۇ يوق، تۇ-
زۇكرەك بىر چاپىنىڭمۇ يوق، قورساقىڭنىڭ تويۇۋاتقىنى-
مۇ ناتايىن، ئۇنى بوۋاڭدىن، موماڭدىن، داداڭدىن كۆ-
رەمسەن؟ ئۇلاردىن كۆرسەڭ ئۇلارغا ئۇۋال بولۇپ كېتى-
دۇ. بوۋاڭ بىلەن موماڭمۇ بالا ۋاقتىدا ساڭا ئوخشاش
كۈن كەچۈرگەن بولغىيدى. بۇ ئىشلارنى موماڭدىن سوراي-
دىغان بولساڭ، كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى تۆكۈپ، يىغلاپ
كېتىدۇ. 40 كېچە - كۈندۈزدىمۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيدۇ...
سەنچۇ؟ سەن چوڭ بولغاندا، ھالىڭ ئۇلارنىڭكىدىن ياخ-
شى بولارمۇ؟ بەش - ئالتە ياشقا كىرگەندىلا، مەكتەپكە
كىرىشىڭ ئورنىغا قولۇڭغا تاياق ئېلىپ باينىڭ موزاي-
لىرىنى باقىسەن. ئاندىن كېيىن، يېرىم ئاچ - يېرىم يا-
لىڭاچ قۇللۇقتا ئىشلەيسەن... بۇنداق قىيىن تىرىكچىلىك
سېنىڭ بۇ ئائىلەڭدىلا ئەمەس. مىليونلىغان كەمبەغەل
چارۋىچى، نامرات دېھقانلارنىڭ ھاياتىدا داۋام قىلماق-
تا... ھازىرقى دۇنيا مۇشۇنداق قاراڭغۇ دۇنيا. پۇلى بار،
مېلى بار بايلار گادايلارنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ، ئۇلار-
نىڭ قولىدا قىلىچ بار، ئۇلار خەلقنى قوي ئۆلتۈرگەندەك
خالىغانچە ئۆلتۈرىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن يايلاقتا قانچى-
لىك بىگۇناھ نامرات چارۋىچىلار ئۆلۈپ كەتكەندۇر، بۇنى
بىلەمسەن!...»

ئابدۇكېرىم بوۋاققا مۇشۇنداق خىتاب قىلىۋاتقانـ
دا، موماي يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. ئابـ
دۇكېرىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇ دۇنيا مۇشۇنداق
ئۆتۈۋېرەمدۇ؟» دېدى. بالا گويا كى ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى
چۈشەنگەندەك، ئوماق قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيـ
لاپ، قۇلاقلىرىنى سوزۇپ قوياتتى. موماي بولسا ئىشىنى
توختىتىپ، بىر قولى بىلەن ئىڭىكىنى تىرەپ ئۇلارغا قاراپ
ئولتۇردى. چىرايىنىمۇ ئاچتى. نەۋرىسى دۇنياغا كېلىپ،
مۇشۇ كۈنگىچە ھېچكىم ئۇنى ئاشۇنداق ئوينىتىپ باقمىـ
غان. بۇ، شۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشنى خالىمىغانـ
لىقىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار كۆڭلىنىڭ ئارامسىزلىقىـ
دىن، بالىسىنى شۇنداق ئوينىتالمىغانىدى. موماي، ئابـ
دۇكېرىمنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ
گېپى مومايغا ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى سۆزدەك بىلىندى.
ئابدۇكېرىم ئۆز سۆزىنىڭ رولىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ
چوڭقۇر گەپلەرنى قىلدى:
«ئاشۇ ئازابلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جاللاتلارـ
نىڭ قولىدىكى قىلىچىنى تارتىۋېلىش كېرەك، زومىگەرـ
لەرنىڭ كالتىكىنى تارتىۋېلىش كېرەك. ئېزىلگەن خەلق
ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى كېرەك. بالام، سەن تېخى كىـ
چىك، بۇنى چۈشەنمەيسەن، لېكىن چوڭلار چۈشىنىشى
كېرەك. موماڭ، بوۋاڭ چۈشىنىشى كېرەك. داداڭمۇ ئوبـ
دان ئادەم ئىكەن، ئۇمۇ چۈشىنەلەيدۇ... مەن يامان ئادەم
ئەمەس، مەن ئاشۇ ئېزىلگەن خەلقنىڭ دوستى. بوۋاڭـ
نىڭ، موماڭنىڭ، داداڭنىڭ دوستى، سېنىڭمۇ دوستۇڭ.
كۆردۈڭمۇ، مانا بىز دوست بولدۇق...»

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يىگىت كىرىپ كەل-
دى - دە، ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئابدۇكې-
رىمنىڭ قولى بوشىتىلىپ بالىسىنى ئويىنىتىۋاتقانلىقىنى،
يىراقتىن كەلگەن مېھماندەك ئۆزىنىڭ كىگىز ئۆيىدە
بەھۇزۇر ئولتۇرغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.
«بۇ قانداق بولغىنى ئاپا؟ بۇ ئادەمنى نېمىشقا
بوشىتىۋەتتىڭ؟» دېدى ئۇ ئانىسىغا تىكىلىپ.
موماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئالدىرىماي ئور-
نىدىن تۇرۇپ سۆزلىگىلى تۇردى: «ئالدىرىما بالام، بېرى
كەل، ئولتۇر، بۇ ياخشى يىگىت ئىكەن، بىزنىڭ دوستى-
مىز ئىكەن، بىز بىلەن بىر نىيەت ئىكەن، ئولتۇر، مەن
سۆزلەپ بېرەي، بۇ كىشىنىڭ گېپىنى سەنمۇ ئاڭلاپ باق»
دېدى.
ئۇ بالىسى بىلەن بىللە ئابدۇكېرىمنىڭ يېنىدا!
ئولتۇرۇپ، پاراڭلىشىشقا باشلىدى. يىگىت ئولتۇرۇپ، با-
لىسىنى ئابدۇكېرىمنىڭ قۇچىقىدىن ئالماقچى بولغانىدى،
بوۋاق ئابدۇكېرىمنىڭ بويىنىنى چىڭ قۇچاقلاپ، دادىسى-
غا بارغىلى ئۇنىمىدى، يىگىت بالىسىنىڭ ئېچىلىپ چې-
رايلىق بولۇپ قالغان يۈز - كۆزىگە قارىدى - دە، ئا-
دىن ئابدۇكېرىمگە نەزەر سېلىپ ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىل-
دۈرمەكچى بولۇپ، چىرايىنى بىرئاز ئاچتى، لېكىن نې-
مىشقىدۇر يەنىلا بىرئاز ئېھتىيات قىلىپ قالدى. ئابدۇ-
كېرىم يىگىتكە سەمىمىيلىك بىلەن قاراپ، يېنىدىن ئورۇن
بوشاتتى، كېيىن بالىغا قاراپ: «ئاتاڭ نېمىدېگەن ياخ-
شى كىشى، ئۇ سېنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، ماڭ ئاتاڭ-

غا بار» دەپ بالىنى دادىسىغا سۇندى، بالا ئابدۇكېرىمگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆتتى، يىگىت بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئانىسىنىڭ سۆزىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

موماي ئابدۇكېرىمنى نېمە ئۈچۈن بوشاتقانلىقىنى، ئابدۇكېرىمنىڭ بوۋاقنىڭ يۈز- كۆزىنى قانداق تازىلاپ ئەركىلەتكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي سۆزلەپ بەر- دى. موماي يەنە ئوغلىغا: «بالام، بۇ بەك ياخشى يىگىت ئىكەن. بۇ بالا جاللاتلارنىڭ قولىدىكى قىلىچنى، بايلار- نىڭ قولىدىكى قامچىنى تارتىۋېلىش كېرەك، دەۋاتىدۇ. بۇنى بەك توغرا ئېيتتى. ئۇنى قويۇۋەت، ئۆز يولىغا ماڭ- سۇن...» دېدى. مومايىنىڭ ئوغلى بولسا قۇچىقىدىكى بو- ۋاقنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ، مومايىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى ۋە مومىسى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە بىر پەس ئۈن چىقار- ماي ئولتۇردى، ئابدۇكېرىم ئۇنىڭغا سەمىمىيەتلىك بىلەن: «كەل ئاغىنە، دوست بولايلى، مېنىڭ ئېتىم ئابدۇكېرىم، سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟» دەپ قولىنى سوزدى.

«مېنىڭ ئېتىم جۇماتاي» دېدى يىگىت ئابدۇ- كېرىمنىڭ قولىنى سىقىپ كۈلۈمسىرەپ، ئىككىلەنگەن ھالدا ئانىسىغا قاراپ گەپ باشلاپ: «قويۇپ بەرسەك- قۇ بولاتتى، بىراق ئاتام قويۇپ بەرمەي تۇر، رايون ئاللىقاچان بىلىپ بولدى دېگەنىدى.»

«بۇنىڭغا بىر ئامال تېپىلار بالام» دېدى موماي.

«مۇنداق قىلساق قانداق؟» دېدى جۇماتاي بىر-

ئاز ئويلىنىپ، «ئاتام رايوندىن كەلگەندىن كېيىن سوراپ باقايلى. رايوندىن ئادەم كېلىپ بولارنى ئەكەتمەدۇ. مەنمۇ بىللە بېرىپ، يولدا بىر ئامال قىلاي.»
جۇماتاي بۇ سۆزنى ئىشەنچلىك ئېيتتى. شۇڭا ئابدۇكېرىم يەنە تەپسىلىي سوراشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلاپ، جۇماتايغا ئىشەنگەن ھالدا قايتا ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ: «رەھمەت ساڭا، دوستۇم جۇماتاي» دېدى.
سۆز تۈگەش بىلەنلا تاشقىرىدىن ئاتنىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى. جۇماتاي شەرەت قىلىپ ئابدۇكېرىمنى دەرھال ئۆينىڭ كەرەگىسىگە ئىلگىرىكىدەك باغلاپ قويدى...
كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ئادەم بويىدىن ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلۇق ئارىسىدىكى كىچىك يول ئەگىپ يىراققا سوزۇلغانىدى. رايوندىن كەلگەن ئىككى ساقچى ۋە جۇماتاي ئابدۇكېرىم بىلەن كۆزىمىننى شۇ يول بىلەن رايونغا ئەكېتىپ باراتتى. ئابدۇكېرىم بىلەن كۆزىمىن قوللىرى ئارقىغا باغلاقلىق، ئۆز ئاتلىرىغا مىنگۈزۈلگەن. ھېلىقى كۈن سومكا بىلەن تورسۇق ئېگەرگە ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئابدۇكېرىم دىققەت بىلەن ئىككى ياققا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئۇ كۆزىمىنغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، كۆزىمىن بۇنىڭدىن بىر گەپ بارلىقىنى سېزىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئىككى ئاتلىق ساقچى ئالدىدا كېتىپ باراتتى، بىرىنىڭ ئۈششىدە مىلتىق، بىرىنىڭ بېلىدە تاپانچا بار ئىدى. جۇماتاي ئەڭ ئارقىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇ قەستەن ساقچىلاردىن خېلىلا ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭدى، ساقچىلار يولنىڭ بىر بۇرۇلۇشىدىن

سولغا بۇرۇلۇپ كۆرۈنمەي قالغاندا، جۇماتاي ئابدۇكېرىم
بىلەن كۆزىمىننىڭ قولىنى شارتتىدە يېشىۋەتتى - دە،
ئاتتىن چۈشتى، ئابدۇكېرىم كۆزىمىننى ھېلىقى ئىككى
ساقچىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە قويۇپ، ئاتتىن چۈشـ
تى ۋە جۇماتاينىڭ قولىنى باغلاپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويـ
دى. ئاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاتقا مىندى. شۇنداق
قىلىپ، ئىككىسى جۇماتاي كۆرسەتكەن سول تەرەپتىكى
قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر چىغىر يول بىلەن ئاتـ
لىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇزاپ
كەتكەندىن كېيىن، جۇماتاي ئاۋازىنىڭ بارىچە: «ۋاي
قاچتى، قاچتى!» دەپ ۋارقىرىدى. ئىككى ساقچى ئارقىـ
سىغا يېنىپ قايتىپ كەلگەندە، جۇماتاي ئاياق يېگەنـ
دەك نالە قىلىپ: «ئۇلار قېچىپ كەتتى» دەپ تووۇلايتتى.
ئىككى ساقچى جۇماتاي كۆرسەتكەن ئوڭ تەرەپكە ئوق
چىقىرىپ، قومۇش ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ئاتلىـ
رىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئابدۇكېرىم بىلەن كۆزىمىن بولسا
ئىلى دەرياسى تەرەپكە قاراپ چاپقانچە ئۇزاپ كەتتى.
مىلتىق ئاۋازى بارا - بارا ئاڭلانمايدىغان بولدى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، ئابدۇكېرىم بىلەن كۆزىـ
مىن تالدىق دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئىككىيلەن قورـ
غاس دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ ئۇياققا كەتتى.

1944 - يىلى 9 - ئايدا، غۇلجىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىـ
دىكى نىلقا ناھىيىسىدە ئەكبەر، ئېينى ۋە پاتىخلار باشچىـ
لىق قىلغان پارتىزانلار خەلق قوزغىلىڭىنىڭ بىرىنچى
ئوقىنى ئاتتى ھەمدە تېزدىنلا نىلقا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتـ

نى، ساقچى ئەدارىسىنى ۋە گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمىنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى رايونىغا قاراشلىق ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغالدى.

بۇ مەزگىلدە ئابدۇكېرىم سوۋېت تەۋەسىگە قېچىپ بارغان ھەر مىللەت ياشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى ۋە ئۆزى باشچىلىق قىلىپ يۈزگە يېقىن ئادەمدىن تەركىب تاپقان پارتىزانلار قوشۇنىنى تەشكىل قىلدى. بۇ پارتىزانلار قوشۇنى قورال-ياراغ جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ پارتىزان قوشۇنىنى باشلاپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، تېزلىكتىلا ئىلىقىدىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلىدى. ئىلىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنىڭ پىلانىنى تەييارلاشقا كىرىشتى.

# بەشىنچى باب

# بوران - چاپقۇنلاردا ئىلىشىش

## غۇلجىغا ھۇجۇم

1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نىلقىدىكى ئۇلاستاي تاغ رايونىدا نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى بىرىنچى ئوق ئاۋازىنى ياڭرىتىپ، ئىلى خەلقىنىڭ شىڭ شىسەي - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى- نىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

نىلقا خەلقىنىڭ قوزغىلىشىغا شىڭ شىسەي - گومىن- داڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرىنىڭ 1944 - يىلى 9 - ئايدا قوز- غىغان ئاتالمىش «تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى» يەنى خەلق- نى تالان - تاراج قىلىدىغان «ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكە- تى» ئوبدان باھانە بولدى. قوزغىلاڭ باشتا ئۇلاستاي تاغ رايونىدا پارتلىغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارتىزان با- تۇر دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن قازاق يىگىت ئەك- بەر بىلەن تاتار يىگىت پاتىخ قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى

ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا غىنى ۋە باشقىلارمۇ قاتناشتى.

ئەكسىيەتچىل دائىرىلەر ئۇلاستاي تاغ رايونىدا ياڭرىغان مىلتىق ئاۋازلىرىغا باشتا ئانچە پەسەنت قىلمىدى، ئاتالمىش «توپىلاڭچىلار»نى تارقىتىۋەتمەكچى بولۇپ، ئازغىنىلا ساقچى قىسىملىرىنى ئەۋەتتى. بىراق، ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىپ ئازساندىكى ساقچىلار تاقابىل تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، نىلقا بازىرىنىڭ ئەتراپلىرىدىمۇ كەينى-كەينىدىن پارتىزانلار ھەرىكىتى پەيدا بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ئەكسىيەتچىل دائىرىلەر پارتىزانلارنى «يوقاتماقچى» بولۇپ، بىر قىسىم قوشۇننى نىلقا ناھىيىسىگە ئەۋەتتى.

بۇ قىسىم ئاستا يۈرۈش قىلىپ يېتىپ بارغۇچە، نىلقا بازىرىنى ئەكبەر، پاتىخ، غىنى قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان قازاق، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى ئىشغال قىلىۋالدى. ئارقىدىنلا، توققۇزتارا، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيە خەلقلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەكسىيەتچىل دائىرىلەرنىڭ غۇلجىنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىكى ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى ھەربىي، سىياسىي تۈزۈملىرى پۈتۈنلەي گۇمران بولدى. ئۇلارنىڭ بارلىق كۈچى غۇلجىغا يىغىلدى، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى غۇلجا شەھىرىگە توپلاشتەك ئۈستۈنلۈكى شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غۇلجىنى ئازاد قىلىش، ئىلى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالدى.

1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئابدۇكېرىم ئۆز قىسمىنى باشلاپ چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ پاتىخ، ئەكبەر، غېنى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى. شۇ ئايدا، ئابدۇكېرىم قورغاس بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغلىق رايوندا مەجلىس چاقىرىپ، غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. پىلان بويىچە، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى قىلىپ بېكىتىلدى. پىلاندا يەنە پاتىخ شەرق تەرەپتىن، غېنى جەنۇب تەرەپتىن، ئابدۇكېرىم ئۆزى غەرب تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش بېكىتىلدى.

مەجلىستىن كېيىن، ئابدۇكېرىمنىڭ پارتىزانلىرى يۆلۈنۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارچە كىيىنىپ، تاغ يولى ئارقىلىق غۇلجىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توپلاندى. پاتىخ ۋە غېنىلار رەھبەرلىك قىلغان پارتىزانلار قوشۇنى بەزىدە تاغ يولى ئارقىلىق، بەزىدە قومۇشلۇق ئارقىلىق مېڭىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرىپىگە يۆتكەلدى،

ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار بۇ ئىشنى ناھايىتى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما تېگىشلىك مەخپىيەتلىك ساقلاش تەدبىرىنى قوللانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەكسىيەتچىلەر دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىپ قېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە تۇرلۇك مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ھەدەپ كۈپەيتتى ۋە مۇستەھكەملىدى ھەمدە ئايرىم ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ھالدا كىچىك قىسىملارنى ئەۋەتىپ، مۇھىم قاتناش ئۆتكەللىرى-

نى ئۇققا تۇتتى. غۇلجا شەھىردە بولسا سۆز ۋە ھەرىـ
كەت جەھەتتە سەللا گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەرنى
ھەدەپ قولغا ئېلىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈردى.

بۇ يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، ئابدۇكېرىملەر غۇلـ
جىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقىتنى ئىلگىرىلىتىپ، 11 ـ
ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگە توغرىلىدى ھەم بۇ قارارنى پاتىخ
بىلەن غېنىگە ئۇقتۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تۈندە، ئابدۇكېرىم غۇلجا
يېڭىشەھەر رايونى ئالتەشەھەر كوچىسىدىكى بىر قورۇدا
قوماندانلىق شتابى قۇردى ھەم غۇلجىدىكى يەر ئاستى
تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ مەجلىس ئاچـ
تى. ئابدۇكېرىم يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا غۇلجىغا بىرلىـ
شىپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانىنى تونۇشتۇردى ھەم پىلاننى
ئىجرا قىلىش ۋاقتىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىدىكى سەۋەبـ
نى چۈشەندۈردى.

ئابدۇكېرىم يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا بىر قۇر
قارىۋېتىپ، تەمكىنلىك بىلەن: «بىز كۈچلۈك دۈشمەن بىـ
لەن ئېلىشماقچىمىز. ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش ئالدىـ
مىزدا تۇرماقتا. ئۆزئارا يېقىندىن ماسلىشىپ، باتۇراـ
نە جەڭ قىلساقلا، غالىبىيەت چوقۇم بىزنىڭ بولىدۇ! گوـ
مىنداڭنىڭ ئەسكىرى جىق، قورالى ياخشى. كۈچلۈكتەك
كۆرۈنگەن بىلەن، بىزنىڭ مۇھاسىرىمىزدە قېلىپ، قورقۇپ
جېنى تۇمشۇقىغا يېتىپ قالدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى
قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويدى، بىزنىڭ
شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بىرىنچى ئوقىمىزنىڭ ئاۋاـ

زىنى كۆتمەكتە». ئۇ بىرئاز توختاپ، ئاخىر چوقۇم غەلىبە قىلىمىز دېگەن ئىشەنچ بىلەن، «ھەر تەرەپتىكى باتۇرلارنىڭ ئەتە شەھەر ئىچىدە غەلىبىلىك ئۇچرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئابدۇكېرىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جەڭ قىلىپ، غەلىبە بىلەن شەھەر ئىچىدە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن بىلدۈرۈشتى، بۇ چاغدا، ئېلىخان تۆرە سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە سۆزىنى ئۆزىنىڭ ئادەتتە قوللىنىپ كەلگەن دىنىي سۆزلىرى بىلەن باشلاپ مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمان بۇرادەرلەر، ھازىر ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئاللا يولىدا غازاتقا ئاتلانماقتىمىز. بۇ غازاتتا ئۆلگەنلەر شېھىت، قالغانلار غازى بولىدۇ، مەن ھەممىڭلارنى خۇدا يولىدا، ‹ئاللا!› دەپ غازاتقا كىرىشكە چاقىرىمەن.»

ئېلىخان تۆرە مەردانىلىق بىلەن سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا، بەزى دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى، ئېلىخان تۆرە سۆزىنى تۈگەتكەندىلا، ئابدۇكېرىم جامائەت تەرتىپىنى ساقلاش، تەشۋىقات، ھەربىي تەمىنات جەھەتلەردىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. ئاخىردا ئابدۇكېرىمنىڭ تەكلىپ قىلىشى، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى مىلتىق ئاۋازى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ باش بەلگىسى قىلىپ بېكىتىلدى. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ مەسئۇللىرى دەرھال ئۆزلىرىنىڭ جەڭ ئورنىغا قايتىشتى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ قاراڭغۇ-
سىدا، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن
بىر قىسىم يېڭىدىن پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان
قورالسىز ياشلارنى باشلاپ نوۋېيگورتىتكى ۋاڭقادىرنىڭ
بېغىغا كىرىپ تامنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى.
تامنىڭ ئالدىدا بىر مەيدان بار ئىدى. بىرقانچە
رەت دەرەخ بىلەن بىر ئېرىق باغ بىلەن مەيداننى ئاي-
رىپ تۇراتتى، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە تۇرۇشلۇق
بىر قىسىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەركۈنى سەھەردە مۇ-
شۇ مەيدانغا كېلىپ مەشىق قىلاتتى. تاڭ ئېتىش بى-
لەن تەڭ، بىرنەچچە يۈز گومىنداڭ ئەسكىرى تۆتتىن
تىزىلىپ، بىر ئوفىتسېرنىڭ كوماندىسى بىلەن پوپوغا
دەسسەپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى - دە. باغنىڭ
تېمىنىڭ قېشىغا بەن بويىچە مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىنى
بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تىكلەپ قويۇپ، مەشىق قى-
لىشقا باشلىدى.

ئۇلار قورالىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇ-
كېرىم يېنىدىكى بىر جەڭچىگە كۆز ئىشارىتى قىلدى. شۇ
زامانلا پارتىزان جەڭچىلەر تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ،
چاقماق تېزلىكىدە مەيدانغا كىرىپ قورالنى ئالدى - دە،
ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئوت
ئاچتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.
ھەش - پەش دېگۈچىلا، كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، بەزى-
لىرى قاچقانىدى، پارتىزان جەڭچىلەر قوغلاپ يۈرۈپ
ئېتىپ يوقاتتى. ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، جەڭدە پۈتۈن-

لەي غەلىبە قازاندى، بىز تەرەپتىن بىرمۇ ئادەم يارىدار بولمىدى ۋە قۇربان بولمىدى. بىرىنچى جەڭدە غەلىبە قازىنىلغانلىقى ئۈچۈن، جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى بەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر ئىچىدە مىلتىق ئاۋازلىرى، «ھۇررا!» سادالىرى ياڭراپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىمۇ ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ، قاتتىق ئېتىشىش بولۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. ئابدۇكېرىم غېنىنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بىلدى، لېكىن شەرق تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلانمىدى. پاتىغ شەرق تەرەپكە جەڭنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا باشلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن. ئابدۇكېرىم تەرەپتىكى جەڭ باشلانغاندىن كېيىن. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ئوڭۇشلۇق بولمىدى.

ئابدۇكېرىم جەڭچىلەرنى تېز بىر يەرگە يىغىپ، ئولجا ئېلىنغان قورال - ياراغلارنى قورالسىز جەڭچىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى قوشۇن قىلىپ تەشكىل قىلدى ھەمدە ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ بىڭدىنى تىرىك تۇتۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى.

لىيۇ بىڭدى تۇرغان قورۇ ساقچى ئىدارىسىدىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئەۋەتىلگەن جەڭچىلەر لىيۇ بىڭدى-نىڭ قورۇسى يېنىغا بېرىش بىلەنلا. لىيۇ بىڭدىنىڭ كالاسكىغا ئولتۇرۇپ ئاتنى چاپتۇرۇپ ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋارقىراپ كالاسكىنى

توختىتىشنى بۇيرۇق قىلدى. ئەمما كالاسكا تېزكېتىۋەر- دى. مۇشۇ ئەھۋالدا بىر جەڭچى ئوق چىقارغانىدى. بۇ ئوق دەل لىۋ بىڭدېڭگە تەگدى - دە، ئۇ كېتىۋاتقان كالاسكىدىن يەرگە يىقىلىپ ئۆلدى. جىنايىتى ئۆچىغا چىققان بۇ جاللات تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى.

مۇشۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم باشلاندى. ساقچى ئىدارىسى ھەم قېلىن. ھەم ئېگىز سېپىلىنغان تاملار بىلەن ئورالغانىدى. تام ئۈستىدە قوختا بولۇپ، ئوت كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ھە دېگەن- دىلا جەڭچىلەرنىڭ ئۇ يەرگە يېقىن بېرىشى قىيىن بول- دى. يارىدار بولغان ۋە قۇربان بولغان جەڭچىلەر تېزدىن كۆپەيدى. جەڭ بەك جىددىي بولدى، بىرقانچە سائەت ئېلىشىشتىن كېيىن، بۇ مۇستەھكەم قورغان ئاخىر ئېلىن- دى. مۇشۇ ۋاقىتتا پارتىزانلار غەلىبىبىرى داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، ئېلى ۋالىي مەھكىمىسىنىمۇ تېزلىكتىلا ئىشغال قىلدى. دۈشمەن ئارمىيىسى شىمالىي گازارما ۋە ئايرودروم قاتارلىق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىزنىڭ مۇھاسىرىمىزگە ئې- لىندى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئېلى رايونىدا يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقى جەزمەلىشىپ قالدى.

## يېڭى كۈرەش

ئۇيغۇرلاردا: «شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن باتۇر كۆپىيىدۇ» دەيدىغان تەمسىل بار، ئەمەلىيەتتە بولسا،

غۇلجا شەھىرى پۈتۈنلەي ئىلىنماي تۇرۇپلا «باتۇر»لار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەممە نەتىجىنى ئۆزىنىڭ قىلغۇچىلىپ، كىشىلەرنى ئالداپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى رام قىلماقچى بولدى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» قۇرۇلدى، ئېلىخان تۆرە رەئىس بولدى، ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئىلگىرى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەردىن ئابدۇكېرىم قاتارلىق نا- ھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا كىرگۈزۈلدى. ئىلغار كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى سىرتتا قالدۇرۇلدى.

شۇ كۈنى توققۇز ماددىلىق ھۆكۈمەت باياناتى ماقۇللاندى. بۇ باياناتتىكى بىر مۇنچە مۇھىم مەسە- لىلەردە مەسىلەن، دۆلەت تىررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى، مىللىي مۇناسىۋەت، دىن بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئېغىر خاتالىقلار بار ئىدى. بۇ بايانات ئابدۇكېرىم باشلىق بىر نەچچە يىلەننىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، كۆپچىلىك ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى.

بايانات ماقۇللانغان كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئابدۇكېرىم مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىردى. مەن بارسام، ئابدۇكېرىم ئەخمەتجان قاسىمى، قاسىمجان قەمبىرىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن.

شۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈشكەن. بىراق چوڭقۇر سۆزلەشمەگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنى، ئېسىل پەزىلەتلىك ۋە چوڭقۇر بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى، ئابدۇكېرىم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى، بۈگۈن بۇ يەردە كۆرۈشۈش بىلەنلا كونا دوستلاردەك بولۇپ كەتتۇق.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سالماقلىق قامىتى، سالاپەتلىكلىكى، چوڭقۇر مەنالىق سۆزلىرى بىزنى چاپانلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەسلى يۇرتى غۇلجا بولۇپ، بالىلىق دەۋردە ئاپىسىنىڭ ئىنىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەركەنت (ھازىرقى پانپىلوۋ) شەھىرىگە بېرىپ تۇرۇپ قالغان، كېيىن تاشكەنت، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە ئوقۇغان. 1942 - يىلى دۆلىتىمىزگە قايتىپ كېلىپ ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1944 - يىلى 10 - ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن.

مەن قاسىمجان قەمبىري بىلەن بولسا ئوبدان تونۇشاتتىم، كۆڭلىمىز يېقىن ئىدى.

ئابدۇكېرىم مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن جىددىي كەيپىياتتا: «ھەممىمىز ئۆز ئادەم، بەزى

جىددىي ئەھۋاللار يۈز بەردى، مەسلىھەتلىشەيلى دەپ چاقىردىم. سىلەرمۇ بەزى ئەھۋاللارنى سەزگەنسىلەر، ئوتتۇرىغا قويساڭلار، مەسلىھەتلىشىپ باقساق» دېدى.

مەن ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى تۈگىتىشىنى كۈتمەيلا گەپ باشلاپ كەتتىم: «بۈگۈن ئەتىگەندىلا كوچىلاردا بىر مۇنچە بايراقلار پەيدا بولدى، بىر خىل كۆك بايراقنىڭ ئۈستىدە ئاق رەڭلىك ئاي يۇلتۇز بەلگىسى بار، يەنە بىرخىل ئاق بايراقنىڭ ئۈستىگە سېرىق رەڭدە ‹لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدىن رەسۇلۇللا› دەپ يېزىلغان، بۇ قانداق بولغىنى؟»

«سەيپىدىن ئاكا،» دېدى ئابدۇكېرىم خىيال سۈرگەن ھالدا. «ئەھۋال سىزنىڭ كۆرگەنلىرىڭىزدىنمۇ مۇرەككەپ بولۇۋاتىدۇ، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، ھېلىقى قىرىئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بۇ ئاتالمىش توققۇز ماددىلىق باياناتنى زورمۇ زور ماقۇللاتتى» ئۇ مۇشۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ، ئۈچ ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان باياناتنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ قويدى ۋە ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك مۇنداق دېدى: «ھازىرقى ئەھۋال بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ھېلىقى تۇڭگان ئاشخانىسىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزنى ئېسىمگە كەلتۈرۈپ قويدى.»

«بۇ ياۋا ئات ھازىر تىزگىنىنى ئۈزۈپلا قالماي، بەلكى ئىنقىلاب ھارۋىسىنى قىڭغىر يولغا سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ» دېدى قاسىمجان قەمبىرى مېنىڭ قولۇمدىكى باياناتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

«بۇ باياناتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى، سىياسەت تەدبىرلىرىگە قارىغاندا، خەلق ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش مېۋىسىنى ئېلىخان تۆرە تارتىۋاپتۇ، دېيىشكىمۇ بولغۇدەك» دېدىم مەن باياناتنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئوقۇپ بولۇپ تاقەتسىزلىك بىلەن.

ئەخمەتجان قاسىمى مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلۇپ:

«سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ قارىشى توغرا» دېدى.

«ئەلۋەتتە» دېدىم مەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، «جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى، ئاممىنىڭ ئېڭى، كادىرلار تەييارلىقى، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئاممىغا قارىتىلغان ئىنقىلابىي تەشۋىقاتىمىزغا تارلىق جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۇنداق دېيىش كېرەككى، شارائىت تېخى پىشىپ يېتىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، تىزگىن بىزنىڭ قولىمىزدىلا بولىدىكەن. بىر ئامال قىلىپ، بۇ ئاتنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك. ھازىر، ئىلغار ئىدىيە بىر قىسىم ئاما ئىچىدە، بولۇپمۇ ياشلار ۋە زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئىچكى ئىشلار نازارىتى ۋە تەشۋىقات ئورۇنلىرى ئىنىمىز ئابدۇكېرىمنىڭ قولىدا، بۇ شارائىتتىن ئوبدان پايدىلىنىشىمىز كېرەك.»

ئابدۇكېرىم بىر پەس چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ پىكىرىنى ئالىماقچى بولدى ۋە مۇنداق دېدى: «سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ چارىسى، بىزنىڭ نۆۋەتتە قوللىنىشقا بولىدىغان بىردىنبىر چارىمىز بولۇش كېرەك.»

ئابدۇكېرىم قاسىمجان قەمبىرىدىنمۇ پىكىر سورىدى. قاسىمجان قەمبىرى: «مەن سەيپىدىن ئەپەندىمنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلىمەن. بارلىق پايدىلىق شەرت - شارائىتلاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن ئابدۇكېرىم ئۆزى باشقۇرغان ئورۇنلارنىڭ رولىنى مۇمكىنقەدەر تېز جارى قىلدۇرۇشى كېرەك» دېدى.

پىكرىمىز بىرلىككە كەلدى. تەدبىرىمۇ بارلىققا كەلدى. بىرخىل يەڭگىللىك ھېس قىلىشتۇق. كەيپىياتىمىزمۇ جانلىنىپ قالدى.

شۇ كۈنى ئابدۇكېرىمنىڭ ئىشخانىسىدا مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق نەتىجىگە كەلدۇق: قاسىمجان قەمبىرى ھەربىي سوتقا بېرىپ ئىشلەيدىغان بولدى، مەن ھەربىي سوتتا قاسىمجان قەمبىرىگە ياردەملىشىپ ئىشلەيدىغان بولدۇم، ئەخمەتجان قاسىمى گېزىتخانىدا تەھرىرلىك قىلىدىغان بولدى.

توققۇز ماددىلىق بايانات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ تەنقىدىگە ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ۋەزىيەتنىڭ بېسىمىدا، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار توققۇز ماددىلىق باياناتقا قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئەمما، بىرمۇنچە تۈپ خاراكتېرلىك خاتا كۆزقاراشلارنى يەنىلا ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىككى خىل قارىمۇ قارشى سىياسىي كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۈندىن - كۈنگە روشەنلەشتى ۋە كۈچەيدى. بىراق غۇلجا

شەھىرى تېخى تولۇق ئازاد قىلىنمىغانىدى، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇندىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا ئۇرۇش شىددەت بىلەن داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەكسىيەتچى قوشۇنلار ئايرودروم قاتارلىق بازىلاردىن پايدىلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ پىكىر جەھەتتىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن كۈچىيىپ كېتىشىنى، ئەكسىيەتچىلەرگە پاي-دىلىق پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىشىنى خالىمايتتۇق. شۇڭا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدىمىزدىكى ئاساسىي خەۋپ-گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشىمىز كېرەك، دېگەن قارارغا كەلدۇق.

---

## ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى

قوزغىلاڭنىڭ تېز ئىلگىرىلىشى بىلەن بىللە كۈرەش-نىڭ ۋەزىيىتىمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتى. ئىلى رايونىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قوشۇنى قور-غاس، سۈيدۈڭ، چىلپەنزە قاتارلىق جايلاردا مۇھا-سىرىگە ئېلىندى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىلدى. كەڭ يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى ھەتتا ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ بازار ئەتراپلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ كونتروللۇقىغا ئېلىندى. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، قوزغىلاڭچىلار گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھەر-لىك ساقچى ئىدارىسىنى ئالغاندىن كېيىن، گومىن-

داڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەرەتخانىسىغا، قۇدۇقلارغا تاشلانغان يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر، تاتار، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ جەسىتىنى تاپتى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە پاتىپاراقچىلىق بولدى، كىشىلەر قاتتىق غەزەپلەندى. ئىنقىلاب قوشۇنىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار دەرھال بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا بولغان نەپرىتىنى خەنزۇ خەلقىگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا بۇرىۋەتتى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا، خەنزۇ پۇقرالىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ھەتتا ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ۋەقەلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش — ئالدىمىزغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ۋە ھەربىي سوتنىڭ بارلىق كۈچلىرىنى بۇ ئىشقا سالدى. ئەڭ جىددىي بولغان كۈنلەردە، ئابدۇكېرىم ھەتتا ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ خادىملىرىغا بىگۇناھ كىشىلەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرگەن تۇپىلاڭچىلارغا شۇ جايدىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇ ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت دەرھال مەجلىس ئېچىپ، خەنزۇ خەلقىنى قوغداش قارارىنى چىقاردى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ھەربىي سوت ئىش-

خالىسىغا كىرسەم. قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابدۇكېرىم بار
ئىكەن، ئابدۇكېرىم ئۇچىسىغا خورۇم چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك
كىيىۋالغانىدى. ئۇ قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئىش ئۈستى-
لىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ تېلېفوندا: «قەتئىي قولغا ئېلىش
كېرەك! نېمە، نېمە!؟ ئۇلار قولغا ئېلىشقا قارشىلىق
كۆرسىتىۋاتىدۇ!؟ ئۇنداق بولسا قارشىلىق قىلغانلارنىڭ
ھەممىسىنى قولغا ئېلىش كېرەك، بۇ مېنىڭ بۇيرۇ-
قۇم» دەپ ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ سۆزلەپ بولۇپ
تۇرۇپكىنى تاقىدە قويدى - دە، غەزەپلەنگەن ھالدا
ماڭا: «ئىلى دەرياسى بويىدا بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر ئەسىر-
لەرنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، ئېچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ خا-
دىملىرى ئۇلارنى توسسا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئېچكى ئىش-
لار نازارىتىنىڭ خادىملىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز، دەپ ۋالاق-
لاۋاتىمىش. بۇنداقلارغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك»
دېدى. مەن ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغان-
لىقىمنى بىلدۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا دائىر ئەھۋال-
لارنى سۆزلەپ بەردىم ۋە: «ھازىر كوچىلاردىكى تەرتىپ
بەكمۇ قالايمىقان، ئىش تۇغدۇرۇشنىڭ سەۋەبى ۋە مەقسىتى
بەك مۇرەككەپ، ۋەقە تۇغدۇرىدىغان ئاممىلارمۇ بەك
جىق، شەھەر ئىچىدىكى خەنزۇ ئاھالىنى ۋاقىتىنچە بىر
يەرگە يىغىپ، قوغداش كېرەك» دېدىم. قاسىمجان
قەمبىرى: «سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ چارىسىگە قوشۇ-
لىمەن، سىزچە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ مەسىلىنى
ئۇكام ئابدۇكېرىم، سىز قارار قىلىڭ!» دېدى.
ئابدۇكېرىم ئۇياققا - بۇياققا مېڭىپ، چوڭقۇر

خىيالىغا چۈمدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇقاسىمجان قەمبە-
رنىگە ئىخلاس بىلەن: «مەن سەيپىدىن ئاكىنىڭ بۇ
چارىسىنى سۆيدۈك، قورغاس، چىڭسىخوزا، لوسىگوڭ
قاتارلىق خەنزۇلار توپلانغان جايلاردىمۇ قولىنىش
كېرەك دەپ قارايمەن» دېدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ قارارى تېز ۋاقىت ئىچىدىلا
غۇلجا، قورغاس، چىڭسىخوزا، لوسىگوڭ قاتارلىق
جايلاردا ئىجرا قىلىندى. خەنزۇ ئاھالىگە «دەخلى
يەتكۈزۈشكە رۇخسەت يوق» دېگەن خەت يېزىلغان ھەم
ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان يەڭ
بەلگىسى تارقىتىپ بەردۇق. غۇلجىغا يىغىلغان خەنزۇ
ئاھالە ئايرودروم ئېلىنغاندىن كېيىنلا تارقىتىۋېتىلدى.
كۈرەگە يىغىلغان خەنزۇ ئاھالىمۇ ئىككىنچى يىلى، يەنى
1945 - يىلى باھارپەسلىدە جەمئىيەت تەرتىپى ئومۇ-
يۈزلۈك ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن تارقىتىۋېتىلدى.

مىللىي قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىش بىلەن مىللىي
ئارازلىقنى تۈگىتىش بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى
ئىدى، بۇ ئىككى تەرەپتىكى مەسىلىنى ئوخشاش بولمى-
غان چارە بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنى
ھەل قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس
ئىدى. بۇنىڭ ئالدىنقىسى مەجبۇرىي ۋاسىتە ئارقى-
لىق ھەل قىلىندى، ئۆزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق
جايلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى تېزلا يولغا سېلىندى،
ئۆچمەنلىكتىن كېلىپ چىققان زوراۋانلىق ھەرىكەت
تېزلىكتىلا مەنئى قىلىندى، ئەمما، مىللەتلەر

ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكتىن تۇغۇلغان ھېسسىيات ئارازلىقنى تېزلا يوقىتىش تەس بولدى. بولۇپمۇ، خەنزۇ ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى دەككە - دۈككىدە بولۇپ، ئەنسىزلىكتە ياشىدى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭ شۆيۈەنىدە بىللە ئوقۇغان خەنزۇ ساۋاقدىشى ۋۇ شىنۋۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى تېز ۋاقىت ئىچىدە خەنزۇچە گېزىت نەشر قىلىش ئىشىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى، ۋۇ شىنۋۇ ئىلىدىكى ئىناۋەتلىك خەنزۇ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. شىنجاڭ شۆيۈەنى سىياسىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئۇمۇ ئابدۇكېرىم بىلەن بىر ۋاقىتتا سۈرگۈن قىلىنغان. ئابدۇكېرىم ساۋەندە نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ۋاقىتتا، ۋۇ شىنۋۇ ئالتايدا نەزەربەند قىلىنغانىدى. ۋۇ شىنۋۇ ئابدۇكېرىمنىڭ زور ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. تېز ۋاقىت ئىچىدە ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى نۇسخا خەنزۇچە گېزىتىنى نەشر قىلدى.

ئابدۇكېرىم ياڭ فېڭيىنىڭ دادىسى ياڭ خۇيجاڭ، ئىلىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ۋەكىلى يەن ئېنبو قاتارلىق كىشىلەرنى خەنزۇلار مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنى تەشكىل قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۇيۇشما ئەمەلىيەتتە، خەنزۇ ئاھالىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاپپارات ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى قىلىدىغان بىر جىنايى ئىشلار ئەنزىسى يۈز

بېرىپ، مىللىي مەسىلىدىكى ئىككى خىل پىكىرنىڭ ئاشكارا ئىپادىلىنىشىنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدى. بىرقانچە كەسپىي ئوغرى بىر خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قىممەتلىك مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ساقچى ئىدارىسى بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىلەرنى دەرھال قولغا ئالدى، سوت باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. بۇ ھۆكۈم دەرھاللا جەمئىيەتتە چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بەزىلەر: «بىر خىتاينى ئۆلتۈرۈۋەتسە نېمە بوپتۇ؟» دەپ ۋالاقشىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر: «بىر خىتاينى دەپ، بىر مۇسۇلمان ئوغلىنى ئۆلتۈردىغان ئىش نەدە بولسۇن» دەپ داۋراڭ سېلىشتى. جازا مەيدانىغا بېرىپ ئادەم بۇلايمىز دەپ تەھدىت سالدى.

مەسىلىنى ئىچكى ئىشلار نازىرىنىڭ بېكىتىشىگە توغرا كەلدى، ئابدۇكېرىم ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىنلا، ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

بۇ جىنايەتچى ئېتىلغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىقى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا، مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە كەسكىنلىك بىلەن: «ياكى بىزنىڭ كۈرىشىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىلا ئازاد قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەش دەپ جاكارلاش كېرەك، ئۇنداقتا، ئىسلام دىنىغا

ئېتىقاد قىلمايدىغان موڭغۇل، شىبە، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ياكى بولمىسا، بىز كۆرۈشىمىزنى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەممە مىللەتنىڭ ئېزىلگەن خەلقىنى ئازاد قىلىش مەقسەت قىلىنغان كۆرەش دەپ ئۇچۇق جاكارلاش كېرەك. ئەمما مەن بۇ يەردە ئۇچۇق ئېيتىمەنكى، ئەگەر بىركىم بىزنىڭ كۆرۈشىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىلا ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ دەيدىغان بولسا، مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن، بەلكى بارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق قارشى تۇرىمەن!» دېدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان دىنىي ئەكسىيەتچىل يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئابدۇكېرىمنىڭ «بارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق قارشى تۇرىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ سالمىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى!

ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، ھەيئەت ئەزالار يىغىنى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ ھاياتىنى، مال-مۈلكىنى يەنىمۇ قوغداش توغرىسىدا يەنە بىر ھۆكۈمەت قارارى چىقاردى. ئابدۇكېرىم بۇ قارارغا ئاساسلىنىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتى ۋە ھەربىي سوت ئارقىلىق، جەمئىيەت ئامانلىقىنى يەنىمۇ تەرتىپكە سالدى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرتىپى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى.

1944 - يىلىدىن 1945 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىگىچە بولغان مۇشەققەتلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن،

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى پۈتۈنلەي يوقىلدى، ئۈرۈمچىگە 100 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان ماناس دەرياسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسى تىركىشىپ تۇرىدىغان چېگرا سىزىقى بولۇپ قالدى.

## كۈرەش ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى

شۇ يىلى 2 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىنى مىللىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇش مۇزاكىرە قىلىنىدىغان يىغىندا، بەزى كىشىلەر ئېلىخان تۆرىگە مارشال ئۇنۋانى بېرىشنى ئۇشتۇمتۇت ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولدى. بۇ ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى تۈزۈپ كەلگەن پىلانى ئىدى. بۇ تەكلىپنى بىرى قويغاندىن كېيىن، باشقىلار قوشۇلىمىز دەپ غوۋغا كۆتۈردى، نەتىجىدە، بۇ تەكلىپ ھە-ھۇ بىلەنلا ماقۇللىنىپ كەتتى، ئابدۇكېرىم قاتارلىق بىرقانچىمىز مەجلىستە مۇتلەق ئازسانلىق بولۇپ قالدۇق، شۇنداق قىلىپ ھەربىي ئىشتىن قىلچە خەۋىرى يوق بۇ ئاخۇن قوشۇمچە تىۋىپ ئېلىخان تۆرە بىركېچىدىلا ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە مارشال بولۇپ قالدى.

ئەمما، ئېلىخان تۆرىنىڭ شېرىكلىرىمۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىشىغا تايىنىپ، گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ ئەقىلغە سىغمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئاۋۋال گېنېرال لېيتېنانت پالىنوۋ، ئۇزاق ئۆتمەي گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەگ باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي باغچىسىدىكى مەيداندا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللىي ئارمىيىگە بايراق تەقدىم قىلىندى ۋە ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلدى. ئەزەلدىنلا سەللە ئوراپ، بەقەسەم تون كىيىپ يۈرىدىغان ئېلىخان تۆرە بىردىنلا ئۈچىسىغا ھەربىي كىيىم، بېشىغا كەڭ جىيەكلىك ھەربىي شەپكە كىيىپ، بوي تاسمىنى چاپىنىغا تارتىپ، كەمەرنى چىڭ باغلاپ، مارشاللىق پاگوننى تاقاپ چىقىۋىدى، كىشىلەر غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ھەيران بولۇشتى.

ئابدۇكېرىم، ئەخمەتجان قاسىمى (بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئىدى) قاتارلىق بىر نەچچىمىز ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۈپىتىدە پارات سەھنىسىدىكى ئوتتۇرا رەتتە ئولتۇردۇق. ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئارقىمىزدىكى ئورۇندا ئەسئەت ئىسھاقوۋ، سەيپۇللايوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئولتۇرۇپتۇ. ئابدۇكېرىم ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىگە قاراپ تۇرۇپ، قۇلىقىمغا: «بۇ ھەقىقەتەنمۇ دەۋرنىڭ ئېبلىسى بولدى» دېدى.

پارات باشتىن - ئاخىر پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مارشالنىڭ بايراق تەقدىم قىلىش نۇۋىتى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ بايراقنى بايراق قوبۇل قىلىدىغان ئوفىتسېرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ ۋاقىتتا. ھەربىي مۇزىكا چېلىنىپ پارات باشلاندى. ئېلىخان تۆرە قانداق قىلىشنى بىلمەي، بىردەم ئۇڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ مۇسۇلمانچە سالام بېرىدۇ، بىردەم قولىنى شەپكىنىڭ سايىۋىنىگە تاقاپ. ھەربىيچە چاس بېرىدۇ. ئېلىخان تۆرىنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئېلىخان تۆرە ھەربىي قائىدە - يوسۇننى بىلمىگىنى بىلەن، ھەممە ئىشلاردا گاللۇاڭ ئەمەس ئىدى، ئۇ ھىيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان كاززاپ ئىدى. بىر كۈنى ئۇ تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ماڭا: «دۇنيادا باشقۇرۇشنىڭ چارىسى كۆپ، مېنىڭچە بولشېۋىكلارنىڭ چارىسى ھەممىدىن ياخشى» دېدى. مەن بۇنداق غەلىتە پىكىرلىك ئادەمنى زادىلا بولشېۋىكلار بىلەن بىر قاتاردا قويمايدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە پەسەنت قىلمىغانىدىم.

1945 - يىلى يىلنىڭ بېشىدا، ماي ئارىپ نازىرى ھەبىبۇل يونىچ كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى، مەن مۇئاۋىن نازىرلىقتىن نازىرلىققا تەيىنلەندىم ھەم ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىقىغا كىرگۈزۈلدۈم، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمنىڭ پىكرى بويىچە، خەزنۇ مەكتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپنامىنى

تىزلا ئوتتۇرىغا قويدۇم. شۇ مەزگىلگىچە، ئۈچ ۋىلايەت-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە
ئوقۇش توختاپ قالغىلى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت
بولغانىدى. ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا، مېنىڭ
تەكلىپىمنى ئېلىخان تۆرە ئىنكار قىلىۋەتتى: «بىزنىڭ
يۇرتىمىز ئىسلام يۇرتى، بىز يۇرتنى ئىسلام قانۇنى
بىلەن ئىدارە قىلىمىز» دېدى ئۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى
دېگەن «مېنىڭچە، بولشېۋىكلارنىڭ باشقۇرۇش چارىسى
ياخشى» دېگەن سۆزى گۈپپىدە ئېسىمگە كېلىپ، بۇ سۆز-
نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندىم. مەسىلە بەكمۇ تا-
سادىپىي قويۇلدى. ئابدۇكېرىم كېسەل سەۋەبىدىن بۇ
مەجلىسكە قاتناشمىغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمى
قاتناشقانىدى. مەن كۆڭلۈمدە ھەر ئېھتىمالغا قار-
شى تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. بۇ ۋاقىتتا، ئېلىخان
تۆرىنىڭ ھىمايىچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆزلەپ، ئاغ-
زىغا كەلگەننى دېيىشتى، بەزىلىرى: «ئاللا ئۇلۇغ،
قۇدرەتلىك، ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە، ئىش قىلىش
بىردىنبىر توغرا» دېسە، بەزىلىرى: «ئېلىخان تۆرە
بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى دېدى» دېيىشتى. ئېلىخان
تۆرىنى ئاتاشتىمۇ سۆز تاللاپ ئولتۇرمىدى، بەزىلىرى
«مارشال جانابلىرى» دېيىشتى، بەزىلىرى «رەئىس
جانابلىرى» دېيىشتى، بەزىلىرى «تۆرە ئاتام» دېيىشتى.
ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى تامامەن ئوخشاش بو-
لۇپ، ھەممىسى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىل-

مەن مەجلىستىن چىقىپ كالاسكىنىڭ يېنىغا كېلىپ
ئەمدى پۇتۇمنى كۆتۈرۈشۈمگىلا، ئەخمەتجان قاسىمى يې-
نىمغا كېلىپ، چاقچاق ئارىلاش: «سەپىرىڭىز قاياققا؟»
دەپ سورىدى. مەن: «ئابدۇكېرىمگە بارماقچى» دېدىم.
«ياخشى، مەنمۇ بارىمەن» دېدى ئۇ.
كالاسكىمىز ئابدۇكېرىمنىڭ قورۇسىغا كىرگەندىن
كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىككىمىز كالاسكىدىن
چۈشتۇق. ياڭ فېڭيى ئىشىكنى چېكىشىمىزنى كۈتمەيلا
ئالدىمىزغا چىقتى. ئۆيگە كىرسەك، ئابدۇكېرىم كارىۋات-
تا سىڭايان يېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يىغىشتۇرۇپ قويۇل-
غان قاچا - قۇچىلار تۇرۇپتۇ. ئەمدىلا چۈشلۈك تاماقنى
يەپ بولغان بولسا كېرەك. ئابدۇكېرىم كېزىك بولغانىدى،
بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ئورۇقلاپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ
كېتىپتۇ. ياڭ فېڭيى ئۈستەل يېنىدىكى ئورۇندۇقلارنى
تارتىپ چىقىرىپ، بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
ئابدۇكېرىم كېسەل بولغاندىن بېرى، ئۇنىڭغا ياڭ
فېڭيى قاراپ كەلگەن. ياڭ فېڭيى ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل
ۋە مېھرىبان قىز ئىدى. بۇنىڭغا ئەخمەتجان قاسىمى،
مەن ۋە ئابدۇكېرىمنىڭ باشقا دوستلىرى بەكمۇ قايىل
ئىدۇق. ئابدۇكېرىمنىڭ ئىشىنى قىلىپ، كېچىمۇ كۈندۈز
ئۇخلىماي ئىشلەپ ئورۇقلاپ كەتكەن ياڭ فېڭيىنى كۆ-
رۈپ، ئۇنىڭغا: «سىز دەم ئېلىڭ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا
بىز قارىشىپ بېرەيلى» دەپ بىرقانچە قېتىم تەكلىپ
بەرگەن بولساقمۇ، ئۇ ماقۇل دەپ چىقىپ كېتىپ، بىرئاز
دەم ئېلىپلا يەنە كىرىپ ئۆزى قاراپ كېتەتتى، ئابدۇكې-

رىنىڭ ئاپىسى ھاشىخان ئاپا بۇ قىزنى ئېغىزغا ئالسىلا تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى.

بىز كەپ باشلاپ بولغۇچە ئابدۇكېرىم كولۇمسرەپ: «سەيپىدىن ئاكامنىڭ روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، ئىككىڭلار بىر يەردە ئازراق كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كەلگەندەك تۇرىسىلەر» دېدى.

مەن چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزۈمگە قارىسام، ھەقىقەتەنمۇ روھىم سۇنۇق، پەرىشان كۆرۈندۈم. ئارقامغا بۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىمگە: «توغرا دېدىڭىز. ئەخمەتجان ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىز بۇگۈنكى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى سىزگە ئېيتىش ئۈچۈن كەلدۇق» دېدىم.

ياڭ فېڭيى بىزنىڭ ئابدۇكېرىمگە يىغىن ئەھۋالنى دېمەكچى بولغانلىقىمىزنى بىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابدۇكېرىمگە: «مەن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ تۇراي، ئىش بولسا مېنى چاقىرىڭ» دېدى.

«توختاپ تۇرۇڭ» دېدىم مەن ياڭ فېڭيىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، «بۇ تەييارتاپلار باشقىلارنىڭ سادغىسىغا تايىنىپ جان بېقىۋاتقاندا، سىز ئاللىقاچان ئۆكتىمىز ئابدۇكېرىم بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە كۈرەش قىلغانىدىڭىز، سىز ئەڭ بالدۇرقى ئىنقىلابچىلاردىن بىرى. ئۆزىڭىزنى تارتىپ نېمە قىلىسىز!»

ئەخمەتجان قاسىمى ياڭ فېڭيىنىڭ ئورۇندۇقىنى يېنىغا تارتىپ قويۇپ، يېقىملىق ھالدا: «ياڭ شياۋجيې، ھەممىمىز ئۆز ئادەملەر» دېدى. ياڭ فېڭيى قايتىدىن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن مەنىدە بىزگە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىككىمىز يەنە ئەھۋالنى ئابدۇكېرىمگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردۇق. ئاخىردا مەن يەنىلا تۈگىمىگەن غەزىپىم بىلەن: «ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىككىنچى قېتىم ئىنقىلاب قىلىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ» دېدىم. بۇ سۆزنى دەپ بولۇپلا، سۆزۈمنىڭ مۇۋاپىق بىرلا مىغانلىقىنى ھېس قىلىپ: «ئەلۋەتتە، تىروتسكى ئېيتقان ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب ئەمەس» دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن بۇ گېپىم بۇ ئۈچەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

«ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەيپىدىن ئاكام بۈگۈن راستىنلا رەنجىپ قاپتۇ» دېدى ئابدۇكېرىم ئەتەي كۆڭلۈمنى ياساپ، بەزى ئىشلارنى مۇكەممەل يېشىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئىلتىماس قىلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى سۆھبىتىمىز كۆپلىگەن يۇمۇرلۇق ۋە چاقچاقلار ئارىلاش گەپلەر بىلەن داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۈتىمىز ۋەزىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق چۈشىنەتتۇق. بىر ۋاقىتتا، ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گۇدۇكى چېلىندى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ تامدىكى سائەتكە قارىسام، بەش يېرىم بوپتۇ. بۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىككىمىزنىڭ دىققىتى شۇنچىلىك مەركەزلەشكەنىدىكى، ھەتتا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇمىز. ئاچلىقتىن قورساق غۇلدۇرلاشقا باشلىدى، ياڭ فېڭيى «ئەھۋال»نى چۈشەنگەندەك، ئەپۇ سورىغان ھالدا: «مەنمۇ ئۇنتۇلتۇرۇۋېرىپتىمەن. سەيپىدىن ئاكام بىلەن ئەخمەتجان ئاكام بۈگۈن چۈشلۈك تاماقنى يېمە-

گەندەك تۇرىدۇ» دەپ ۋە بىزنىڭ جاۋابىمىزنى كۈتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، «مەن دەرھال كەچلىك تاماق تەييارلاي» دېدى.

تاماقتىن كېيىن، ئابدۇكېرىم غەمكىن ھالدا: «شۇنى ئىقرار قىلماي بولمايدۇكى، بۇ قېتىم بىز ئېلىخان تۆرىنىڭ ئالدىدا يېڭىلدۇق، ھەممىمىزنىڭ مەسلىنى باشقىدىن ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ!» دېدى.

خوشلىشىش ۋاقتىدا، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

شۇ يىلى ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا بىردىن دىنىي مەسلىھەتچى ئەۋەتتى، ھەتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى پولكلىرىغىمۇ ئاخۇن ئەۋەتتى.

# ئالتىنچى باب

# ئېرەن ۋە ئەيرەن

## سۆيگۈ تۇيغۇسى

«ئېرەن» ۋە «ئەيرەن» ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭىنىڭ تەخەللۇسى ئىدى، كېيىن بۇلار ئىككىسىنىڭ سۆيگۈ ئۆلچەملىرى ۋە ئىنقىلابىي كۆرەشلەردە ئىشلىتىلىدىغانناملىرى بولۇپ قالغان.

ئېرەن — شاخلىرى سىلىق، تىك ئۆسىدىغان. ياغىچى ئىنتايىن قاتتىق، سۈپەتلىك ماتېرىيال بولىدىغان. تىلما يوپۇرماقلىق غوللۇق دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كۈز پەسلىدە قىزىل ياكى سېرىق رەڭگە كىرىپ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاغدا «ئېرەن قابىرغا» دېگەن بىر يەر بار. بۇ نام شۇ جايدىكى ئېرەن ئورمانلىقىغا قاراپ ئېيتىلغان بولۇشى كېرەك. ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيت-

تىشىچە، ئۇ بۇ دەرەخنى بەك چىرايلىق، ياغىچى بەك قاتتىق، ئاسانلىقچە چىرىمەيدۇ ھەم تەبىئەتنى زىننەتلەيدۇ. ھەم ئېسىل ياغاچ ماتېرىيال بىلەن ئىنسانلارنى تەمىنلەيدۇ دەپ بەك ياخشى كۆرگەن. كېيىن ئۇ غۇلجا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، بىر ماقالىسىگە يوشۇرۇن ئىمزا قويۇش كېرەك بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا «ئېرەن» دەپ ئاشۇ دەرەخنىڭ نامىنى قويۇپتۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېرەن» دېگەن دەرەخنىڭ ئىسمىنى قوللانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ياڭ فېڭيىڭغا چۈشەندۈرگەنىكەن. ياڭ فېڭيىڭغا بۇ نام بەك ياراپ كېتىپتۇ. كېيىن ياڭ فېڭيىمۇ ئۆزىگە بىر يوشۇرۇن نام كېرەك بولغاندا، «ئەيرەن» دېگەن نامنى قوللىنىپتۇ. خەنزۇچە «ئەيرەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «رەن»نى سۆيۈش» دېگەن بولىدىكەن. ياڭ فېڭيى بۇ نامنى قوللىنىش بىلەن ئابدۇكېرىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، يەنى ئېرەن ياغىچىدەك مۇستەھكەم، چىرىمەس، ئالىي پەزىلەتلىك كىشىنى سۆيىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

«ئېرەن» دېگەن نام بىلەن «ئەيرەن» دېگەن نام يۇقىرىقى ياش ئىنقىلابچىنىڭ قەلبىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىر يولدا ماڭىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ ئىككىلەن بۇ ئىككى نامنىڭ ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىگە يېزىشقان خەتلىرىدىمۇ مۇشۇ ناملارنى قوللىنىدۇ، كۆرۈشكە مۇ بىر - بى-

رىنى سەمىمىيلىك بىلەن «ئېرەن»، «ئەيرەن» دەپ
ئاتىشىدۇ.
ياڭ فېڭيى ئىلىدا بىر كاتتا ئائىلىدىن كېلىپ
چىققان. دادىسىنىڭ ئىسمى ياڭ سۇڭ بولۇپ، ئىلى
سودا - ساناەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى
ئۈچۈن، كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى «ياڭ خوجاڭ» دەپ ئا-
تايدىغان. لېكىن ياڭ فېڭيىنىڭ مەپكۇرىسى ئۇنىڭ كې-
لىپ چىققان سىنىپىغا قىلچىمۇ تەئەللۇق ئەمەس ئىدى،
ئۇ غۇلجىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن
كېيىن، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۆلكىلىك قىزلار گىمنازىيىسى
(تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ)دە ئوقۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇ-
كېرىممۇ ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇۋاتاتتى. ياڭ فېڭيىمۇ ئابدۇكېرىمگە ئوخشاش، قىز-
لار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئاكتىپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. قىز-
لار گىمنازىيىسى بىلەن ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ
ئىككى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كې-
لىش قىلىشى جەريانىدا، ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيى
تونۇشۇپ قالغان. ئابدۇكېرىمنىڭ ئېيتىشىچە، بىرىن-
چى قېتىم كۆرۈشكەندە، بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقى، ئو-
ماقلىقىلا ئەمەس، ئۆتكۈر، ئىلغار، چېچەنلىكى ئاب-
دۇكېرىمدە تەسىر قالدۇرغانىكەن. ياڭ فېڭيىنىڭمۇ ئاب-
دۇكېرىمگە قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق ھېسسىياتى بار
ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككىسى بېرىش - كېلىش
قىلىشنى باشلاپتۇ.

ياڭ فېڭيى ئۆلكىلىك قىزلار گىمنازىيىسىدە ئو-
قۇغان ۋاقىت، دەل بىر مۇنچە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى
شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى.
كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ كۆز قارىشى بۇ گىمنازىيە ئوقۇغۇچىسىغا
خېلى تەسىر كۆرسەتكەنىكەن. ئابدۇكېرىم غۇلجىدا ياڭ
فېڭيى بىللە ئىشلىگەن قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي
ۋاقىت ئىچىدە، سىياسىي كۆز قاراش جەھەتتىكى ئوخ-
شاشلىق بۇ ئىككىسىنى تېزلا قويۇق مۇئامىلە قىلىشىدى-
غان يېقىن دوستقا ئايلاندۇرغان.

ئابدۇكېرىمنىڭ ئېيتىشىچە، ياڭ فېڭيى ئۈرۈمچى
قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، نەزە-
رىيە ئۆگىنىشكە بەك قىزىقىدىكەن. ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ
يېتەكچىلىكىدە، ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ،
نەزەرىيىۋى ساۋاتىنى ۋە ئىنقىلاب توغرىسىدىكى قائى-
دىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىنىۋاپتىكەن. غۇلجىدى-
كى ۋاقىتتا، ئۇ نۇقتىلىق ھالدا «سوۋېت ئىتتىپاقى كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلەر) تارىخى قىسقىچە
كۇرسى»نى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم
ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنى ئۆگىنىپتۇ. كېيىن ئابدۇ-
كېرىم بىلەن بىللە، بۇ ئىككى ئەسەرنى قايتا - قايتا
ئۆگىنىپتۇ، بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇ بۇ ئىككى ئەسەرنى ئۆ-
گىنىشتە چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، جۇڭگو-
نىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قانداق بىرلەشتۈرۈش،
قانداق قىلغاندا شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ، خەلقنى ئازاب-

ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نى سوۋېت خەلقى ماڭغان يولدا ماڭدۇرۇش توغرىسىدىكى
مەسىلىلەرنى تاللاپ چىقىپ، ئابدۇكېرىم بىلەن بىللە
مۇزاكىرە قىلىدىكەن، ھەر قېتىملىق مۇزاكىرىنىڭ نەتى-
جىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھىمايە قى-
لىش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى، پۈتۈن
شىنجاڭنى بۇرۇنراق ئازاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش، چې-
رىك گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئەلتۆكۈس يوقىتىش،
دېگەن نۇقتىلارغا يىغىنچاقلايدىكەن، نەزەرىيىنى ئەمە-
لىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان بۇنداق ئۆگىنىش ئۇسۇلى بۇ ئىك-
كىيلەننىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشتا، شۈبھە-
سىز تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىغان.

سۆيگۈ تۇيغۇسىغا كىرگەن بۇ بىر جۈپ يىگىت-
قىز پارغانىسىرى بىر - بىرىنى ئۆزىنىڭ قەلبىدە تۇتى-
دىغان بولۇپ كەتكەن، بىراق ئۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر،
بىرى خەنزۇ بولغانلىقتىن، مىللەت مەسىلىسى ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا گويا بىر ھاڭغا ئوخشاش بولۇپ تۇراتتى.
بۇنى بۈگۈنكى ياشلارنىڭ چۈشىنىشى تەس.

ئابدۇكېرىم ماڭا يەنە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ
بەرگەنىدى: بىر كۈنى مۇئەللىملەرنىڭ دەم ئالىدىغان
ئۆيىدە ئىككىسى سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، ياڭ فېڭيىنىڭ
شياۋجاۋ دېگەن بىر دوستى كىرىپ قېلىپ، ئابدۇكېرىمگە
سوغۇق پوزىتسىيىدە بوپتۇ، ئابدۇكېرىم ئوڭايسىزلىنىپ
چىقىپ كېتىپتۇ، ئىشىكنى يېپىشىغىلا، ئۆيدىن قاتتىق
ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ، ئابدۇكېرىم نېمە ئىش بولغانلىقى-

نى بىلمەكچى بولۇپ قايتىپ كىرەي دەپ تۇرۇۋىشىغىلا، قوڭغۇراق چېلىنىپ دەرس باشلىنىپ كېتىپتۇ. دەرستىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ياك فېڭيىدىن ئەھۋالنى سورىغاندا، ئۇ سۆزلەپ بېرىپتۇ. شياۋ جاۋ ياك فېڭيىنىڭ ئابدۇكېرىم بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭغا: «قانداق قىلىپ چەنتۇ بىلەن دوست بولۇپ قالدىڭ؟» دەپ قاتتىق نارازى بولۇپتىكەن. بۈگۈن ئىككىسىنىڭ ئۆيدە بىللە قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ئاچچىقى بىلەن ئۆيگە بېسىپ كىرىپتۇ. ئابدۇكېرىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ياك فېڭيىغا قاتتىق زەردىسى بىلەن: «سەن چەنتۇ بىلەن بەك ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىۋاتىسەن، ئۇنىڭغا تەگسەك بولمامدۇ!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ياك فېڭيى: «مەنمۇ ھازىر ئۇنداق خىيالدا ئەمەس. بىراق زادى ئۇيغۇرغا تەگسەم ئۇنىڭ نېمە يامىنى؟» دەپتىكەن، شياۋ جاۋ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ياك فېڭيىنى قاتتىق ئەيىبلەپتۇ.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئابدۇكېرىم بىلەن ياك فېڭيىدا بىر گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قاپتۇ. ئىككىلىسى بۇ مەسىلىنى قايتا - قايتا ئويلىشىپتۇ. بىراق نەزەرىيە ئۆگىنىشىدىكىگە ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماپتۇ. بۇ جىددىي مەسىلىگە قارىتا ياك فېڭيى كەسكىنلىك بىلەن: «زادى ئۇيغۇرغا تەگسەم نېمە بوپتۇ؟...» دېگەن جاۋابنى تېپىپتۇ، بىراق جىق ئويلاپتۇ: ئۇيغۇرغا

تەگسەم زادى نېمە بوپتۇ، لېكىن تېگەلەيمەنمۇ — يوق؟ ئابدۇكېرىم ئالارمۇ؟ ئۇ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالارمۇ؟ ئاتام - ئانام نېمە دەر؟ ... مۇشۇنداق بىر قاتار مەسىلىلەر ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋاپتۇ. ئابدۇكېرىم بولسا: ئۇ «ئۇيغۇرغا تەگسەم نېمە بوپتۇ؟» دەپتۇ. بۇ قىز نېمە دېگەن قەتئىي - ھە! ئۇ مىللىي تەسكىرىي قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرالاپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. نېمىدېگەن ئوبدان قىز - ھە! لېكىن ھازىرقى ئىجتىمائىي مۇھىت مېنىڭ خەنزۇ قىزى بىلەن توي قىلىشىمغا مۇمكىنچىلىك بېرەرمۇ؟... دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئالدىدىكى قاتمۇقات توسالغۇلارنى ئويلاپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. بىراق ياڭ فېڭيىڭنىڭ سۆزى ئېسىگە كەلگەندىلا، روھلىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىتقىچە بۇ ئويلىرىنى بىر - بىرىگە ئېيتىشماپتۇ، ئەمما ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىدىن سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغانلىقىنى سېزىدىكەن.

## سۆيگۈ رىشتى

1944 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، ئابدۇكېرىمنىڭ يوشۇرۇن ئىنقىلابىي ھەرىكىتى بارغانسېرى كۈچەيدى، ۋەزىيەتمۇ بارغانسېرى ئېغىرلاشتى.

بۇ ۋاقىتلاردىكى ئاساسىي خىزمەت كومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە جىنايىي قىلمىشلىرىنى پاش
قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىگە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى كۈرەش ھەرى-
كىتىگە ئايلاندۇرۇش، شۇنداق قىلىپ سىياسىي، ئىدى-
يە، تەشۋىقات، تەشكىلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق قوزغى-
لاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ
خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، كومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى باستۇرۇش
يولىدىكى سۈيىقەستلىك پىلانىنى، شۇنىڭدەك ئىشپىيونى-
لۇق، ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇش زۆرۈر ئىدى.
مۇشۇنداق مۇھىم پەيتلەردە، ياڭ فېڭيى ئابدۇكېرىمگە
كۈچلۈك ياردەم قىلدى، بەزى جەھەتلەردە بولسا ئابدۇ-
كېرىمنىڭ باشقا سەپداشلىرى قىلالمايدىغان ياردەملەر-
نى قىلدى. ياڭ فېڭيىنىڭ ياڭ فېڭپېي ئىسىملىك بىر
ئاكىسى بولۇپ، ئۇ ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان ياش
ئىدى. ئۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن (ئىلى ۋالىيسى-
نىڭ خاس تەرجىمانى ئىدى) ھەر كۈنى كومىنداڭنىڭ
نۇرغۇن مەخپىيەتلىكىنى بىلىپ تۇراتتى، ياڭ فېڭيى
ئاكىسى ئارقىلىق كومىنداڭنىڭ كۆپلىگەن ئاخباراتىنى
قولغا چۈشۈرۈۋالاتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، ياڭ فېڭيى
ئاكىسىدىن ئىچكى ئەھۋاللارنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئاكىسى
ئەندىشە قىلىپ ئانچە چىق ئېيتمايدىكەن. كېيىن ئۇ
سىڭلىسىنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئازاد قىلىش ئۈ-
چۈن، كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلى-

ۋاتقانلىقىنى بارا ـ بارا چۈشىنىپ، ئىلھام ئېلىپ، تە-
سىرلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭنىڭ ئەك-
سىيەتچىل چىرىك قىلمىشلىرىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك
كۆرۈپ يۈرۈپ، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە ئىشەنمەيدى-
غان بولۇپ قالغان. ئۇ سىڭلىسىنىڭ ۋە ئابدۇكېرىمنىڭ
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىشكە
تەقەززا بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئىنتايىن مۇھىم ئىش بې-
لەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سىڭ-
لىسىنى ئاخبارات بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدىغان
بولغان.

ئىنقىلابىي كۈرەشلەر جەريانىدا ئۆزلۈكسىز ئۆچرى-
شىپ چۈشىنىشىش ئارقىلىق، ئابدۇكېرىم بارغانسېرى ياڭ
فېڭيىنى ئۆز ھاياتىغا «كۈچ بېرىدىغان». ھاياتىنى «قە-
دىرلەيدىغان» ئادەم دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا چەكسىز
ئۈمىد باغلىغان. ئابدۇكېرىم 1944 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ
24 ـ كۈنى ياڭ فېڭيىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن:
«سىز يازغان ھېلىقى نەرسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن،
سىزگە چەكسىز ئۈمىد باغلىدىم!» «دوستۇم! سىز، پەقەت
سىزلا مېنىڭ ھاياتىمغا كۈچ بېرەلەيسىز!... مەن بىلى-
مەنكى، پەقەتلا سىز مېنىڭ ھاياتىمنى قەدىرلەيسىز...»

ئابدۇكېرىم شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ياز-
غان يەنە بىر خېتىدە ياڭ فېڭيىنى «سادىق دوستۇم» دەپ
تەرىپلىگەن. ئۇ خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«سىز ئاللىقاچان ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى-
نىڭ نەزەرىدە سىياسىي جەھەتتىن ھوشيار بىر قىز،

مېنىڭ ئەڭ سادىق دوستۇم دەپ تونۇلدىڭىز، شۇڭلاشقا، مېنىڭ سىياسىي تەقدىرىمنى ۋە مېنىڭ بىرنەچچە ئون يولداشلىرىمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان سىياسىي مەسىلىنى سىزگە دەيمەن. بەلكى بۇندىن كېيىن بىرنەچچە يۈز ياش يولداشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان سىياسىي مەسىلىلەرنى سىزگە دېمەكچىمەن!»

ياڭ فېڭيىنىڭ دادىسى ئابدۇكېرىمنىڭ ياڭ فېڭيى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قىزىغا تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالغان. بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، دادىسى ياڭ فېڭيىنى: «چەنتۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلما» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

ياڭ فېڭيى دادىسىغا: «ئۇ چەنتۇ ئەمەس» دېگەن ھەمدە گەپ ياندۇرۇپ: «ئۇيغۇر يامان ئادەملەرمىكەن؟» دېگەن. نەتىجىدە دادىسى تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ كەتكەن.

«چەنتۇلاردىن بىزگە ۋاپا كەلمەيدۇ» ئۇ چوكىنى شىرە ئۈستىگە تاشلاپ، «بۇ خەق بىز خەنزۇلارغا قارشى ئون يىلدا بىر كىچىك قوزغىلاڭ، 30 يىلدا بىر چوڭ قوزغىلاڭ قىلىپ تۇرىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟ ھازىر غۇلجا قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇغۇ» دەيدۇ.

«كەچۈرۈڭ دادا، مەن بۇ سۆزىڭىزگە قوشۇلالمايمەن، ئاۋۋال، ئۇيغۇرلار خەنزۇلارغا نېمە ئۈچۈن قارشى تۇرغان؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىش كېرەك» ياڭ فېڭيى ئېھتىيات بىلەن ۋە بوي بەرمىگەن قىياپەتتە دادىسىغا قاراپ قويۇپ، «خەنزۇ ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلارنى خال-

غانچە ئۆلتۈرۈپ قىرسۇەرسە، ئۇيغۇرلار نائىلاج ئۇلارغا قارشى تۇرسا، خەنزۇ ئەمەلدارلارنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئەيىبلەشكە بولامدىكەن؟ بۇنداق قىلىش بەك نائادىل ئىش قىلغانلىق بولۇپ قالار!»

«تىلىڭنى تارت» دەيدۇ دادىسى قاتتىق ۋارقىراپ، تىترەپ تۇرۇپ، «سەن خەنزۇ بالىسى، بىلدىڭمۇ؟ تېخى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆز مىللىتىڭگە قارشى تۇرغان چەنتۇلارنى ياقلىماقچىمۇسەن، مۇندىن كېيىن ئابدۇكېرىم دېگەن نېمە بىلەن ئارىلىشىدىغان بولساڭ...»

«ۋاي بولدىلا، تاماقنى تىنچ يېسەڭلارچۇ، ھېچنېمىنى ئۇقمايدىغان بالىنىڭ سۆزىگە شۇنچە خاپا بولغان بارمۇ؟» دەيدۇ ياڭ فېڭيىنىڭ ئانىسى ئېرىنىڭ كېپىنى بۇلۇۋېتىپ، «قىزىم، سەنمۇ داداڭغا سۆز ياندۇرغۇچى بولما، جۇر ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت.»

ئانىسى كېپىنى تۇگىتىپلا ياڭ فېڭيىنى باشلاپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ تالاش بېسىقىپ قالدى، لېكىن بۇ ئاتا - بالىنىڭ ئارىسىدىكى تالاشنىڭ ئەمەس، تېخىمۇ چوڭ تالاشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەمما بۇ تالاشنىڭ، ئاتا - بالا ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ، تەرەققىي قىلىپ، ئاخىر قىزنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تامام بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى.

ياڭ فېڭيى ئەتىسى دادىسى بىلەن بولغان ماجىرانى ئابدۇكېرىمگە سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ قاتتىق ئازابلى-

نىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئابدۇكېرىمنى چوڭ-
قۇر غەمگە سالىدۇ. ئابدۇكېرىم مەسىلىنىڭ ئۆزى ئويلى-
غاندەك ئاددىي ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ
كۆزىگە بىر خىل بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى غىل - پال
كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇ ياڭ فېڭيىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن
ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭغا ھەي-
ران قالغۇلۇق ئەمەس، دادىڭىزدىن مۇنداق گەپلەر چىق-
مىسا، ھەيران قالسىڭىز بولاتتى! خەنزۇلار بىلەن ئۇي-
غۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارى-
سىدا ئۆچمەنلىك بار، بۇ ئۆچمەنلىكنىڭ كېلىپ چىقى-
شىغا خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى سەۋەب بولغان. ئۇلار ئاز
سانلىق مىللەتلەرنى ھەم ئېزىدۇ، ھەم ئۇلاردىن قورقى-
دۇ، سىزنىڭ دادىڭىزمۇ شۇلارنىڭ بىرى. يۇقىرى سىنىپ-
قا تەۋە خەنزۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئۆزىنىڭ مىللىتىدىن
ئەمەس، ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ، بۇمۇ تەبى-
ئىي ئەھۋال». ئابدۇكېرىم سۆزىنى ئاڭلاپ غەمكىن ئول-
تۇرغان دوستىغا بىر قاراۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:
«بۇ ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا بولغان بىلەن،
ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چوڭ زىد-
دىيەتنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇ مەسىلىدە دادىڭىزنىڭ
ئۆزىنىڭ نارازى بولغانلىقىغۇ بىر گەپ، جاماەتچىلىك
ئارىسىدىمۇ زور بېسىم پەيدا بولدى، بۇ تېخىمۇ چىڭ،
تېخىمۇ مۇھىم ئامىل. بۇ خىل جاماەت پىكرىنىڭ
بېسىمى سىلەر خەنزۇلار تەرەپتىن كېلىپلا قالماي، بىز
ئۇيغۇرلار تەرەپتىنمۇ كېلىدۇ، بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ بىز-

نىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە ھەيران بولۇپ، سۆز - چۆچەك قىلىشى چۈشىنىشلىك. بەزىلەر بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى باھانە قىلىپ مەقسەتلىك ھالدا پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، ماڭا تۆھمەت چاپلاپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بۇ مىللىي ئارازلىق — دىنىي تەسىرىي قاراش ۋە كونا ئۆرپ - ئادەتنىڭ مەھسۇلى. ھازىر بىز ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتتا ياشىماقتىمىز، بىزنىڭ مۇھىم مەقسىتىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. مەن بۈگۈندىن باشلاپلا مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزەيلى دېمەكچى ئەمەسمەن، بۇنداق قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ. بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاللىقاچان زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. بۇندىن كېيىنكى ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە بولسۇن، شەخسىي تۇرمۇشتا بولسۇن، چوقۇم ھايات - ماماتتا بىللە بولىمىز، بۇ بىزنىڭ ئىرادىمىز، مەن ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز ئۇچۇق - ئاشكارا، ھەرقانداق قارا كۈچ ئىرادىمىزنى بوشىتالمايدۇ.» ئابدۇكېرىم سۆزىنى توختىتىپ، ياڭ فېڭيىنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئىنكاسىنى بىلمەكچى بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا، ياڭ فېڭيىنىڭ غەمكىن چىرايى ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئۈمىدلىك نۇر چاقناپ تۇراتتى. ياڭ فېڭيى كەسكىنلىك بىلەن: «سۆزىڭىز كۆڭلۈمنى بىراقلا يورۇتۇۋەتتى. مېنىڭ قەلبىم مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ!» دەيدۇ. ئابدۇكېرىم ياڭ فېڭيىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاپ، بەك خوش

بولدۇ ۋە ياڭ فېڭيىغا: «بولدى، قويۇڭ، دادىڭىز بىلەن سۆز تالاشماڭ. بۇنىڭدىن ئوبدان نەتىجە چىقمايدۇ. ئەكسىچە، ئاتا - بالا مۇناسىۋىتىڭلار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. باشقا ئامال قىلايلى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىڭىز پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم بۇ سۆزنى ھەم كېلەچەكتىن ئۈمىد كۈتۈپ، ھەم ياڭ فېڭيىغا تەسەللى بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتتى، بىراق كۆز ئالدىدىكى ھاڭدىن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ — ئۇنىڭدا بۇ توغرۇلۇق تولۇق ئىشەنچ يوق ئىدى.

## قۇياش ئاستىدىكى مۇز

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جەمئىيەت تەرتىپى بەك قالايمىقان بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئابدۇكېرىم كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ياڭ فېڭيى قاتارلىق بىر قانچە ئۆيلۈك خەنزۇنى ئۆيىگە ئەكېتىپ قوغدىدى. جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىملىشىپ خاتىرجەملىك ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيىنىڭ بېرىش - كېلىشى تېخىمۇ قويۇق بولۇپ كەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ياڭ فېڭيى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، بەزى خىزمەتلەرگە ياردەملەشتى. مەسىلەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ساقچى ئىدار-

ـنىڭ ئارخىپلىرىدىكى بەزى ماتېرىياللارنى رەتلەپ
بېرىش ۋە باشقىلار.

1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئابدۇكېرىم كېزىك بىلەن
ئاغرىپ قاتتىق يېتىپ قالدۇ. دوختۇرخانا قالايمىقانـ
راق بولغانلىقتىن، دوختۇرلار ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىدە
داۋالىنىشنى لايىق تاپىدۇ. تولۇق ساقايغۇچە ئابدۇكېـ
رىمگە ياك فېڭيى ھەمراھ بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئۇدا بىرنەچچە كۈن قىزىپ، ئادەم توـ
نۇمايدىغان بولۇپ قالدۇ، ئانىسى ھاشخان ئاپا ئابدۇـ
كېرىمنىڭ ئاغرىقىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدۇ. ھاشخان
ئاپا ياك فېڭيىنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماستىن ئابدۇكېرىمـ
گە قارىغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق تەسىرلىنىدۇ، شۇنىڭ
بىلەن بۇ قىزغا بولغان مىننەتدارلىقى كۈچىيىپ، ئۇنىڭـ
غا پۈتۈنلەي باشقىچە پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولۇپ
كېتىدۇ.

بىر كۈنى مەن، ئابدۇكېرىم قىزىتمىسى تازا ئۆرـ
لەپ، يېرىم ھوشسىز يېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، دەرھال يوقـ
لاپ باردىم، ئابدۇكېرىم تەسلىكتە نەپەس ئېلىپ، ئادەم
ئۇقمايدىغان گەپلەرنى جۆيلۈپ ياتقانىكەن. ياك فېڭيى
كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ھاشخان ئاپا ئۆزىنىڭ
ياتىقىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ مېنى كۆرۈپ دەرھال
يېشىنى سۈرتۈپ قارشى ئالدى، قارىسام ھاشخان ئاپىـ
نىڭ چىرايى سارغىيىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ،
مەن: «ئاپا، ئەندىشە قىلماڭ، ئابدۇكېرىمـ
نىڭ تېنى مەزمۇت، دوختۇرلارمۇ ئوبدان داۋالاۋاتىدۇ،

ياڭ فېڭيى قىزمۇ ياخشى قاراۋاتىدۇ. ئابدۇكېرىم ئۇزاق
قالمايلا ساقىيىپ كېتىدۇ» دېدىم. ھاشىخان ئاپا ئاڭلىغان-
دىن كېيىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ: «خۇدايىم،
دېگىنىڭىزدەك بولسۇن بالام» دەپ يەنە يېشىنى سۈرتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن. مەن ھاشىخان ئاپىنىڭ كۆڭلىنى خا-
تىرجەم قىلىش ئۈچۈن، گەپنى ياڭ فېڭيى تەرەپكە
بۇراپ، قېنى نېمە دەيدىكىن دەپ، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيى-
نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ قىز قانداق ئىكەن؟» دېۋىدىم،
موماينىڭ چىرايى ئېچىلىپ: «بۇ بالا باشقا خىتايلارغا
ئوخشىمايدىكەن، خېلى مېھرى ئىسسىق قىز ئىكەن»
دېدى. مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىر خەنزۇ قىزنىڭ ھاشى-
خان ئاپىغا يېقىپ قالغىنىغا قارىغاندا، ياڭ فېڭيى
راستلا بوش قىز ئەمەسكەن، بىراق موماي ياڭ فېڭيىنى
كېلىن قىلىشقا ئۇنامدۇ — يوق؟ بىر نېمە دېگىلى بول-
مايدۇ، داۋاملىق خىزمەت ئىشلەش كېرەك، كۈتۈش كې-
رەك، دەپ ئويلىدىم.

مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەتىگەندە ئىشقا بې-
رىشتا، كەچلىكى ئىشتىن قايتىشتا، ئابدۇكېرىمنى يوق-
لاپ ئۆتەتتىم، ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كې-
تەتتى. ھاشىخان ئاپىمۇ مەن بىلەن بىر ئاز مۇڭدىشىپ
كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ
قايتىپ كېتىۋېتىپ كىرسەم، ھويلا - ئارام جىمجىت-
لىق، ھەممىسى ناھايىتى ئاۋايلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ.
ئابدۇكېرىمنىڭ ئوخلىشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويمايلى
دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ، كېزىكىنىڭ يۇقىرى ق-

زىتمىلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. دوختۇر ئۇنىڭ ئۇخلىشىغا دەخلى قىلماسلىقنى تاپىلىغانىكەن. مەن ئاۋايلاپ دەسسەپ ھويلىدىن دالانغا كىردىم، ئابدۇكېرىم ياتقان ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، ئۆيدىن بىر خەنزۇ قىزنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى. ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ قارىسام، ئابدۇكېرىم كارىۋاتتا كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ياڭ فېڭيى پاتېفون قويۇلغان شىرەگە يۆلىنىپ پلاستىنكىدىن چىقىۋاتقان ناخشىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئابدۇكېرىم ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ، كەينىمگە يېنىشىمغىلا، ياڭ فېڭيى بىلىپ قېلىپ، ماڭا قاراپ ئورنىدىن قوپتى - دە، پاتېفوننى توختىتىپ «چىڭجىن سەيگې» (مەرھەمەت قىلىڭ سەيپىدىن ئاكا) دېدى، ئابدۇكېرىم دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ: «سەيپىدىن ئاكاما. كېلىڭ كېلىڭ» دېدى، مەن كارىۋاتقا يېقىنلاشقۇچە ئۇ ئورنىدىن قوزغالغانىدى. ياڭ فېڭيى ئۇنىڭ ئارقىسىغا ياستۇق يۆلەپ قويدى. مەن كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ياڭ فېڭيىغا: «پاتېفوننى قويۇڭ. سەيپىدىن ئاكام ياخشى كۆرىدىغان ناخشا» دېدى، ياڭ فېڭيى پاتېفوننى يەنە قويدى، بىر خەنزۇ قىزنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى داۋام قىلدى. بۇ ناخشىنى مەنمۇ راستىنلا ياخشى كۆرەتتىم. تېكىستىنى چۈشەنمىسەممۇ، بۇ ناخشا قانداقتۇر يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى. تەگكەش قىلىنغان مۇزىكىمۇ يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئومۇملىشىپ قالغان ناخشا بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر بەختسىز قىز-

نىڭ سەرگۈزەشتىسى تەسۋىرلىنىدىكەن، ئۇنىڭ رېئال-
لىقتا بولغان نارازىلىقى ئىپادىلىنىدىكەن. ئىلگىرى
مەن ھەر قېتىم ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىگە بارسام ئۇ
پلاستىنكىنى قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، شۇ قىزنىڭ قەي-
سەرلىكىنى ماختاپ بېرەتتى.

ناخشا تۈگەپ، پاتېفون توختىدى. مەن ئابدۇكې-
رىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، سەپسېلىپ قارىسام،
ياداپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى.
ئۇنىڭ ھالىنى سورىدىم. ئۇ: «قىزىتمام ياندى، ئەھ-
ۋالىم ياخشى. ئەمما ماغدۇرۇم يوق، ئۇيقۇدىن باش
كۆتۈرەلمەيمەن. ناخشا ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق بوپتىكەن،
شۇڭا بۇنى قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتىم» دېدى - دە، ياڭ فېڭيې-
دىن پلاستىنكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەغەزگە
يېزىلغان بىر جۈملە خەنزۇچە خەتنى كۆرسەتتى. ئۇ ماڭا
قاراپ: «بۇ، ياڭ فېڭيېنىڭ يازغان خېتى. مەنىسى قۇياش
ئاستىدىكى مۇز دېگەن بولىدۇ. بۇ نېمە دېگىنىڭىز دېسەم،
ياڭ فېڭيې ئېيتىپ بەرمەيدۇ. سىز مەنىسىنى ئېيتىپ بې-
قىڭا» دېدى. مەن ياڭ فېڭيېغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ-
نىڭ مەنىسىنى سىزلا ئېيتىپ بېرەلەيسىز» دېگەنىدىم،
ئۇ جاۋاب بەرمەي كۈلۈپلا قويدى. مەن يەنە ئابدۇكېرىم-
دىن: «سىز قانداق چۈشەندىڭىز؟» دەپ سورىسام، ياڭ
فېڭيېغا قاراپ قويۇپ، ماڭا كۈلۈپ قويۇپ: «ئۇ مېنى
قۇياش ئاستىدىكى ئېرىمەيدىغان مۇزغا ئوخشاتقانمىكىن
دەيمەن» دېدى. مەن: «بۇ شەخسىي مۇناسىۋەتكە قارىتىل-
غان بولسا كېرەك. جەمئىيەتتىكى بەزى قارا كۈچلەرگە

قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەنىدىم، ياڭ فېڭيى كۈلۈپ، مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلغاندەك ئىپادە بىلدۈردى، ئاندىن كېيىن «قانداق» دېگەن ئالامەتتە كۈلگىنىچە ئابدۇكېرىمگە قارىدى.

«ياڭ فېڭيىنىڭ ئىپادىسىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سىز تاپقان ئوخشايسىز» دېدى ئابدۇكېرىم ياڭ فېڭيىغا يەنە قاراپ كۈلۈپ، «سىز چوڭقۇر، كەڭ ئويلاپسىز. ھازىر ئىنقىلاب دەۋرى؛ دۇنيادا، جۇڭگودا، شىنجاڭدا ئىنقىلاپ بولۇۋاتىدۇ» دېدى ياڭ فېڭيى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئارىلاش سۆزلەر بىلەن، «ھەممە يەردە كۆڭچەنداڭ چىقتى، پرولېتارىيات قوزغالدى، لېكىن جاھان ئازاد بولۇشتىن تېخى يىراق.» مەن: «توغرا گەپ، قۇياش چىقتى، لېكىن مۇز ئېرىپ بولمىدى» دېدىم ياڭ فېڭيىغا قاراپ.

ياڭ فېڭيى مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. «سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىز جايىدا، سۆزىڭىزمۇ جايىدا، ماڭا قارىغاندا ئېگىزرەك يەردە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرەلەيدىكەنسىز» دېدى ئابدۇكېرىم قايىل بولغاندەك ئىنتوناتسىيە بىلەن ياڭ فېڭيىغا قاراپ.

«بولدى يامان ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، سىزدەك بىر پەيلاسوپقا بىر دۆت قىز قانداق يېتەلىسۇن» دېدى ياڭ فېڭيى ئابدۇكېرىمگە يەر ئاستىدىن قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

«مۇنازىرىلەشمەڭلار، بولدى، بىر پەيلاسوپ بىلەن بىر يىراقنى كۆرگۈچى بىرلەشسە، ‹قۇياش ئاستىدىكى مۇز›نى ئېرىتىشمۇ قىيىن بولماس» دېدىم مەن.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

ياڭ فېگيىنىڭ تۇغقانلىرى، دوستلىرى، ئۇلارنىڭ جەمەتى ۋە مال-مۈلۈكلىرى زور خەۋپكە ئۇچرىغان ۋاقىتلاردا ئابدۇكېرىم ۋە ئابدۇكېرىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار كۈچلىرى تەرىپىدىن قەتئىي قوغدالدى. بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالدى، بۇنىڭدىن ئۇلار چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ ئوخشاشلا ياخشى ئادەملەر بار ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن بۇيانقى مىللىي تەسكىرىي قاراشلار تۈگىتىلدى. ئۇلار ئىلگىركى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېگيىنىڭ نىكاھ ئىشىنى قوللايدىغان بولدى. ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېگيىنىڭ چىن مۇھەببىتىمۇ بارغانسېرى ئابدۇكېرىمنىڭ تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە قىزىقىشىغا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم كېسەل بىلەن يېتىپ قالغان كۈنلەردە، ياڭ فېگيىنىڭ كېچە-كۈندۈز ئابدۇكېرىمنىڭ يېنىدا بولۇپ، خەۋەر ئالغانلىقىدىن ھاشىمخان ئاپا بەك تەسىرلەندى، ئۇ بۇ قىزنى بارغانسېرى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېگيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ ئابدۇكېرىمنى ھاقارەتلەيدىغان باھانىسى بولۇپ قالدى، ئۇلار ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ئاسان قوزغايدىغان سۆزلەر بىلەن، تۈرلۈك سورۇنلاردا ئابدۇكېرىمگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى سۇندۇرماقچى بولدى.

بىر كۈنى سەھەردە ھاشىخان ئاپا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ناھايىتى ئالدىرىغان ھالدا مېنىڭ ئۆيۈمگە كېرىپ كەلدى. ئايىم بىلەن ئىككىمىز بىرەر تاسادىپىي ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ چۆچۈپ كەتتۇق. ئايىم دەرھال ئالدىغا كېلىپ ھاشىخان ئاپىنىڭ بېشىدىكى ياغلىقىنى ئېلىپ، ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتمەيلا، ھاشىخان ئاپا ئازراق خاپىلىق بىلەن: «سەيپىدىن، سىز ئوغلۇمنىڭ دوستى ھەم ئاكىسى، ھازىر كوچىدا خەق ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيىنىڭ ئىشى توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەرنى دەۋاتىدۇ. دوستى بولغان، ئاكىسى بولغان سىلەر نېمىشقا بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ قويمايسىلەر؟» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىنى چۈشەندىم ھەم خۇش بولدۇم. ھاشىخان ئاپا ئاخىر بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۆز قارىشىنى ئىپادىلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھاشىخان ئاپىنىڭ راست كۆڭلىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن. مەن قەستەن: «ياڭ فېڭيى خەنزۇ قىزى بولغاچقا. ئىش تەس بولۇۋاتىدۇ. سىز بۇ مەسىلىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟» دېدىم.

«ھە، سەيپىدىن، سىزمۇ مۇشۇنداق دەمسىز؟» دېدى ھاشىخان ئاپا ئاچچىقلىنىپ تېرىكىپ، «ئابدۇكېرىم كېسەل بولۇپ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ياتتى. ئابدۇكېرىمگە كىم بۇ قىزغا ئوخشاش كۆڭۈل قويۇپتۇ، بۇ قىزنىڭ ئاق كۆڭۈل بىر قىز ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا بىلگەنمەن. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئانىسىدەك كۆرۈپ كەلدى. ھەر قېتىم ئۆيۈمگە كەلسە، خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدى-

كى ئادەمگە ئوخشاش ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ماڭا ئوبدان ياردەمچى بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئابدۇكېرىمگە ئوخشاش بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بۇنداق قىز ماڭا كېلىن بولىدىغان بولسا، ئىشىم ئاسان بولاتتى.»

ئايىم دەرھاللا: «بۇ سەيپىدىننىڭ يۈرەك سۆزى ئەمەس. ئۇ سىزگە ئوخشاش. دائىم ياڭ فېڭيى قىزنى ئوبدان قىز ئىكەن دەپ ماختايدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈش بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھاشىمخان ئاپىنىڭ ئاچچىقى ياندى، ياڭغاندەك بولدى. مەن ھاشىمخان ئاپىنىڭ پوزىتسىيەسىنى ئېنىق بىلىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشتىم - دە، ياڭ فېڭيىنىڭ ئائىلىسىگە قودا چۈشۈش ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولدۇق. بىراق مەن ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتىم. چۈنكى ياڭ خۇيجاڭنىڭ قىزىنىڭ ئابدۇكېرىمگە يېقىنلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ئىش مېنىڭ مۆلچەرىم بىلەن ئوخشاش بولدى: ياڭ خۇيجاڭ ئەلچىمىزنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە بۇ خەۋەرنى ئابدۇكېرىمگە يەتكۈزۈۋىدىم، ئابدۇكېرىم گەپ قىلماي ئورۇندۇقتا قېتىپلا قالدى. مەن ئابدۇكېرىمنىڭ بۇنداق ئازابلانغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم. بىر ھازادىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى پاتېفوننى ئېچىپ، پۈرژىنىسىنى چىڭىتىپ، ھېلىقى خەنزۇچە پلاستىنكىنى قويۇپ ناخشا ئاڭلىغىلى تۇردى. بۇ ئەسلىدە كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېزىۋېتىدىغان ناخشا ئىدى. بۈگۈن بۇ

ئۆينىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ بوشىتىپ، كۆڭلىمىزنى بەك يېرىم قىلىۋەتتى.

## ۋەسىيەت ۋە قەسەم

ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئائىلىسىدىن، جەمئىيەتتىن ئۇلارنىڭ چىن مۇھەببىتىنى ئۈجۈقتۇرىدىغان تەتۈر كۈچ قىستاپ كەلدى.

ياڭ فېڭيى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى قاتتىق خەۋپكە ئۇچرىغاندا، ئابدۇكېرىم ئامال قىلىپ ئۇلارنى قوغداپ قالغان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيى بىر-بىرىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ، ئاشىق-مەشۇق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھېچقايسىسى ياڭ فېڭيىنىڭ دادىسىنى تەسىرلەندۈرەلمىدى، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىنلاشقانسېرى، ياڭ فېڭيىنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ بېرىش-كېلىش قىلىشىغا شۇنچە قارشى تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم كېسەل بولۇپ قالغان مەزگىلدە ياڭ فېڭيى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، ئابدۇكېرىمنى باققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى ياڭ فېڭيىنى ئۇرۇپ-ئادەتكە مۇخالىپ ئىش قىلدى، يۈزۈمگە داغ تەگكۈزدى، خەنزۇلارنىڭ نامىنى بۇلغىدى، يۈزۈمنى سېرىۋەتتى، دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە ئابدۇكېرىم بى-

لەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە قىستىغان. ياڭ فېڭيىنىڭ
ئانىسى بولسا ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋىتىنى قوللايتتى، ھەتتا بۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلىشى-
غىمۇ رازى ئىدى. شۇڭا ئۇ قىزىغا بولۇشۇپ، ئېرىنى
يۇمشىتىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئې-
رى جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان. بىرنەچچە قېتىم
ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ: «قىزىڭ شۇنىڭغا تېگىمىدىغان
بولسا، ئاتا - بالىچىلىقتىن كېچىشىمىز!» دەپ ھەيۋە
قىلغان. ئانىسى بولسا قىزىنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغانلىقىدىن بەك ئېچىناتتى. ئۇ ئۆيدىكى بۇ جىددىي-
لىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ياڭ فېڭيىغا: «داداڭ بىلەن
تاكاللاشما قىزىم، ئالدىرىما، كېيىنرەك بىر گەپ بولار»
دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

بۇ جىددىي ئەمەلىيەت ئالدىدا، ياڭ فېڭيى قايتا-
قايتا ئويلاندى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دادىسى-
نىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئابدۇكېرىم بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتىنى قەتئىي ئۈزۈش كېرەكمۇ؟ لېكىن بۇ ھەرگىز مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. دادىسىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە بارلىق
توسالغۇلارغا قارىماي، ئابدۇكېرىم بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش، ھەتتا ئاخىر توينىمۇ قىلىش
كېرەكمۇ؟ لېكىن شۇ شارائىتتا، ئۇ دادىسىنىڭ ئاگاھلان-
دۇرۇشىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىۋېتەلمەيتتى. چۈنكى رەت
قىلسا، دادىسى ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ - دە،
ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم بىلەن مۇمكىنقەدەر بالدۇرراق توي
قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت

ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى، دىنىي شارائىت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كەيپىياتى جەھەتلەردىن ئالغاندا. بۇنداق قىلىش، بىر خەنزۇ قىزنىڭ بىر ئۇيغۇر ئوغلىغا، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىمدەك بىر ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىرغا تېگىشى مۇمكىن بولمايدىغان قىيىن بىر ئىش ئىدى. ياڭ فېڭيى مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى.

ئابدۇكېرىم ياڭ فېڭيىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن (ياڭ فېڭيى ئابدۇكېرىمنى ئاياپ، ھەممىسى ئېيتمىغانىكەن)، بەك تىت - تىت بولىدۇ. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. بىز بۇ ئىشقا خېلى باش قاتۇرۇپ، جىق مەسلىھەتلەشتۇق. ياڭ فېڭيىنىڭ دادىسى تەرەپتىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى بىز شۇۋاقىتتا مۇمكىن بولىدىغان ئاسان ئىش دەپ ھېسابلىدۇق. قىزنى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىۋالساقلا، دادىسى ئىلاج قىلالمايتتى. ئابدۇكېرىم تەرەپتە بولسا، يەنە ھېلىقى دىنىي تەسكىرىي قاراش، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇق ئىدى. بۇ توسۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن خېلى كۆپ خىزمەت ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. بىز ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيىنىڭ قاتمۇقات توسالغۇلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بولدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ياقتىن، ياڭ فېڭيىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدۇق، يەنە بىر ياقتىن، دادىسىغا تونۇش مۇناسىۋەتلىك خەنزۇ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئارقىلىق

مەسلىھەت بېرىپ، مۇۋاپىق پەيتنى كۈتۈپ، شەرت - شا-
رائىت يارىتىش قارارىغا كېلىشتۇق.

بىز ئاكتىپ خىزمەت ئىشلەۋاتقاندا، ئويلىمىغان
بىر ئەھۋال يۈز بەردى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، مەن ئۆيدە ئەمدىلا ئەت-
كەنلىك چاينى ئىچىپ بولۇپ ئولتۇراتتىم، ئابدۇكېرىم:
«دەرھال بىزنىڭ ئۆيگە كەلسىڭىز» دەپ تېلېفون بەردى.
ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل جىددىيلىك سېزىلىپ تۇرات-
تى، مەن ھەي بۇ بىر كېلىشمەسلىكنىڭ بەلگىسىمۇ- نېمە
دەپ ئويلاپ، تۇرۇپكىنى قويۇپلا، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆ-
يىگە باردىم. بۇ چاغدا سائەت سەككىز يېرىم بولۇپتى-
كەن. ئۆيگە كىرسەم، ئۇ ئۆيدە ناھايىتى ئالدىرىغان
ھالدا ئۇياققا - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا،
دەرھال ماڭا ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر خەتنى ئېلىپ ئو-
قۇپ بەردى. ئۇ خەنزۇچىنى شۇنچە ياخشى بىلسىمۇ، خەت-
نى ئوقۇغاندا دۇدۇقلاپ ناھايىتى قىينالدى. مەن ئۇ ۋا-
قىتتا خەنزۇچىنى ئوبدان بىلمىگەچكە، تازا چۈشەنمەي
قالدىم. خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە ئالدىرىدىم - دە،
خەتنى ئوقۇتتۇم، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغان.

«ئېرەن:

ماۋۇ بىر بولاق نەرسىنى ئەتە ئەتىگەن ئېچىپ
كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزگە مۇنداق بىر ھېكا-
يىنى ئېيتىپ بېرەي: لېنىن ئودېسسادىكى ۋاقتىدا ئۇ
يەردە ھەربىيدىن چېكىنگەن بىر مەجرۇھ دوستى بار ئې-
كەن. لېنىن ئودېسسادىن پېتروگرادقا كەتمەكچى بول-

غاندا، بۇ مەجرۇھ ھەربىي لېنىنغا بىرپارچە خەت بېرىپ-
تۇ. كونۋېرتتا «بارماقچى بولغان جايغا بارغاندىن كې-
يىن ئاندىن ئېچىپ ئوقۇشقا بولىدۇ» دەپ يېزىپتۇ. لې-
نىن ئىنقىلابىي ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، يول-
دا ئۇرغۇن خېيىم - خەتلەرنى يىغىپ، پېتروگرادقا
ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاران بېرىپتۇ، خەتنى ئېچىپ قا-
رىسا، مۇنداق بىرقانچە جۈملىلا سۆز يېزىلغان: «مەن
سىزنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىڭىزگە ھەققىي چوقۇ-
نىمەن، مەن سىزنىڭ ۋەدىدە تۇرغانلىقىڭىزغا ھەققىي
قايىلمەن. مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى باشقۇرۇشىڭىزغا ۋە
سەۋرچانلىقىڭىزغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.» ئېرەن، سىز-
مۇ مەن بىلەن مۇشۇنداق ئويۇن ئويناشنى خالامسىز؟»

ئابدۇكېرىم خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن دەرھال ئۈستەلدىكى چوڭ كونۋېرتنى ئالدىم - دە، يىرتماقچى بولدۇم. ئابدۇكېرىم كېلىپ قولۇمنى تۇتۇۋالدى ۋە: «ئاچمايلى، ئاچمايلى، سەيپىدىن ئاكا! مەن ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىم كېرەك» دەپ يالۋۇردى. مەن ھېچقانداق ئىككىلەنمەي: «كاجلىق قىلماڭ، چوقۇم مەسىلە بار، دەرھال ئېچىش كېرەك» دەپ كونۋېرتنى يىرتىپ خەتنى ئاچسام، ئىچىدىن بىرمۇنچە كونا خەتلەر، سۈرەتلەر ۋە بىر قىزىل تاشلىق خاتىرە دەپتەر چىقتى، بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە بىر پېچەتلەنگەن خەت چىقتى، بۇ خەتنى يىرتىپ ئېچىپ ئابدۇكېرىمگە ئوقۇڭ دەپ بەرگەنىدىم، ئۇ خەتنىڭ بېشىنى كۆرۈپلا چىرايى تاتىرىپ قوللىرى تىترەپ قالدى، «نېمە گەپ؟»

دېسەم، «ۋەسىيەت!...» دېدى ـ دە، نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى، سائىتىمگە قارىسام توققۇز بولۇپتۇ. مەن خەتنى يانچۇقۇمغا سالدىم ـ دە: «چاپسان مېڭىڭ» دەپ ئابدۇكېرىمنى باشلاپ ھويلىغا چىقىپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ، ھارۋىكەش بالىغا: «تېز ھەيدە» دەپ، ئۇلارنى ياڭ فېڭيىنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇرۇۋەتتىم. ئاندىن مەن ئابدۇكېرىمنىڭ ھارۋىسىنى قاتقۇزۇپ ئىدارەمگە باردىم.

ئىشخانامغا كىرىپ، خاتىرجەم بولالمىدىم، قولۇم ئىشقا بارمىدى، ئابدۇكېرىمنىڭ خەۋىرىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم. بىر ۋاقىتتا ئابدۇكېرىم چىرايى ئۆچكەن ھالدا مېنىڭ ئىشخانامغا كىردى ـ دە، مەن گەپ سورىغىچىلا، كىچىك بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدۇم. ھەممىنى چۈشەندىم. بىراق، مەن ئويلىغاندەك ئەھۋال يۈز بېرىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىدىمىۇ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئابدۇكېرىم مېنىڭ سوئاللىرىمنى كۈتمەستىنلا قاتتىق يىغلاپ تۇرۇپ: «تۈگىدى، ياڭ فېڭيى تۈگەپ كەتتى. جېنىم سەيپىدىن ئاكا، مەن ئەمدى ياڭ فېڭيىدىن ئايرىلدىم...» دېدى، ئابدۇكېرىم يىغلاپ گاراڭ بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەنمۇ قاتتىق ئېچىنىپ يىغلاپ كەتتىم. يېشىمنى سۈرتۈپ، مۇمكىن بولغىنىچە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ئابدۇكېرىمغا تەسەللى ئېيتتىم. ئۇ پەسكاردىغا چۈشكەندىن كېيىن، مەن ۋەسىيەتنامىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئوقۇشنى سورىدىم. ئابدۇكې

رىم بوقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇدى،
ۋەسىيەتنامىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى:

دىنېرەن:

هازىر مېنىڭ سىزگە گەپ قىلىدىغان قىلچە سالاھىيىتىم يوق دەپ ھېس قىلىمەن ...

مەن ئالدىڭىزدا نۇرغۇن خاتا ئىشلارنى قىلدىم، ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن ...

مەن ھازىر شۇنى تولۇق چۈشەندىمكى، مەن پۈتۈنلەي خاتالاشتىم. سىزنىڭ چارىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا ھېچقانداق سالاھىيىتىم يوقلۇقىنى بۈگۈن چۈشەندىم. مەن ئۆزۈمنى ئەپۇ قىلىشىمۇ خالىمايمەن. مەن ھازىر يۈرەكلىك ھالدا ئۆزەڭگە ھۆكۈم چىقاردىمكى، ئۇ قورسىقىنى توقلاپ ئازابلانسۇن! سىز مۇشۇ خەتنى كۆرگەندە، دەل ئاشۇ ئەپرەتلىك ۋە رەزىل جەرەن ھېلىلا كىشىلەر دۇنياسىدىن كېتىدۇ...

ئابدۇكېرىم ئاكا: ئۆلۈشۈمدىن بەش مىنۇت ئىلگىرى، ئۆۋەندىكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈمنى سىزگە سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز!

بۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى نەرسەم، بۇنى مەن ھاياتىمدا ياخشى كۆرۈپ كەلگەن ۋە چوقۇنۇپ كەلگەن، سىزگە تەقدىم قىلىشنى خالايمەن، ئەگەر سىز قوبۇل قىلىشنى خالىمىسىڭىز، ئۇنى قانداقلا بۇرۇۋەتسىڭىزمۇ مەن رازى.

ئاخىردا يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن، سىزنىڭ مەڭگۈ ياش!!! مەڭگۈ خۇشال!!! ئۆتۈشىڭىزنى تىلەيمەن.

مەن (شىنجاڭدىكى) بۇ بىر ئىش (ئىنقىلاب) غالىبىيەت قازانغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ كوممۇنىستىك

پارتىيىسى بىلەن قولمۇ قول تۇتۇشۇپ، ئاسىيا زېمىنىدا بىر قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىڭلارنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

مېنىڭ مۇنداق گۈزەل رەسىمنى كۆرۈش سالاھىيىتىم قالمىدى.

ئۆلۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىنۇتتىمۇ سىزگە چوقۇنىدىغان دوستىڭىز

ئەيرەننىڭ جۇدالىق خېتى

ئېرەن: تاپانچىمۇ مەن بىلەن بىللە قۇربان بولۇشى مۇمكىن! كەچۈرەرسىز...

دوستۇم: سىز «سىز خۇشال بولسىڭىزلا مەنمۇ خۇشال بولىمەن» دېگەن ئىدىڭىز. مەن ھازىر خېلى بەختلىك. ئەگەر سىزمۇ خۇشال بولسىڭىزلا، مەنمۇ ئۇ دۇنيادا ئارامىنىز ياتىمەن.

ئاخىردا يەنە بىر ئىشتا سىزدىن تېخىمۇ خىجالەتمەن، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ سۈرەتلىرىڭىز...

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈم مۇددىتىمنى بۈگۈنگە ئۇزارتتىم، شۇنداق بولۇن...

ئېرەن: ئۆزۈڭىزدىكى بىرقانچە ئېغىز سۆزۈمنى دېيىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز. بۇنداق جىددىي پەيتتە، ئۆيۈمدىكىلەر قورالنى كۆرگەندىن كېيىن، قورقۇپ نېمە بولۇپ كېتەركىن، بىلمەيمەن...

مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئازراق ياردەم قىلىشنى خالامسىز؟ مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندىمۇ سىزگە مۇشۇنداق تەلەپ قويسام، مېنى ئەك نومۇسسىز ئىكەن دەپ ئىللىمايدىغانسىز؟

ئېرەن: مەن ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ مىنۇتلاردا، بى-

چارە ئانامنىڭ قورقۇپ بىمە بولۇپ كېتەردىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتىمەن. بۇ چوقۇم ئۆيگە قايتىپ دادامنى چاقىرىدۇ. دادامۇ قايمۇقۇپ، يولىنىمۇ تاپالماي قېلىشى مۇمكىن، ئەگەر سىز بىچارە ئانامغا ئىچىڭىزنى ئاغرىتىپ، ياردەم قىلىشنى خالايدىغان بولسىڭىز، ھازىرلا بۇياققا كېلىپ تاپانچىنى ئەكېتىڭ. بۇنى دادام، ئاكاملار بىلىپ قالسا، ئۇلار چوقۇم سىزدىن مىننەتدار بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەن تاپانچا ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيدۇ. سىز بۇ ئىشنى يېپىپلا قويسىڭىز، باشقا ماجىرالارمۇ چىقمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ. بۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئۇلار سىزدىن مىننەتدار بولماي قالارمىدى؟

سىزنىڭ دەرھال كېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. دەرھال كېلىڭ. ئوق ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا.

سىز ماڭا يەنە بىر قېتىم ياردەم قىلسىڭىز، مەن كېلەر زاماندا كالا - قوي بولۇپ قالسامۇ، سىزگە جاۋاب قايتۇرىمەن. سىز جەزمەن ئاپامغا ۋە شى تەتەيگە، كىشىلەر كېلىپ سورىسا، سىرتتىن كەلگەن ئوق تېگىپ ئۆلدى، ئەدىكى بىر تال ئوق كېلىپ يارىدار قىلىپ قويبدى دېگىلار، بۇنداق دېمىسەڭلار، ئائىلەڭلار خەۋەرگە ئۇچرايدۇ دەپ قويۇڭ.

ئاپام سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز دائىم ئۆيۈمگە كېلىپ ئوينىشىڭىزنى، تاماق يېيىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ خاتىرجەم قىلىپ قويالايسىز.

ئېرەن: سىز ماڭا مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ئازاب قالدۇردىڭىز!

«1945. 4. 3. كەچ سائەت ئۈچتە.»

مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تەپسىلىي سورىدىم، ئابدۇكېرىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئاخشام ياك فېڭيىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ جىق سۆزلەرنى قىلىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپتۇ. سائەت ئونلاردا ئابدۇكېرىم قايتماقچى بولغاندا، ياك فېڭيى ئۇنىڭغا ھېلىقى ئىككى پارچە خەتنى بېرىپتۇ. ئۇ ئاغزى پېچەتلەنمىگەن خەتنى بېرىپ: «ماۋۇ خەتنى ئۆيگە بارغاندا ئوقۇڭ» دەپتۇ، پېچەتلەنگەن يەنە بىر خەتنى بېرىپ: «ماۋۇ خەتنى قاچان ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى ئاۋۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن بىلىسىز...» دەپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمدىن تاپانچىسىنى قالدۇرۇپ كېتىشنى سوراپتۇ. ئۇ كېچىلىرى بىرەر يامان ئادەم ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئابدۇكېرىم تاپانچىسىنى بېرىپتۇ. ئۇ ئابدۇكېرىمنى ئۇزىتىدىغان چاغدا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى سەمىمىي بولۇپ، نېمىنىدۇر بىر نېمىنى دېمەكچى بولغاندەك، ئەمما يەنە قانداقتۇر، دېلىغۇل بولۇپ ئىككىلىنىپ قالغاندەك بولۇپتۇ. ئابدۇكېرىم گەپ قىلىسىلا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ، ئابدۇكېرىمنى قاتتىق قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ. ئايرىلىدىغان چاغدا، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا خوشلىشىش ۋاقتىدا ئېيتىدىغان «زەيجىيەن» دېگەن سۆزنىمۇ دېمەپتۇ، لېكىن ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزغىنىچە ئۇزىتىپ قاپتۇ.

مەن ئابدۇكېرىمنى دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتىم، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپتۇ. كۆزلىرىدە ياش،

ئۈستەلگە قارىسام قېپىدىن قاتلاقلىق بىر خەت تۇرۇپتۇ، ئېلىپ قارىسام، بۇ ئابدۇكېرىمنىڭ ياڭ فېڭيىڭغا يازغان تەزىيە خېتى ئىكەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەلا سۆيۈملۈك، ئەلا چوقۇنىدىغان دوستۇم ئەيرەنگە قەسەم:

ئەيرەن!

سىز بەختكە قارشى ھاياتتىن ئايرىلغان پەيتتە، ئىككىمىزنىڭ بىر قەبرىدە يېتىشىمىزنى، يانى دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ، ئۇ دۇنيادا ئەبەدىلئەبەد بىر - بىرىمىزنى سۆيىدىغان ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايتتىم، سىزدىن ئايرىلىپ ياشاشنى ھەرگىز خالىمايتتىم. ئەمما، ئەيرەن...

ئەيرەن! شۇ ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ شارائىت مېنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇيۇمدىن غالىب كەلدى، شۇڭا سىز ھاياتتىن ئايرىلغان شۇ مىنۇتتا، مەن ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم، ئوبيېكتىپ شارائىتتىن نەپرەتلەندىم، بۇ دۇنيادىن نەپرەتلەندىم...

ئەيرەن!

سىز (دۇنيادىن) كەتكەن كۈنى، مەن ئۆزۈمدىن بەكمۇ نەپرەتلەندىم. نېمىشقىدۇر بىلمىدىم، شۇنداق گالۋاڭ بولۇپ قالدىمكى ھېچنېمىنى...

سىزگە ئاپىرىپ بەرگەن سەمىمىي تەكلىپنامىمدە، سىزدىن ... تەلەپ قىلغانىدىم.

ئەيرەن! دۇنيادا ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ نېمىلىكىنى، پۇشايمان ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. شۇڭا، ماڭا بىر تال ئوق زاپە كېتىدۇ. زەھەرلىك خەنجەر لايىق كېلىدۇ.

ئەيرەن! سىزنىڭ دۇنيادىن كېتىشىڭىز مەن ئۈچۈن ئۆچمەس ئازاب - ئوقۇبەت بولدى، ئەمما مەن ھەرگىز سىزدىن ئاغرىنمايمەن. جەزمەن، بەلكى ئاللىقاچان سىزنى ئەپۇ قىلدىم، لېكىن سىزنىڭ جۇدا بولغان كۈنىڭىزدىن باشلاپ، مەن ئۆزۈمنى ئەپۇ قىلالمايمەن. مەن سىز ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالايمەن، مەن مېنى باشقا كىشىنىڭ جازالىشىنى ئەمەس، بەلكى مېنى — گالۋاڭنى قاتتىق جازالىشىڭىزنى راستىنلا خالايمەن!!

ئەيرەن! سىز ھاياتتىن ئايرىلدىڭىز ... سىزنىڭ تەۋرەنمەس ئىدىيىڭىز، چەكسىز قىزغىنلىقىڭىز، ئالىي خىسلىتىڭىز ۋە ئۆزىڭىزگە

خاس ئەيسەرلىكىگەر ... مېنىڭ ساپ يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئەيرەن، ئۆلۈشۈمدىن ئىلگىرى، ئەرۋاھىڭىزنىڭ خىزمەتتە ۋە بىز-نىڭ قايسىمىزنى، يەنى سىزنىڭ ۋەسىيەتلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈ-چۈن كۈرەش ئېلىشتا دائىم مەن بىلەن بىللە بولۇشىنى خالايمەن. مۇشۇنداق بولغاندىلا، كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ.

ئەيرەن، مۇمكىن بولسا ئۆزۈمنىڭ، مۇمكىن بولمىسا ئەرۋاھىمنىڭ ئۇ دۇنيادا مەڭگۈ سىز بىلەن بىللە بولۇشىنى خالايمەن.

ئەيرەن: مەن بىلىمەنكى، سىز راستىنلا مەن ئۈچۈن قۇربان بول-دىڭىز، مەن بولسام سىز ئۈچۈن ھايات كەچۈرمەكتىمەن. سىزنىڭ ۋەسى-يەتلىرىڭىز — مېنىڭ ھاياتىم.

1945. 04. 22

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، تۈن كېچە سائەت ئون ئىككىدە ئابدۇكېرىمنىڭ ئىنىسى ئابلىمىت ماڭا تېلېفون بېرىپ، ئابدۇكېرىمنى سورىدى. مەن: «بۇ يەردە يوق، نېمە بولدى؟» دېسەم، ئۇ: «ئاكام ھازىرغىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بېرىشى ئېھتىمال بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن سۈرۈشتۈردۇق، كەلمىدى، دەيدۇ» دېدى. مەن ئابدۇكېرىمنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك تۈندە قەبرىستان-لىققا بارىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇ يەردە بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ھارۋامدا ئولتۇرۇپ، «خىتاي بازىرى»نىڭ ئارقىسىدىكى قەبرىستانلىققا باردىم، قەبرىستانلىقنىڭ چېتىدىكى كىچىك يولدا ئابدۇكېرىمنىڭ ھارۋىكىشى، مۇھاپىزەتچىسى بىلەن تۇرۇپتۇ. ئايدىڭ كېچە ئىدى. مەن تامنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇ يەردە تۇرۇپ قارىسام، بىر ئادەمنىڭ ئالدىنى ئۇيۇقا قىلىپ ئۆرە تۇرغانلىقى كۆرۈندى. بارسام، ئابدۇكېرىم تېخى توپىسى

تۇرۇمىغان قەبرىنىڭ بېشىدا تۇرۇپتۇ، ئۇ مېنىڭ يېقىن بارغانلىقىمنى زادىلا تۇيمىدى. مەن ئاستا يەلكىسىنى پوپىلىغانىدىم، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ، يېشىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە تۇپراق بېشىدا گۈل دەستە تۇتۇپ، ئۇزاق ۋاقىت سۈكۈتتە ھازا تۇتقانلىقى ماڭىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى. مەن ئابدۇكېرىمنىڭ ياڭ فېيىڭنى نەقەدەر چىن دىلىدىن سۆيىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى زادى ئۇنتۇ-مايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. ئابدۇكېرىم ئاستا ئېڭىشىپ قولىدىكى گۈل دەستىنى قەبرە بېشىغا قويدى، مەن ئۇنى قولتۇقلىۋېلىپ ماڭدىم. بىز قەب-رىستانلىقتىن چىقىپ بولاي دېگەندە، ئابدۇكېرىم ئارقى-سىغا قاراپ قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى...

ئاي يورۇقىدا، خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان قەبرىدىن گويا ياڭ فېيىڭنىڭ «قانغا سىڭىپ ياتقان قىزلارنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەن سۆزى ئاڭلانغاندەك قىلدى. بۇ ئۇ-نىڭ ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆزى) سىزغان بىر پارچە رەسىمى-نىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان سۆز ئىدى.

# يەتتىنچى باب

# تۇسالغۇلارنى بۆسۈپ ئالغا

## كۆرەش داۋام قىلماقتا

مەن ئابدۇكېرىمنىڭ قەيەر ئىرادىسىگە بۈگۈنگە قەدەر بەكمۇ قايىلمەن. 1945 - يىلى يازدا، ئابدۇكېرىم مۇھەببەت ئازابىدىن ئاخىر قۇتۇلدى، ياڭ فېڭيى ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى كۈنلەردە، ئابدۇكېرىمنىڭ چوڭقۇر ھەسرەتلەنگەن روھىي ھالىتى ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى ۋە دوستلىرىنى بەكمۇ بىئارام قىلىۋەتكەنىدى. ئىلگىرى ئابدۇكېرىمنى ياڭ فېڭيى بىلەن بولغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئەيىبلىگەن ئاز - تولا ۋىجدانى بار كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىدىن پۇشايمان قىلىشتى. ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيى ئوتتۇرىسىدىكى چىن مۇھەببەت بىر مۇنچە كىشىلەرنى بەك

تەسىرلەندۈردى. ئۇلار ئابدۇكېرىم بىلەن ياڭ فېڭيىنى «زامانىمىزنىڭ لەيلى - مەجنۇنى» ئىكەن دېيىشتى.

ئاخىر ئابدۇكېرىمنىڭ روھىي ئازابىنى تۈگەتكەن نەرسە يەنىلا ئۇنىڭ كۈچلۈك سىياسىي غايىسى بولدى.

1945 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى ئېخىمۇ كۈچەيدى، كۈرەشنىڭ دائىرىسى ئېخىمۇ كېڭەيدى. پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاجىك خەلقىنىڭ ۋە قىرغىز خەلقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تېز ئۇلغىيىپ، تەڭرىتاغ باغرىدىكى مۇھىم شەھەر يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇنىغا قارشى ئاشكارا كۈرەش قىلىدىغان پارتىزان كۈچلەر پەيدا بولدى. قەشقەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا، ھەتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىمۇ ھەر خىل يەر ئاستى تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى سىياسىي كۆز قارىشىمۇ قارشى بولغان ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ياخشى ئىنقىلابىي ۋەزىيەتتىن ئوخشاشلا ئىلھام ئالدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، گومىنداڭچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەك-

سىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق، ئىبلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى بۇ كۈرەشنى ئۆزىنىڭ پانئىسلامىزملىق ئىدىيە رامكىسىغا كىرگۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئىسلام ئەندىزىسى ئاساسىدىكى تۈزۈمنى تىكلەشنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇرۇلما جەھەتتە جۇڭگو تېررىتورىيىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، ۋەتەن زېمىنىنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشنى خىيال قىلدى.

مۇھىم بىر يىغىندا، ئىبلىخان تۆرە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۈرەش ۋەزىيىتىنى سۆزلەپ كېلىپ، كۆرەڭلەپ خۇدنى يوقاتقان ھالدا: «مېنىڭ سۆزۈم ئاللانىڭ سۆزى، پەيغەمبەرنىڭ سۆزى. مەن بىر تەكبىر بىلەنلا پۈتۈن جۇڭگودىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىمەن. كېيىن كوئىنلۇن تېغى ئۈستىگە چىقىپ، يەنە بىر تەكبىر ئېيتسام ئاسيانىڭ كۆپ قىسمى ئازاد بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاسيانىڭ كۆپ قىسمىدا ئۇلۇغ ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرىمىز» دېدى.

بىراق ئىبلىخان تۆرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلارغا ئەۋەتكەن دىنىي مەسلىھەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئەمەلىي خىزمەت قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ،

نازارەتچىلىكنى «ئىسمى بار، جىسمى يوق» ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئېلىخان تۆرە بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغىنى يوق. ئۇ دىنىي ئىشلار نازارىتى ئارقىلىق مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، يەنە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، «مۇفتى ئەسكەر ئىدارىسى» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ھەربىي قىسىملارنى ئۆز چاڭگىلىغا مەھكەم كىرگۈزۈۋالماقچى بولدى.

## يېڭى تەشكىلات قۇرۇش

1945-يىلى ياز پەسلىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي سېپىدە ئىككى خىل كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ، كۈرەش بارغانسېرى جىددىيلەشتى. بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ بىرقانچە سەپدىشىنى چاقىرىپ ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان قايتا-قايتا ئويلاپ كەلگەن بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ پىكرى: توغرا ئىدىيە يېتەكچىلىكىدىكى بىر تەشكىلات قۇرساق، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرساق، ئاندىن كېيىن ياشلار تەشكىلاتى قۇرساق، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى دىنىي كۈچلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بارغانسېرى كۆپ كىشىلەر تۇيۇق يولغا كىرىپ كەتمەكتە. بىزنىڭ ئەسلى ئىنقىلابىي نىشانىمىز ئىچىدە كومىنداڭنىڭ ئۈچ

ۋەلايەتتىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن تاشقىرى، قالغان نىشانىنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى، فېئوداللىق تۈزۈمگە ھېچقانداق دەخلى يەتكۈزۈلمىدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئورنى ياخشىلانمىدى، سىياسىي دېموكراتىيە قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالدى، مىللىي باراۋەرلىك پۈتۈنلەي بۇرمىلاندى.

ياشلارنى تەربىيىلەش، تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا ھەممىمىز ئويلىنىپ كېلىۋاتاتتۇق. مەسلىھەتلىشىپمۇ كۆرگەنىدۇق. ئابدۇكېرىم ئۆز پىكرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئۇنىڭ پىكرىنى خېلى كونكرېت ئىكەن دەپ، بىردەك قوشۇلدى، مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە، شۇ مەجلىستە قاتناشقان يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان ماركسىزم - لېنىنىزم گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىندى (كېيىن «پەلسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن). ئۆگىنىش ۋاقتى، ئورنى بېكىتىلدى. ئۆگىنىش مەزمۇنى «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، «لېنىنىزم ئاساسلىرى»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دىن ئىبارەت بولدى، ئالدىنقى ئىككى كىتابنىڭ ئۆزبېكچىسى، قازاقچىسى بار ئىدى، كېيىنكى بىرىنىڭ خەنزۇچىسىلا بار ئىدى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئابدۇكېرىم ئېغىزچە تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

ماركسىزم - لېنىنىزم گۇرۇپپىسى يەر ئاستى خاراكتېرلىك بىر تەشكىلات ئىدى، ئالدى بىلەن، ئېلىنغان

تۆرە قاتارلىقلار ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا چىش ـ تىرنى‌قىغىچە قارشى ئىدى. ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئازاد قىلىپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۇلۇغ غايىسى، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار تەرغىپ قىلىپ كەلگەن پانئىسلامىزم بىلەن خۇددى سۇ بىلەن ئوتقا ئوخشاش چىقىشالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلاردىن سىر ساقلاش تەبىئىي ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، خېلى بىر قىسىم ئادەتتىكى ئاممىدىنمۇ سىر ساقلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ ئېلىخان تۆرە قاتارلىق دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشى تۈپەيلىدىن، بىرمۇنچىلىغان ئامما كوممۇنىستىك پارتىيىنى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئەندىشە بىلەن قارايتتى، ھەتتا دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ كېيىدىكى «قىزىل پاچاق» دېگەن سۆز سەلبىي مەنىلىك تېرمىنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشى دالا باراۋىتى، سەيلە ئۆي زىياپىتى قاتارلىق شەكىللەر بىلەن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلدى. ئورۇن، ۋاقىت دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋېرەتتى، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ غايەت زور تەشكىلاتچىلىق ۋە كۈچلۈك تەرغىباتچىلىق ماھارىتىنى كۆرسەتتى، ئۇ ياك فېڭيى سوۋغا قىلغان ھېلىقى «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن كىتابنى بىزگە چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ

سۆزلەپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن بىز يولداش ماۋ زېدۇڭنى ھەم يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۇق.

بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزغا يېڭى ئەزالار ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇپ تۇردى، يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆگىنىش قىلىش نەتىجىسىدە، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ سىياسىي ئېڭى زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلدى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىردا، ئابدۇكېرىم رەئىسلىكىدە مەخپىي ئاممىۋى تەشكىلات — «ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. تەشكىلاتنىڭ شوئارى «ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىشىش. ئالغا بېسىش»تىن ئىبارەت بولدى. ئىچكى قىسىمدا، ئابدۇكېرىم ياشلار تەشكىلاتىغا «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن كىتابنىڭ ئىدىيىسى بويىچە، كومىنداڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي پروگراممىنى تۈزۈپ بەردى.

تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلىشىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ياشلار تەشكىلاتى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن مەيدانغا چىققان بىرىنچى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىنقىلابىي تەشكىلات ئىدى. ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىن باشقا ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتلىرى، تۆۋەندە ياچېيكىلىرى قۇرۇلدى. تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر يىلغا يەتمەيلا، ئۇ-

نىڭ ئەزاسى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بولۇپمۇ، ئالا-
ھىدە ئېغىرغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ تەشكى-
لاتقا بىرمۇنچە ياش ئاياللار ئەزا بولدى. بۇنى ئىسلام
ئەھكاملىرىنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنغان دىنىي يۇقىرى
قاتلامدىكىلەرگە بىرىلگەن باتۇرلارچە دەككە دېيىشكە
بولاتتى. چۈنكى ئېلىنغان تۆرە قاتارلىقلار ئاياللارنىڭ
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى جاھىللىق بى-
لەن مەنئى قىلغانىدى.

ئۆگىنىش شوئارى ياشلارنىڭ بىلىم ئېلىش يولى-
دىكى تەبىئىي ئارزۇسىنى قوزغىدى، ئىلىم - پەن، تېخ-
نىكا توغرىسىدىكى ساۋاتلار تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ
خۇراپاتلىقىنى، قارىغۇلارچە چوقۇنۇشىنى سۇسلاشتۇردى.

ئىتتىپاقلىق شوئارى مىللىي ئايرىمچىلىقنى تۈگى-
تىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى، ياشلار تەشكىلاتى-
ئىچىدە خەنزۇ ياشلىرى باشقا مىللەت ياشلىرىغا ئوخ-
شاشلا مۇتلەق باراۋەرلىككە ئىگە بولدى، ئۇلار پائالى-
يەتلەردە، ئۆگىنىشتە، كۆڭۈل ئېچىشتا بىللە بولدى.

ئالغا بېسىش شوئارى ياشلارنى كونا ئۆرپ - ئا-
دەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش جۈرئىتىگە ئىگە قىلدى. كىيىم-
كېچەك، بېرىش - كېلىشلەر دىنىنىڭ چەكلىمىسىگە بوي-
سۇنمايدىغان بولدى.

ياشلار تەشكىلاتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىدىن
ئابدۇكېرىم ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى چوڭ ئىلھاملاندى.
ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قېتىملىق يى-
غىنىدا، ئابدۇكېرىم دېمىز ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش-

مىز كېرەك» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر كى-
شى: «ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا نېمە كۆزدە تۇتۇل-
دۇ؟» دەپ سورىغانىدى. ئابدۇكېرىم: «كادىر تەييارلاش،
ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش، پۈتۈن شىنجاڭنى
ئازاد قىلىش، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ
ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:
«ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز كادىر تەييارلاش.
كادىر تەييارلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۆگىنىش. ئىن-
قىلابىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلابىي ساۋات بولمىسا،
توغرا كۆز قاراش بولمىسا، بىز ھېچنېمىنى ۋۇجۇدقا
چىقىرالمايمىز. 1944 - يىلى، بىزنىڭ شۇنچە چوڭ ئوتۇش-
سىزلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىمىزدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ.»

ئۇ بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش مە-
سىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «قۇرۇق چۇقان كۆتۈرۈش
بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ، كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.
مۇشۇنداق تەشكىللەنگەن كۈچ بارلىققا كەلگەندىلا، بىز
ئاندىن ھەممىگە، جۈملىدىن ئەڭ رېئاكسىيون كۈچلەرنىڭ
ۋەكىللىرىگە تاقابىل تۇرالايمىز» دېدى.

بۇ بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولدى. يىغىندا
ياشلار تەشكىلاتىدىنمۇ مۇھىم بولغان بىر يېڭى سىياسىي
تەشكىلات قۇرۇش قارار قىلىندى.

ئابدۇكېرىمنىڭ بىرنەچچە سەپدىشى تەشكىلات قۇ-
رۇش تەييارلىقىنى تۇتتى ھەم بۇ يېڭى تەشكىلاتنىڭ
پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسىنى يېزىش
خىزمىتىگە كىرىشتى. 1945 - يىلى 11 - ئايدا، يېڭى

تەشكىلات — «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» مەخپىي قۇرۇلدى. بۇ قىسقارتىلىپ «خ ئى پ» دەپ ئاتالدى. سايلام ئارقىلىق، ئابدۇكېرىم باشلىق يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان مەركىزىي كومىتېت قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئابدۇكېرىم خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى ئوقۇدى.

پروگرامما بىلەن نىزامنامە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم پەخىرلەنگەن ھالدا: «ئەگەر كىشىلەر خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى ۋە پروگراممىسىنىڭ ئاساسلىرى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۇلارغا ئېنىق ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي نۇسخىسى بار، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ (بولشېۋىكلار) ۋەجۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىدىن ئىبارەت دەپ ئاشكارا ئېيتساق بولىدۇ» دېدى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى بىردەك ماقۇللاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئابدۇكېرىمنى رەئىسلىككە سايلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلىدى. ئاخىردا بىخەتەرلىككە ۋە خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يەتتە نەپەر ئەزاسىغا مەخپىيناملار قويۇلدى: لېتىپ (ئابدۇكېرىم)، ئېلدان (ئەسئەت ئىسھاقوۋ)،

نۇر (سەيپىدىن ئەزىزى)، ئىلعار (زاكىروۋ)، نىجات(سەيـ
پۇللايـوۋ)، چولپان (ئەنۋەرخان بابا)، ئىلدوس (ئىمىنوۋ
مەتتىمىن).

بۇ يەتتە مەخپىي ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى قوشـ
قاندا «لېنىنچى» دېگەن سۆز چىقىدۇ. شۇڭا بىز ئۆز ئىـ
چىمىزدە پارتىيىمىزنى «لېنىنىزمچىلار پارتىيىسى» دەپمۇ
ئاتايتتۇق.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئۆزىنىڭ تەشكىلاتىنى
تېز راۋاجلاندۇردى ھەمدە قاتتىق تىزىملاش تـۈزۈمىنى
ئورناتتى. ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بۇ تـەشـ
كىلات مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈمىگە قەتئىي رىئـايە
قىلدى، ھەتتا بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

1946 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە، بىر يىلغا يېـ
قىن ۋاقىت ئىچىدىلا، خەلق ئـىنقىلابىي پارتىيـىسىنىڭ
ئەزاسى 1500 نەچچە كىشىگە يەتتى. ئىلى تاربا غاتاي،
ئالتاي‌دىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە ۋە ناھىيىلەردە ۋىلا-
يەتلىك، ناھىيىلىك كومىتېتلار قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇرۇمچى شەھـ
رىدە ۋە باشقا يەتتە ۋىلايەتتە خىزمەت قانات يايدۇرۇلـ
دى؛ تەشكىلاتلار قۇرۇلدى، ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلـۈپ،
گومىنداڭغا قارشى تەشكىللىك كۈرەش قـىلىندى. خىزـ
مەتنىڭ ۋە كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شـۇ يىلى
8 - ئايدا، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىـ
تېتىنىڭ يەتتە نـەپەر ئـەزاسى كۆپەيتىلىپ ئون بىرگە
يەتكۈزۈلدى.

## «تۆرە ئاتام»نى ئۇزىتىش

1945 - ۋە 1946 - يىللىرى مەملىكىتىمىزدە، پۈتۈن دۇنيادا ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتقان مەزگىل بولدى. بۇ چاغدا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىمۇ ئىككى خىل كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم باشلىق ئىلغار كۈچلەر غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مۇشكۈل تەشكىلىي ۋە سىياسىي خىزمەت ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا ئىلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر قۇتراپ تېخىمۇ چوڭ سىياسىي تەۋەككۈلچىلىك ئېلىپ باردى.

1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بېرلىننى ئىشغال قىلىپ، گىتلېرنىڭ فاشىست ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلدى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش ئاياغلاشتى. ئۇرۇش ئازابىنى چوڭقۇر چەككەن ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىۋاتقاندا، دۇنيادىكى سىياسىي كۈچلەر يېڭىباشتىن تەشكىللەندى. جاھانگىرلار يېڭى مۇستەملىكىلەرنى بېسىۋېلىش، تەسىر دائىرىلىرى بۆلۈشۈۋېلىش، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى تۇن-

جۇقتۇرۇش، ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن قارشىلىشىش قاتار-
لىق ھەرىكەتلەرنى ئارقا - ئارقىدىن قىلىپ تۇردى. مەم-
لىكىتىمىز ئىچىدە بولسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئا-
زاد رايونلارغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈن مەملىكە-
تىمىزنى قايتىدىن ئۇرۇش ئازابىغا سالماقچى بولدى.
گومىنداڭ شىنجاڭنى تۇراقلاندۇرۇپ، ئارقا سەپتى-
كى ئەندىشىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتىگە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا تەك-
لىپ بەردى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار
مەسلىھەتلىشىپ، شۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋە-
زىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، گومىنداڭ بىلەن ئورۇنلۇق،
يوللۇق، چەكلىملىك كۆرەش قىلىش ئۈچۈن، جىياڭ جىيې-
شىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. تىنچلىق سۆھبىتىنى ئاساسىي
شەكىل قىلىپ، گومىنداڭ بىلەن داۋاملىق، مۇرەسسەسىز
كۆرەش قىلماقچى بولدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى-
نىڭ ئەزاسى، پولكوۋنىك دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار
نازىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغان ئېلىخان تۆرە ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېرىپ سۆھبەتكە
قاتنىشالمىدى. بۇ ئېلىخان تۆرە ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇم-
لۇق ئالامىتى بولدى. چۈنكى سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولۇش بىلەنلا ئېلىخان تۆرە «رەئىس»، «مارشال» دې-
گەنگە ئوخشاش تاجلاردىن ئايرىلىپ قالاتتى. پانئىس-
لامىزم ھاكىمىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدىن مەھ-

رۇم بولاتتى، ئۇنىڭ شېرىن چۈشلىرى بەربات بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تىنچلىق سۆھبىتىگە جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرۇپ، ئىغۋا تۇغدۇرۇپ زەربە بېرىش. كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ «بەزى كىشىلەر ئىنقىلاب مېۋىسىنى ساتماقچى بولدى»، «خىتايلارغا خۇشامەت قىلدى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ساتتى»... دەپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم قاتارلىق يولداشلارغا بولۇشىچە ھۇجۇم قىلدى. ئىنتايىن زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن ئابدۇكېرىمگە شەخسىي ھۇجۇم قىلىپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكلەرنى قىلدى.

ئەمدىلىكتە، ئېلىخان تۆرە بىلەن شەكىلدە بولسىمۇ بىرلىشىپ ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرۇش تەس بولۇپ قالدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېلىخان تۆرە بىلەن ئاشكارا كۆرەش قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۆز كۈچىنى زورايتىپ، تىنچلىق سۆھبىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، چىڭخەيگە مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، ما بۇفاڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، گەنسۇ، چىڭخەي ئىككى ئۆلكىنى ئىچىگە ئالغان ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىخان تۆرىنىڭ سۇيىقەستى تولۇق ئاشكارىلاندى.

بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى كەڭ ئامما ۋە ئىلغار كىشىلەرنىڭ غەزىپى قوزغالدى، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن ئېلىخان تۆرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى. ئىلگىرى ئېلىخان تۆر-

دىن ياخشىلىق كۆتكەن ياكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇۋالدى. ئېلىخان تۆرە پۈتۈنلەي يېتىم هالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئىككى خىل كۈچنىڭ ئادا - جۇدا بولۇشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى. ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتىنىڭ ئورگانىزمىدىن ئېلىخان تۆرىدىن ئىبارەت بۇ زەهەرلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بەزى ئىلغار كىشىلەر ئېلىخان تۆرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاشكارا ئەيىبلىدى هەمدە ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم، مەن بىرنەچچىمىز بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، ئاممىنىڭ تەلەپلىرىنى قوللاش قارارىغا كەلدۇق هەم ئېلىخان تۆرىنى نەسىهەت ئارقىلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىۋەتمەكچى بولدۇق.

1946 - يىل 5 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچلىكى، ئېلىخان تۆرە بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ غۇلجىدىن ماشىنىغا چۈشۈپ دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئېلىخان تۆرىنىڭ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان دەۋرى تاماملاندى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمى ئېلىخان تۆرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولدى.

## پانتۈركىزمچىلار بىلەن كۈرەش

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر تۈركۈم سىياسەتۋازلار، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا سىياسىي مەزمۇن كىرگۈزۈپ «تۈركىي خەلقلەر دۆلىتىنى قۇرىمىز» دەپ ۋالاقلاشتى. جاھانگىرلار تېزلا بۇ قاراشتىن پايدىلىنىپ ئۇنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئىدىيىۋى قورال قىلىۋالدى. مەملىكىتىمىز تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان مۇستەملىكىچىلەر ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇ قاراشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل مەقسىتىگە خىزمەت قىلدۇردى، بۇ قاراش كېيىنكى ۋاقىتلاردا پانتۈركىزم دېگەن ئوقۇمغا ئايلاندى. شىنجاڭدا مەملىكەت ئىچىدىكى كۈرەش بىلەن خەلقئارا كۈرەش گىرەلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، جاھانگىرلار تېخىمۇ قۇتراپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭدا كونسۇلخانا قۇرغانىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئوخشاش ئىدى. ئۇلار مەيلى مۇستەملىكىچىلىكنى يولغا قويۇش جەھەتتە بولسۇن ۋە مەيلى كوم-

مۇنىزىمغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە بولسۇن، ئوخشاشلا شىنجاڭدىن ئۆزلىرىنىڭ گۇماشتىلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۆرەشلەردىنلا شۇنى كۆرگەنمەنكى، پانتۈركىزمچىلار بىلەن بولغان كۆرەشتىن، شۇنىڭدەك بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا سۆزلىنىدىغان ئوسمان، يولۋاس، مەسئۇتلار بىلەن بولغان كۆرەشتىن خەلقئارا، ئىچكى كۆرەشلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتمىگىنى يوق. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پانتۈركىزمغا دەلمۇ دەل تاقابىل تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەنىۋى جەھەتتىن، ماددىي جەھەتتىن قوللىدى، شۇ ۋاقىتتا بۇ، شۈبھىسىزكى، توغرا ئىدى. 30 - يىللاردا، پانتۈركىزمچىلىق كۆز قارىشى شىنجاڭدىمۇ تارقىلىپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ بىر چوڭ ئىدىيىۋى قورالىغا ئايلاندى. مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ كۆز قاراشنىڭ ئاساسلىق تەرغىباتچىلىرى ئىدى، كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇۋېدى، بۇ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى: بەزىلىرى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى، بەزىلىرى بولسا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى، دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلارنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرىنىڭ ياللانمىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن، 40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇلارنى قەپەستىن چىقاردى، بولۇپمۇ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانـ

دىن كېيىنكى دەسلەپكى كۈنلەردە، ئۇلار ئۈرۈمچىدە ھەر
خىل جەمئىيەتلەرنى تەشكىل قىلىپ، گېزىت چىقىرىپ،
«يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان، ئىرقىمىز تۈرك، دىنىمىز
ئىسلام!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشتى، ئۈچ ۋىلا-
يەت تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي دېموكراتىيە، مىل-
لىي باراۋەرلىك، جەمئىيەت تەرەققىياتى دېگەن سىياسىي
شوئارلارغا قارشى تۇردى.

ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەسئۇت، مەمتىمىن،
ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ پانتۈركىزملىق كۆز قارىشى ئېلى-
خان تۆرىنىڭ پانئىسلامىزملىق كۆز قارىشى بىلەن ئوخ-
شاش ئىدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى ئىچىدە دۆ-
لەتنى پارچىلايدىغان، پانتۈركىزم نۇقتىئىنەزەرى يېتەك-
چىلىكىدىكى دىنىي ئەندىزىچىلىك ئىجتىمائىي تەرتىپ
ئورنىتىشقا ئۇرۇنىدىغان مەقسىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى
ئىگىلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭقۇرراق مەنىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، مەسئۇت قاتارلىقلارنىڭ پانتۈركىزملىق كۆز
قارىشى بىلەن كۈرەش قىلىش — ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ
مەنپەئەتىگىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ
مۇھىمى، دۆلەت تېررىتورىيىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساق-
لاش - ساقلىيالماسلىقىمۇ بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە
ئىدى. بۇ پانتۈركىزمچىلار ئەينى ۋاقىتتا كوممۇنىستىك
پارتىيىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئەشەددىي دۈش-
مەنلەر ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئەخمەتجان قاسىمغا ياردەملىشىپ،
گومىنداڭ جاھىللىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بې-

رىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيە ساھەسىدە مەسئۇت باشچىلىقىدىكى پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىغا قارشى كۆرەشكە دانالىق بىلەن ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلدى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغاندا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ مەسئۇت باشچىلىقىدىكى پانتۈركىزمچىلار بىلەن بىرلەشمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەرگىز ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى قەتئىيلىك بىلەن كۆرسەتكەندى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر كۈنى بىرسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، مەتىمىن ئابدۇكېرىمگە: «ھەممىمىز تۈرك ئوغلانلىرى، مىللەت مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىمىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ بىللە ئۆتەلمەيمىز؟» دېدى.

«ئەپەندىم» دېدى ئابدۇكېرىم ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرىپ، «بىز مىللەت مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىمىزمۇ ـ قىلالمايمىزمۇ، بۇ مەسىلىنى قويۇپ تۇرايلى، ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى، بىزنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز كېرەك. مەن ئۇيغۇر، ئۇيغۇر ئوغلانى، ئۆزلىرىچۇ؟»

مەتىمىن گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپلا قالدى، ئابدۇكېرىمنىڭ بىر دوستى ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم، بۇ مەسىلىنى بىلمەكچىمىدىڭىز؟ جاۋاب بېرىش تەس ئەمەس، مەن جاۋاب بېرەي» دەپ كېلىپ، سەھنىدىكى ئارتىسلارنىڭ

قىلىقلىرى بىلەن گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈپ، كاستۇمىنىڭ ياقىلىرىنى ئېرى - بېرى تارتىپ قويۇپ، مەزىن ئاخۇنۇمىنىڭ ئەزان چاقىرغان ئاھاڭى بىلەن: «بىزنىڭ يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاندۇر، دىنىمىز ئىسلامدۇر، مىللىتىمىز بولسا تۈركدۇر!» دېدى. ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزى، قىزىقارلىق قىلىقلىرى زىياپەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى. مەسئۇت قاتارلىقلار گەپ قىلالماي تاتىرىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

كۈلكىدىن كېيىن مەن مەتىمىنگە: «سىلى بىلەن بىز بىر مىللەتكە تەۋە ئەمەس ئىكەنمىز، ئۇنداق بولسا، ئىككىنچى مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشنىڭ ئەلۋەتتە زۆرۈرىيىتى يوق، مېنىڭچە ئالدى بىلەن ماۋۇ پولۇنى يەيلى. ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن» دېدىم. مېنىڭ بۇ سۆزۈم مەتىمىنگە يۇڭ توقماق بولۇپ تەگدى، مەتىمىن دومسىيىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

ئىككىنچى كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىككىمىز ئالدىنقى كۈندىكى كەچلىك زىياپەتنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەشكەندە، ئابدۇكېرىمنىڭ ھەققانىي سىياسىي مەيدانىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق، ئۇنىڭ چېچەنلىكى ۋە باتۇرلۇقىغا بەكمۇ قايىل بولدۇق. بۇ بىزنىڭ مەسئۇتلار بىلەن بىرىنچى قېتىم يۈز تۇرانە ئېلىشقانلىقىمىز بولدى. ئۇلار مەتىمىنگە ئوخشاش ئەنگلىيە ۋە ياپونىيىنىڭ ئەربىيىسىنى ئالغان قېرى تۈلكىنى مەيدانغا چىقارغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ ياش يىگىتىمىز ئابدۇكېرىم بىلەن بىرىنچى ئېلىشىشتىلا مات بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولدۇق.

بۇ قېتىمقى زىيا پەتنىڭ ئەھۋالى تېزلا سىرتقا تارالدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلەر ئابدۇكېرىم بىلەن مەتمىننىڭ شۇ قېتىمقى زىيا پەتتە بىرىنچى قېتىملىق ئېلىشىشىدىن ئېنىق جاۋابقا ئىگە بولدى. ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەر تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم، كۆز قارىشى ئېنىق ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. مەسئۇت قاتارلىقلارغا ئەگەشكەن، ئىدىيىسى رېئاكسىئون ئۇنسۇرلار ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ سۈيىقەستلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىش ۋاسىتىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئاشكارا پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە قارا چاپلايدىغان بولدى. ئۇلار ئېلىخان تۆرىنىڭ نەيرەڭلىرىنى قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى «سوۋېتپەرەس»، «قىزىل پاچاق»لار، دىنىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئىغۋالارنى تارقاتتى.

بۇ خىل بىمەنە سۆزلەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە ئاللىقاچان كاساتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قالغان يەتتە ۋىلايەتتە ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئاز-تولا بازار تېپىپ تۇردى، مەسئۇت قاتارلىقلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە قىلغان تۆھمەتلىرى كېيىنكى

ۋاقىتلاردا بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلار «ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مىللىي مەنپەئەتكە خائىنلىق قىلدى» دەپ ۋالاقلاپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەكسىيەتچىلەرگە قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىش بىزنىڭ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ۋەزىپىمىز بولۇپ قالغانىدى.

بىز كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بۇ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتۇق، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر قاتار سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردۇق. بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار ئارىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەسئۇت قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدا سىياسىي دېموكراتىيىنى، مىللىي باراۋەرلىكنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلىدۇق. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بۇ سىياسىي تەشەببۇسىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرى قەتئىي ھىمايە قىلدى ۋە قوللىدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» قاتارلىق تەشكىلاتلار ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە بۇ كۈرەشكە قاتناشتى ھەم خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتتى.

1947 - يىلدىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار يولباشچىلىرى رەھبەرلىك قىلغان شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ كۈرەش، بىزنىڭ ھا-

ياتمىزدىكى نەڭ شانلىق سەھىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىمنىڭ تارىخىدا، بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەسئۇت قاتار- لىقلار مىللىي مۇناپىقلاردۇر، ئۇلار گومىنداڭ جاھىللىرى بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بېسىق- تۇرغان ۋە قىرغان باش جىنايەتچىلەردۇر، شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە دۆلەتنى پارچىلايدىغان ئەشەددىي كۆچلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قالدۇق ئۇنسۇرلار، ھەت- تاكى 80 - يىللاردىمۇ چەت ئەللەردە ئېقىپ يۈرۈپ، دۆ- لەتنى پارچىلايدىغان جىنايى شۇملۇقلار بىلەن شۇغۇل- لانماقتا.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ سىياسىي كۆز قا- راشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللى- رىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى بۇ گۇرەشتە پۈتۈن شىن- جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بول- دى. ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك پاكىتى شۇكى، تىنچلىق بىتى- مى بويىچە، قالغان يەتتە ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى قوللاي- دىغان كىشىلەر كۆپچىلىك ناھىيىلەردە كۆپچىلىك ئا- ۋازغا ئىگە بولۇپ سايلاندى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئابرويى كۈندىن - كۈنگە كۆتۈ- رۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر خىل كۈچلەر ئارقا - ئارقىدىن بىزگە يېقىنلاشقىلى باشلىدى، ھەتتا ئىلگىرى ھەر خىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ يۈرگەن ساختىپەزلەرمۇ بىزگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى.1947 - يى-

لى 1 - ئايدا، ئابدۇكېرىم خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مەسئۇل كادىرلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولغان سىياسىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى، ئاخىردا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈردى.

«شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» ئىلگىرىكى يىللاردا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم خەنزۇ ياش زىيالىيلىرىنىڭ 1944 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تەشكىل قىلغان سىياسىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى تەشكىلاتى ئىدى. شۇنداقلا، ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى ئىدى، ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتا، بولۇپمۇ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ مەخپىي ژۇرنىلى «كۈرەش» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى كۆپلەپ بېسىپ تارقاتقان، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز خەۋەر قىلىپ تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ژۇرنال شۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچىدە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلى-

دىغان ئاساسلىق ژۇرنال بولۇپ قالغانىدى. يادرو كۈچىنى شەكىللەندۇرۇپ، ھەرىكەتنى، كۈرەشنى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم يولداش دۈڭ بىۋۇنىڭ يولىيورۇقىنىڭ روھىغا بىنائەن، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە، ئابدۇكېرىمنىڭ تەكلىپى بىردەك ماقۇللاندى. كېيىن شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقى ئېلىنغاندىن كېيىن، 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئىككى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ باش قوشقان يىغىنى چاقىرىلىپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى قايتىدىن سايلاندى①. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئابدۇكېرىم داۋاملىق ئۆتەيدىغان بولدى. سەيپىدىن ئەزىزى، سەيپۇللايېۋ، ئەسئەت، لى تەييۈ، زاكىروۋ، ئەنۋەرخان بابا،

① يىغىندا مەلۇم بىر كىشى بۇ ئىككى تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرۈپ، «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە»گە ئۆزگەرتەيلى دېدى. ئەسئەت بىلەن لى تەييۈنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاش، دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يىغىندا قاتناشقان يولداشلار بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە پىكىر قويمىدى، نەتىجىدە، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشمىغان باشقا ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئاندىن بىر قارارغا كېلىش بەلگىلەندى. كېيىن پىكىر ئالغان ۋاقىتتا، ئۇلار قوشۇلمىغانلىقتىن، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئاخىرقى قارار ۋۇجۇدقا كەلمىدى. بىرلەشتۈرۈلگەن تەشكىلاتنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى يولداشلار «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

چېن شىخۇا، لوزى، يۈ جەنلىن، يۈ چاڭجۈ قاتارلىق كىشىلەر مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى (يېڭىدىن سايلانغان خەنزۇ يولداشلار ۋە يولداش يۈجەنلىن سابىق شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرى ئىدى). يېڭى مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت مۇزاكىرە قىلىندى، بىردەك تونۇشقا كەلگەن ئاساستا نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1948 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى رەئىسلىكىدىكى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. كېيىنكى ۋاقىتتا، بۇ ئىتتىپاق «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرتىلىپ، قىسقارتىپ «ئىتتىپاق» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولدى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىردەك ئىتتىپاق ئەزاسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىتتىپاقنىڭ تايانچ كۈچلىرى بولۇپ قالدى. «ئىتتىپاق» نەشر ئەپكارى سۈپىتىدە «ئالغا» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئالغا سۈرۈش، ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەنگە ئوخشاش ئېنىق سىياسىي شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## سەككىزىنچى باب

# تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش

### تىنچلىق سۆھبىتى

1945 – ، 1946 – يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئابدۇكېرىم قەيسەرلىك بىلەن ئالغا باستى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇردى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى. ئۇ يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئاقسۇ رايونىغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشنى تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ تەشكىللەش تالانتىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، ھەربىي تالانتىنىمۇ كۆرسەتتى.

بۇ ئىككى يىل، ئابدۇكېرىمنىڭ شەخسىي تارىخى-

دىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىدىمۇ، ھەتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ مۇھىم يىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ باش ئەمەلدارلىرىنى قايتا - قايتا يەڭگۈشلىدى، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شىنجاڭغا 80 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى. بۇ كۈچ ئۇلارنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى بىر قىسىم ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچنېمىگە دال بولالمىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوراللىق كۈچى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 360 مىڭ كۋادرات كىلومېتر زېمىندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋەردى.

1945 - يىلى 10 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى ئاخىرى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گومىنداڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى دائىرىلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قارارىنى قاتتىق ئويلىنىش ئارقىلىق چىقارغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. جياڭ جيېشى شىنجاڭدا ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى چۈشىنەتتى. چۈنكى شۇنىڭدىن

خېلى ئىلگىرىلا قىرىم - يالتا كېڭەشمىسىدە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە دۆلەت باشلىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئۈچۈن، يىراق شەرق ئەللىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلغانىدى. كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ۋاستىچى بولۇشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ شەرتنامىدە، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش غەرىزىدە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇ تەكلىپنىڭ قويۇلۇشى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ خېلى چوڭ غۇلغۇلىلارنى قوزغىدى. ئاساسىي گەپ يەنە 1944 - يىلى 11 - ئايدىكى مەزگىلگە، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرىگە قانداق قاراش مەسىلىسىگە قايتتى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى باشتىلا قوزغىلاڭنىڭ مەقسىتى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، سىياسىي دېموكراتىيىنى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش دەپ قارىغانىدى. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن، بۇ سىياسىي نىشان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي نىشانىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلدى، خەلق ئىنقىلابىي پار-

تېيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش شوئارى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىلغار كۈچلەر بىردەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا قارشى تۇرىدىغان قوراللىق كۈرەش دەپ قارايتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز سىياسىي دېموكراتىيىنى، مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش دېگەن شەرت ئاستىدا، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدۇق.

ئەمما، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بولسا، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى ئاستىدا گومىنداڭ بىلەن ئالاقىلىشىشنى، ئۇنداق بولمايدىكەن سۆھبەتنى رەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا باشلانغان، ئۇ چاغدا ئۇلار، چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئېلان قىلغان ھېلىقى توققۇز ماددىلىق باياناتتىكى ئەڭ ئۇچىغا چىققان خاتا كۆز قاراشلار ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى دۆلەت تېررىتورىيىسىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇمۇ ئەخمەتجان قا-

سىمى. ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئېلىخان
تۆرىنى قوغلىۋېتىش ئىرادىسىنى تىكلىگەنلىكىدىكى مۇ-
ھىم سەۋەبىنىڭ بىرى ئىدى.

1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىي تەرەپ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوت-
تۇرىسىدىكى سۆھبەت باشلاندى، سۆھبەت ئورنى ئۈرۈم-
چىدىكى غەربىي زالدا بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەخمەتجان قاسىمى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە سەككىز ئاي قەتئىي كۈرەش قى-
لىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئاخىر 11 ماددىلىق
تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى سۆھبەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ
تالانتىنى تولۇق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى، بىلى-
مى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدى-
كى قورقماس پىداكارلىق روھى، ئىلغار كۈچلەرنىڭ،
خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.
ئېلىخان تۆرە قوغلانغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىقى بولدى.
شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۇ ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە
بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى بولدى
ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ چوڭقۇر ئىشىنىدىغان رەھ-
بىرى سۈپىتىدە پۈتۈن شىنجاڭدا داڭ چىقاردى. ئابدۇكې-
رىم بولسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپ-
لىق سۈپىتى بىلەن ئەخمەتجانغا پۈتۈن كۈچى بىلەن

يېقىندىن ياردەملەشتى. گومىنداڭغا قارشى سىياسىي كۈرەشتە، تەشۋىقات جەھەتتە ئاساسلىق رول ئوينىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

تىنچلىق بېتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تىنچلىق بېتىمىنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشىپ كەتتى، بېتىمنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق - دېموكراتىيە ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈشنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ھاكىمۇتلەقلىق يۈرگۈزۈشىدەك ۋەزىيەتنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. ئەمما، بېتىمگە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىنلا ئىمزا قويغان گومىنداڭ دائىرىلىرى، بېتىمنى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ ۋاقىتلىق تەدبىرى قاتارىدىلا كۆردى. گومىنداڭ جاھىللىرى بېتىمنى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، بېتىمنىڭ سىياسى قۇرۇماي تۇرۇپلا، تاقەتسىزلىك بىلەن چاتاق تۇغدۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تىنچلىق بېتىمىنى قوغداش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ جاھىللىرى بىلەن شىددەتلىك كۈرەش قىلدى. كۈرەش جەريانىدا، ئابدۇكېرىم زور خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كۈرەش جەريانىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى مېنىڭ ئېسىمدە ھازىرقىدەكلا تۇرۇپتۇ.

# ئوسماننى تارمار قىلىش

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى سەمىمىيىتىگە گومىنداڭ جاھىللىرى لايىقىدا ماسلىشىپ بەرمىدى، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۆرسەتمىدى.

ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ جاھىللىرى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان گۇماشتىلىرىنى تەييارلىدى، 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن ئوسمان خىزمەت ئورنىغا كەلمىدى. تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇش قەستىدە بولغان گومىنداڭ جاھىللىرى، بۇ ئادەمگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ بۇ ئادەمنىڭ سىياسىي خاھىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇلار ئوسماننى ھەر تەرەپتىن كۆزىتىپ ۋە دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى گۇماشتىسى قىلىپ بېكىتتى.

ئوسمان بۇرۇن ئالتاي ۋىلايىتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭدا فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋارىسى بولۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،

تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ مەسئۇت قاتارلىق-
لار بىلەن ئوخشاش ئىدى. دېمەك، ئىدىيىۋى ھېسسىيات
نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، سىياسىي مەيدان نۇقتىسىدىن
ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم باش-
چىلىقىدىكى ئىلغار كۈچلەر بىلەن قىلچىمۇ چىقىشالمايت-
تى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر، سىياسىي
كۆز قاراشتا تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئېقىمغا
بۆلۈنۈپ كەتكەندە، بولۇپمۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسى
ئەكسىيەتچىل دىنىي يۇقىرى قاتلامنىڭ قولىغا چۈشۈپ
كەتكەن تارىخىي شارائىتتا، ئوسمان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ
ۋالىيسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەۋەبنى چۈشى-
نىش بەك تەس ئەمەس ئىدى، شۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى
گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسمان بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىلغار
كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەرنى ئاللىقاچان سەز-
گەن بولسىمۇ، ئوسمانغا پۈتۈنلەي ئىشىنىش دەرىجىسىگە
بېرىپ يەتمىگەنىدى. 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى،
ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە
كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەشنى رەت قىلىۋىدى، ئۇلار ئوسماننىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن
ئىشقا سالغىلى بولىدىغان قولچوماقى ئىكەنلىكىگە پۈتۈن-
لەي ئىشەندى. شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە، گومىنداڭ
جاھىللىرى ئوسمان بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئالاقە باغلاپ،
ئاخىر ئۇنى ئارا تىل بىرىكتۈرۈۋالدى.

1946 - يىلى 12 - ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى ئول-
تۇرۇش قىلىش نامى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچى نەنخۇا-

يۈەندىكى ۋاقىتلىق قورۇسىدا بىر قېتىم كىچىك يىغىن
ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئابدۇكېرىم، ئىسھاقبەگ ۋە مەنقات-
ناشتۇق. يىغىننى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىمىز قەستەن
ئايالىرىمىزنى ئېلىپ، ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، چوڭ كوچا
بىلەن ماڭدۇق، بىر مۇنچە پوقراچە كىيىنىۋالغان گومىن-
داڭ ژاندارمىلىرىنىڭ ئالدىدىن ماشىنىمىزنى ھەيدەپ
ئۆتۈپ، توپتوغرا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قورۇسىغا كىردۇق.
ئايىم بىلەن ئىككىمىزدىن بۇرۇن ئابدۇكېرىم ئايالى
بىلەن بېرىپ بولغانىكەن، يولداش ئىسھاقبەگلا تېخى
كەلمەپتىكەن، 20 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن،
ئىسھاقبەگنىڭ ماشىنىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قورۇسى
ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئۇ بىزنىڭ چىقىپ قارشى ئېلى-
شىمىزنى كۈتمەيلا، ئايالى بىلەن ھەربىيلەرگە خاس قە-
دەم تاشلاپ مېھمانخانىغا كىردى.

ئىسھاقبەگ مۇنونوۋ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى بىر
قىرغىز چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ تەمبەل-
گىروي كىشى ئىدى. گېنېرال لېيتىنانتلىق پاگونى تاقال-
غان ھەربىي كىيىمى ئۇنىڭغا باشقىچىلا يارىشاتتى. ئۇ-
نىڭ ئىچكى دۇنياسى سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قارىغاندا ئا-
دەمنى تېخىمۇ قايىل قىلاتتى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، پەزىلەت-
لىك، خۇش خۇي ئادەم ئىدى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي
ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق مۇھىم ۋەزىپە ئۈستىدە
بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەيلى ئالدىنقى سەپتىكى ئاكوپ-
لاردا بولسۇن، مەيلى ئارقا سەپتىكى لاگېرلاردا بولسۇن،
قول ئاستىدىكىلەرگە، بولۇپمۇ جەڭچىلەرگە، خۇددى ئاتا

بالىسىغا مۇئامىلە قىلغانداق مۇئامىلە قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيىدىكى كەڭ جەڭچى، ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىسھاقبەگنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇنىڭ ھەربىيلىك سالاھىيىتىگە باغلىق ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ خۇش خۇي، مەردلىكىگىمۇ باغلىق ئەمەس، ئاساسەن، ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيىگە دانالىق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىغا باغلىق. ئۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىققا ۋە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم ئىدى. بولۇپمۇ ئالاھىدە ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ پانئىسلامىزملىق ئىدىيە ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇشتا زور خىزمەت كۆرسەتتى.

ئىسھاقبەگ كەلگەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى دەرھال بىزنى مېھمانخانىنىڭ يېنىدىكى كىتابخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئاياللىرىمىزنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەپىقىسى يولداش ماھىنۇر مېھمانخانا ئۆيدە كۈتۈپ ئولتۇردى.

بۇ كىچىك يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىدىغان تېمىسى بىرلا ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، ئۇسمانغا قوللىنىلىدىغان تەدبىرنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشتىن ئىبارەت. ھەممىمىز

ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى
جىددىيلىك بىلەن: «ھازىر ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەشەددىي كۈچ بولۇپ قال-
دى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كەسكىن تەدبىر قوللىنىشىمىز
كېرەك. ھازىر، ئابدۇكېرىم ئوسماننىڭ يېقىندىن بويانقى
سىياسىي يۈزلىنىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتسۇن» دېدى.

ئابدۇكېرىم ئۆز ئادىتى بويىچە قولىدىكى رەڭلىك
قەلەمنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، ئوسماننىڭ يېقىنقى بىرقان-
چە ئايدىن بۇيان گومىنداڭ جاھىللىرى بىلەن تىل بى-
رىكتۈرۈپ قىلغان ھەرىكەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «ئوسمان كوممۇنىستىك پارتى-
يىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان قارا نىيەت.
گەرچە ئۇ ئىلگىرى شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ،
لېكىن، ئۇنىڭ مەقسىتى بىزنىڭكىگە ئەسلا ئوخشىمايدۇ.
ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى — ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا ۋارىس
ھۆكۈمران بولۇش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.
ئىلگىرى ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار ئۇنى يۆلەپ، ئالتاي
ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي بېرىۋەتتى، ئۇ ئالتاي ۋى-
لايىتىنى ئۆزىنىڭ كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئېلىخان
تۆرىنىڭ قانىتى ئاستىدا، ئالتاي ۋىلايىتىدە مۇدھىش
فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈ-
مىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈردى. بىز ئېلىخان
تۆرىنى قوغلىۋېتىۋىدۇق، ئۇ تەبىئىي ھالدىلا، تاغدەك يۆ-
لەنچۈكىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ھەتتا
ئەمدى نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ قال-

دى-دە، باشقا بىر خەجايىن ئىزدەشنىڭ كويىغا چۈش-
تى». ئابدۇكېرىم، بىر ئوتلام چاي ئىچىۋېتىپ، سۆزىنى
يەنە داۋاملاشتۇردى: «بىز ئىگىلىگەن ئەھۋالغا قارى-
غاندا، بىز گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈ-
زۈش قارارىغا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپلا، ئۇ خۇپىيانە
ھالدا ئادەم ئەۋەتىش ئارقىلىق، گومىنداڭ دائىرىلىرى
بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. گومىنداڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى
دەماللىققا چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىنچ-
لىق سۆھبىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقتىن، ئىشىمىز
ئاشكارىلىنىپ قالسا سۆھبەتكە تەسىر يېتىپ قالارمىكىن
دەپ ئەندىشە قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا غوۋۋا پوزىتسىيە
تۇتتى. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرۇلغان چاغدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە
ئالتاينىڭ ۋالىيسى بولغان بۇ ئىنسان، ئۇرۇمچىگە كېلىپ
ۋەزىپە ئۆتەشنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋە-
كىلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى گومىن-
داڭغا ئاشكارىلاپ بەردى. دېمەك، شۈبھىسىزكى، ئۇ گو-
مىنداڭ جاھىللىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، نەتىجى-
دە، گومىنداڭ جاھىللىرى ئۇنىڭ بىلەن ھەدەپ تىل بىرىك-
تۈرگەن.» ئابدۇكېرىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇن-
داق دېدى: «بىز ئېرىشكەن يېڭى خەۋەرلەرگە قارىغاندا،
ئوسمان گومىنداڭ جاھىللىرى بىلەن نەچچە قېتىم سودى-
لىشىپ، ئاخىر شۇنداق پۈتۈشكەنكى، ئوسمان ئالتاي ۋى-
لايىتىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن ئايرىپ چىقىپ، گو-
مىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە كىرىپ ئورۇن-

لىشىشىنى قارشى ئالىدىغان؛ ئۇنىڭ بەدىلىگە گومىنداڭ-
دىن مالىيە ياردىمى ۋە قورال-ياراغ، ئوق-دورا،
ئەسلىھە ئالىدىغان بولغان، ئالاقە باغلاپ تۇرۇش ئۈ-
چۈن، گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى ۋە رادىئو ئىستانسى-
لىرى ئالتايغا كىرگۈزۈلگەن.»

ئىلگىرى، بىز بەزى ئىچكى يىغىنلاردا ئوسماننىڭ
بۇ جىنايى شۇملۇقلىرىدىن ئاز-تولا خەۋەر تېپىپمۇ
تۇرغانىدۇق، ئەمما ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتى-
شىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمىز. شۇڭا بۇ قېتىم ئابدۇ-
كېرىمنىڭ ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ بەك ھەيران
بولدۇق. شۇنداقلا، ئابدۇكېرىمنىڭ شۇنچە كۆپ ئاخباراتى-
نى ۋاقتىدا، توغرا ئىگىلىگەنلىكىدىن قاتتىق خۇش بو-
لۇپ كەتتۇق. ئابدۇكېرىمنىڭ بۇنداق سەزگۈرلۈك بىلەن
كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ۋە پۇختىلىق بىلەن ئىشلەش ئىس-
تىلىغا ئالاھىدە ئاپىرىن ئوقۇدۇق. ئابدۇكېرىم مېنىڭ ھەم
ھەيران قالغانلىقىمنى، ھەم مەمنۇن بولغانلىقىمنى كۆ-
رۈپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەھ-
ۋال ئىنتايىن جىددىي. مۇبادا ئوسماننىڭ جىنايى شۇم-
لۇقلىرى ئەمەلگە ئېشىپ قالىدىغان بولسا، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىدا ناھايىتى ئوسال ئەھۋال يۈز بېرىدۇ-دە،
بىزنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ماسلىشىپ شىن-
جاڭنى ئازاد قىلىش يولىدىكى قەدىمىمىز ئاستىلاپ كېتى-
دۇ، شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەتلەر يۈز
بېرىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، قورساقتىكى
ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن، دەرھال تۇتۇش قىلىپ،

ئوسماننى ئۈجۈقتۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە دەرھال جەڭگە ئاتلىنىش تەييارلىقىنى قىلىشى كېرەك. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالتايغا كىرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز پۈتكۈل ئۈچ ۋىلايەتنىڭ چېگرالىرىدا قانداق مۇداپىئەلىنىش توغرىسىدا گومىنداڭ بىلەن كېلىشىپ بىرلىككە كەلگۈچە، ئۇلار ئالتايغا قاراملىق بىلەن ئەسكەر كىرگۈزەلەسلىكى مۇمكىن، ئەمما بىز ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويساق بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە، گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە قورال - ياراغ، ئوق - دورا كىرگۈزۈشىدىن قاتتىق پەخەس بولۇشىمىز كېرەك.»

گېنېرال ئىسھاقبەگ ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ مۇنداق دېدى: «ئوسماننىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى سىياسىي شۇملۇقلىرى توغرىسىدا ئابدۇكېرىم ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلىدى. ئوسماننىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە گومىنداڭ بىلەن يېزىشقان خەتلىرىدىن ئارمىيىمىزنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئابدۇكېرىم بايان قىلغان ئەھۋالنىڭ تەھقىق راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەلىلقان ئىگىلىگەن ئەھۋالمۇ شۇنى ئىسپاتلىدى. دەلىلقان بىزنىڭ ئوسماننى يوقىتىش توغرىسىدا تېزرەك قارار چىقىرىشىمىزنى خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان كۈتۈپ تۇرماقتا. بىز دەرھال جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئوسماندىن ئىبارەت بۇ رەزىل كۈچنى قەتئىي يوقىتىشىمىز كېرەك.»

سۆز نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە، مەن بۇ ئۈچەيلەننىڭ

پىكرىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. بۇ قېتىمقى يىغىندا، گېنېرال ئىسهاقبەگنىڭ دەرھال ئوسماننى يوقىتىش جەڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى قارار قىلدۇق ھەمدە ئوسمان بىلەن جەڭ قىلىش ھەرىكىتىمىزنى قار ئېرىشتىن بۇرۇن تۈگىتىشنى ئورۇنلاشتۇردۇق. ۋاقىتنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى سەۋەب شۇكى، بۇ پەسىلنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويساق، قار ئېرىپ يەر - زېمىن كۆكەرگەندىن كېيىن، بىپايان يايلاقتا ئوسمانلارنى قوغلاپ يوقىتىش بەك تەس بولاتتى.

يىغىندىن كېيىن، بىز ئەخمەتجان قاسىمنىڭ كىتابخانا ئۆيىدىن چىقتۇق. بۇ چاغدا سائەت ئوندىن ئېشىپتىكەن. ئۈرۈمچىنىڭ قىش پەسلىدە سائەت ئوندىن ئاشقاندا خېلىلا كەچ بولۇپ قالىدۇ. خانىملار داستىخان تۆپىسىدە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئولتۇرۇپتۇ. ئەنسىزلىك بولۇپ تۇرغان شۇ يىللاردا، ئۇلار مۇشۇنداق رېتىمسىز تۇرمۇشقا كۆنۈپمۇ قالغان.

شۇ كۈنى كېچىدىكى «ئولتۇرۇش» سائەت نۆلدە تۈگىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ماشىنىسى، گېنېرال ئىسهاقبەگنىڭ ماشىنىسى، مېنىڭ ماشىنام ئارقا - ئارقىدىن نەنخۇايۈەن دەرۋازىسىدىن چىققاندا، ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن گازىرچى، ياماقچى بولۇۋالغان گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ 30 گرادۇستىن تۆۋەن سوغۇقتا دۈگدىيىشىپ ئۇياققا - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، پايلاقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

1947 - يىلى 1 - ئايدا، مىللىي ئارمىيە تېز ۋا-

قىت ئىچىدىلا ئوسمان باندىتىنى تارمار قىلدى، ئوسمان
ئالاقزادە بولۇپ، گۆچۈڭ، مورى ئەترابلىرىدا قېچىپ
يۈردى، گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ ئوسمان بىلەن تىل بى-
رىكتۈرۈشىمۇ مەخپىيەتلىكتىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى،
شۇنداق قىلىپ ئوسماننى قوللاش بىلەن ئوسمانغا قارشى
تۇرۇش ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ جاھىل-
لىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ پىلتىسى بولدى. ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قو-
ماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېۋنى ئالتاي
ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئالتايغا بارغان-
دىن كېيىن، قالدۇق دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى تېزدىن يوقى-
تىپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۇنۇملۇك ھالدا تىزگىن-
لىدى. گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ تىنچلىق بېتىمىگە بۇز-
غۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇ-
رۇنۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تارمار قىلدى.

گېنېرال دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئالتاي ناھىيى-
سىدىكى بىر قازاق ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بۇرچىن
ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆ-
كۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققانى-
دى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان پار-
تىزانلار ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يايلاقلىرىدا جەۋلان قىلىپ،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ساداسىنى ياڭراتقان.

## تىغمۇ تىغ كۈرەش

1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى گومىنداڭ جاھالىرىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا، پۇقراچە كىيىنىۋېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى يىغىپ «مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمىز!» «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرىمىز!» «يوقالسۇن ئەخمەتجان!» «يوقالسۇن ئابباسوۋ!» «ئۈچ ۋىلايەتلىكلەر قايتىپ كەتسۇن!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلاپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرەپكە ماڭدى. لۈكچەكلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ھۆكۈمەتكە كىرىمىز!» «ئەخمەتجان بىلەن كۆرۈشىمىز!» «ئەخمەتجان كەتسۇن!» ... دەپ ئاۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. بىردەمدىلا پاتپاراقچىلىق بولۇپ كەتتى. جىنىدىن تويغان بىر قىسىم لۈكچەكلەر گومىنداڭ جاھالىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈشكۈرتۈشى بىلەن تويۇقسىز ئوق چىقاردى، توپ ئارىسىغا گرانات تاشلىدى، نەتىجىدە بىرمۇنچە ئادەم ئۆلدى، بىرمۇنچە ئادەم يارىدار بولدى. ئۇلار تېخى بۇ ۋەقەنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە دۆڭگەپ، تېخىمۇ چوڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىرمۇنچە كىشىلەر بۇنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تۇغدۇردى دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغانىدى. لۈكچەكلەر

«ئەخمەتجاننى ئۆلتۈرىمىز!» «ئابباسوۋنى تىرىك تۇتىمىز!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە چۇقان كۆتۈرۈپ، قاتمۇ قات ئىشىكلەرنى بۇزۇپ ئېچىپ، ئاخىردا بۇ ۋەقەنى تەشكىللىگەن گومىنداڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرىنى ھەم ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم، مەن ۋە رەھىمجانلارنى ئىچكى-تاشقى بىر ئىشخانىغا قامىۋېلىپ «ئەخمەتجان چىقسۇن!» «ئابباسوۋ چىقسۇن!» دەپ چۇقان سېلىشتى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئابدۇكېرىم دېرىزىنىڭ قىرغىقىدا موخوركىنى چېكىپ بەخىرامان ئولتۇردى، ئەخمەتجان قاسىمى بىرلا ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئېلىپ ئولتۇردى، ۋەقەنى پىلانلىغان ھېلىقى ئەپەندىلەر بىرلا نېمە قىلارىنى بىلمەي، بۇلۇڭغا تىقىلىشىپ ئولتۇردى.

بىر ۋاقىتتا، لۈكچەكلەر قولىغا تۆمۈر-تەرسەك، تاش-توقماقلار ئېلىپ، بىز ئولتۇرغان ئىشخانىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى چېقىشقا باشلىدى. ئابدۇكېرىم دېرىزىدە ئولتۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك قولىدىكى تاپانچىسىنى ئوينىتىپ، مۇھاپىزەتچىلەرگە: «ئەگەر بۇ لۈكچەكلەر باستۇرۇپ كىرىپ، ئەخمەتجان ئاكىغا قول تەگكۈزىدىغانلا بولسا، بىز ئۇلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قالغان بىر پاي ئوقنى ئۆزىمىزگە ئىشلىتەيلى» دەپ، بۇلۇڭدىكىلەرنى كۆرسىتىپ قويدى. كېيىن ئەخمەتجان بۇلۇڭدىكىلەرگە: «بىز قۇربان بولۇشتىن قورقمايمىز. بۈگۈن بۇ ئىشخانىدا بىر تامچە قان تۆكۈلىدىغان بولسا، ئەتە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى قوزغىلىپ، سىلەرنى قويماي يوقىتىدۇ. سىلەر ئەبەدىلئەبەد نامى ئۆچمەس جىنايەتكار بولىسىلەر» دېدى.

ئۇلار: «بىز ھەرگىز ئۇنداق خىيالدا بولمىدۇق، خاپا بولمالا» دېيىشتى.

ئابدۇكېرىم: «ئەگەر سىلەر راستتىنلا شۇنداق نىيەتتە بولمىغان بولساڭلار، يوقىرىچە كىيىنىپ تالادا تۇرغان بۇ نامايىشچىلارغا ‹ئارقىڭغا بۇرۇل!› ‹ئالغا باس!› دەپ بۇيرۇق چۈشۈرسەڭلار، قالايمىقانچىلىق دەرھاللا بېسىلىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار ئۆزۈڭلار سىناپ بېقىڭلار» دېدى.

ئۇلار ئۆزلىرى پىلانلاپ قوزغىغان بۇ ۋەقەنى، دېگەندەكلا ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ يىغىشتۇردى. گومىنداڭ جاھىللىرى ئۆز قولى بىلەن پەيدا قىلغان «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسى دېگەن ئەنە شۇ.

«25 ـ فېۋرال» ۋەقەسىدە، ئەخمەتجان بىلەن ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ قالتىس زېرەكلىكىنى ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ ئويۇننىڭ گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ رېژىسسورلۇق قىلىشى بىلەن ئوينالغانلىقىنى بىر كۆرۈپلا تولۇق بىلىۋالغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئارىدىن 30 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ ئەھۋالنى ئەسلىسەم، ھەقىقەتەن شۇركىنىمەن.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، شۇ ۋاقىتتا، بىز ئىنتايىن مۇرەككەپ شارائىتقا دۇچ كەلگەنىدۇق، بىر تەرەپتە، گومىنداڭ جاھىللىرى تىنچلىق بىتىمىگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتە، بىر قىسىم كىشىلەر تىنچلىق بىتىمىگە ئاگاھسىز ھالدا بۇزغۇنچىلىق

قىلىۋاتاتتى، بۇ كىشىلەر گەرچە، ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىگە
مەنسۇپ بولمىسىمۇ، شۇنداقلا زادىلا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ-
تىن ئەۋەتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىيات جەھەتتە
ھەقىقەتەنمۇ بىزگە ماھىل ئىدى، ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇ-
رىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ۋەزىيەتنى توغرا تونۇيالمايتتى.
ئابدۇكېرىم ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلغاندا،
ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلىشتىن قەتئىي ساقلاندى. بۇ-
نىڭغا بىز بەكمۇ قايىل بولدۇق. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىر-
لىرىدا، نەمەتجان دەيدىغان بىر تەنتەك ئۈرۈمچىدىن
تۇرپانغا بېرىپ «مېنى ئەخمەتجان ئەپەندى تۇر-
پاندىكى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتتى» دېگەن
گەپلەرنى تارقىتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، تۇرپاندا دېموكراتىيە
ئاساسىدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۈچ
ۋىلايەت ۋەكىلى ئابدۇراخمان مۇھىتى ھاكىملىققا، باھاۋۇ-
دۇن يۈسۈپ ساقچى باشلىقلىقىغا بېكىتىلىپ بولغان بو-
لۇپ، ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىق ئىدى. مۇشۇن-
داق پەيتتە، بۇ يىگىتنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇشى، گى-
مىنداڭنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملىرىنىڭ
قاتتىق دىققىتىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئۇ بارغانلا يەردە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نامىنى سېتىپ
ئالدامچىلىق قىلىپ، ئەھۋالنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى
قايمۇقتۇرۇپ يۈرگەن. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئاب-
دۇراخمان مۇھىتى، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئۈرۈمچى بىلەن
ئالاقىلىشىپ ئۇقۇپ باقاي دەپ، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۈرۈم-
چىدىكى ئۆيىگە تېلېفون بەردى. ئابدۇكېرىم ئەھۋالنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان مۇھىتىغا بۇ ئادەمنى
دەرھال تونۇتۇپ، ئۈرۈمچىگە يالاپ ئەكىلىش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ ۋاقىتتا، بەزى كىشىلەر بۇنداق
قىلىش چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولۇپ قالدى دەپ،
ئابدۇكېرىمنى ئەيىبلىدى. ئابدۇكېرىم: «بىز ئىنقىلابچى-
لار، ئوچۇق - ئاشكارا ئىش قىلىشىمىز كېرەك، بېتىمگە
ئىمزا قويغانىكەنمىز، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشىمىز كېرەك،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نەتىجىلەر ئاسان قولغا كەلمىدى،
مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان قېرىنداشلارنىڭ ئىسسىق قېنى
بەدىلىگە كەلگەن تىنچلىق بېتىمىنى گومىنداڭ جاھىللى-
رىنىڭ بۇزۇۋېتىشىگە قەتئىي يول قويمايمىز، شۇنداقلا،
بىر قىسىم قاراملارنىڭ بۇزۇشىغىمۇ قەتئىي يول قويماي-
مىز» دېدى.

كېيىن، ئابدۇكېرىم بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرەپ قى-
لىنىش ئەھۋالىنى ئەخمەتجان قاسىمىغا دوكلات قىلدى،
ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق بىر تەرەپ قىلىشنى پۈتۈن-
لەي مۇۋاپىق كۆردى.

تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىشقا توغرا كەلگەندە،
ئابدۇكېرىم قىلچىمۇ مۇرەسسە قىلمىدى.

1946 - يىلى 10 - ئايدا، قومۇلدا ئونانباي ۋە دۆ-
لەتخانلارنىڭ قوراللىق پارتىزانلىرىنىڭ ھەرىكىتى كۈن-
دىن - كۈنگە ئۇلغايدى. ئۇلار ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا تو-
شۇلۇۋاتقان قورال - ياراغلارنى تارتىۋېلىپ پارتلىتىپ،
گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا ئارام
بەرمىدى.

جاڭ جۈجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۇننى قوبۇل مەسىلىسى توغرىسىدا بىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىپتۇ. بىز ليۇ مېڭچۇن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئابدۇكېرىمنى چىقىرىپ قويدۇق. دەسلەپتە، ليۇ مېڭچۇن: بىرىنچىدىن، پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى توختاتسۇن؛ ئىككىنچىدىن، خاتالىقىنى تونۇپ تۈۋا قىلسۇن؛ ئۈچىنچىدىن، قوراللىرىنى تاپشۇرسۇن؛ تۆتىنچىدىن، پارتىزان ئەترىتىنى تارقىتىۋەتسۇن دېگەن تۆت شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئابدۇكېرىم مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

«بىرىنچى، تىنچلىق بېتىمىمىزنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىز ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشنى تاپىلاشنى خالايمىز؛ ئىككىنچى، ئۇلارنى خاتالىقىنى تونۇپ باش ئېگىشكە دەۋەت قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلاردا خاتالىق يوق. ئۇلارنى قوراللىق قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى تەكشۈرۈشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، قورال مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ قورال تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان بىلەن، مېنىڭچە ئۇلار بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمايدۇ. قورالنى ئۆزلىرى ساقلايدۇ، بۇ مەسىلىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئويلىشىپ قارار قىلار.»

بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئاشۇنداق چوڭ ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن توختاپ قالدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، پارتىزانلارنىڭ ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ليۇ مېڭچۇن يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزسەك دەپ، ئىلاجسىز،

ئابدۇكېرىمنىڭ قېشىغا يەنە كەلدى. ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەۋقەسىدە چىڭ تۇردى، ئەسلا يول قويمىدى. كۆپ قېتىملىق سۆھبەتتە تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىردا: بىرىنچى، قۇمۇل پارتىزانلىرى پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى توختىتىدۇ؛ ئىككىنچى، قورالنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ساقلايدۇ؛ ئۈچىنچى، پارتىزانلارنىڭ مەسئۇللىرى قۇمۇلدا مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ؛ تۆتىنچى، يۇقىرىقى ئۈچ ئىش پارتىزانلارنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنغاندىن كېيىن ئاندىن ئىجرا قىلىنىدۇ، دېگەن دەسلەپكى كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

ليۇ مىڭچۇن گومىنداڭنىڭ تالانتلىق سىياسەتچىسى بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بىز بىلەن ئۇچراشقاندا كۆرەڭلەپ، بىزنى نەزەرگە ئالمايتتى. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئادەملىرى ئىچىدە ناھايىتى بىچارە قىياپەت بىلەن: «بۇلار بىز ئويلىغاندەك بوش چىقمىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىمنىڭ يېشى ھەممىسىنىڭكىدىن كىچىك بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ جىگىرى بار ئىكەن. بىز ئۇلارنى بوش چاغلىماسلىقىمىز كېرەك» دەپتۇمىش.

كېلىشىم بويىچە، ئابدۇكېرىم قۇمۇلغا بېرىپ، قۇمۇل پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى ئۇنانباي ۋە دۆلەتخانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ھەممە ئىشنى كېلىشىم بويىچە بىر تەرەپ قىلدى.

## مەسئۇتقا تاقابىل تۇرۇش

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزى ئىمزا قويغان بىتىمنى يىرتىپ تاشلاشنى قارار قىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇسماننىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس. 1947 - يىلى 5 - ئايدا، گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە مەقسەتلىك بۇزغۇنچىلىق قىلىش يولىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشى ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ پانتۈركىزمچى مەسئۇتقا تۇتقان ھەققانىي مەيدانىنى ئاللىقاچان ئېنىق بىلەتتى.

بۇيرۇق ئېلان قىلىنىش بىلەنلا، جەمئىيەتتە غۇلغۇلا قايناپ كەتتى، ئىلغار كۈچلەر گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۈيىقەستىنى قەتئىي ئەيىبلىدى، ئەكسىيەتچى كۈچلەر، بولۇپمۇ مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسا قاتارلىق پانتۈركىست بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرى بىر مەزگىل خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي تەنتەنە قىلىشىپ، بەكمۇ غالجىرلىشىپ كەتكەنىدى، كۆپچىلىك ئاما بولسا، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى، پىتنە - ئىغۋالار تەرەپ - تەرەپتىن تارقالغان، كىشىلەر دەككە - دۈككىدە بولۇپ، خاتىرجەمسىزلەنگەنىدى.

بىر كۈنى چۈشتە، ئابدۇكېرىم ئالدىراش ئۆيۈمگە
كېلىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىنى ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن بۇيرۇقنى ئېلان قى-
لىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر ئى-
چىدە بولغان ئىنكاسلارنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ھەمدە
خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يى-
غىنىنى چاقىرىپ، ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىپ، قارشى
تەدبىر بېكىتىش لازىملىقىنى ئېيتتى. مەن قوشۇلىدىغان-
لىقىمنى بىلدۈردۈم ھەم بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولماي-
دىغانلىقىنى، قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدى-
غانلىقىنى ئېيتتىم. شۇ كۈنى كەچتىلا، خەلق ئىنقىلابىي
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىشنى
قارار قىلدۇق. شۇنداقلا، ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈچۈن،
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىرتتىكى ئەزالىرىغا ئۇقتۇرۇش
قىلمايدىغانلىقىمىزنى قارار قىلدۇق.

شۇ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە، خەلق ئىنقىلابىي
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى
جىددىي يىغىنى ئابدۇكېرىمنىڭ قورۇسىدىكى مېھمانخا-
نىدا ئېچىلدى.

ئابدۇكېرىم يىغىن ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىل-
غاندا: «شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ بىزنىڭ بىرىنچى
قېتىم مۇشۇنداق ئالدىراپ ئاچقان مەجلىسىمىز بولدى،
مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزى ۋەزىيەتنىڭ نەقەدەر جىددىي ئې-
كەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈنكى يىغى-
نىمىزدا بىرلا مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ

ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ قوللىنىدىغان تەدبىرىمىزدىن ئى-
بارەت» دەپ ئىزاھات بەردى. يىغىنغا قاتناشقان ئە-
زالارغا ئەھۋالنى ئالدىنئالا ئۇقتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن
بولساقمۇ، لېكىن ئەزالارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇش-
تۇمتۇت يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتىن ئاز - تولا خەۋەر
تاپقانىدى. ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ئەھۋال-
دىن زادىلا خەۋەر تاپالماي قالغان يولداشلارمۇ يىغىن-
نىڭ كەيپىياتىدىن، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىمنىڭ يىغىندا قا-
رىلىدىغان مەسىلە توغرىسىدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈ-
شىدىن ۋەزىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى سەز-
گەنىدى.

ئابدۇكېرىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:
«بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى، گومىنداڭ جاھىللى-
رى يېڭى توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئوسماندىن
پايدىلىنىپ تىنچلىق بېتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانىدى.
بىراق ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى بۇ يىل 1 - ئايدا تەلتۆكۈس
تارمار قىلىندى. ئۇلار بۇ يىل 2 - ئايدا يەنە ‹25 -
فېۋرال قانلىق ۋەقەسى›نى توغدۇرۇپ، بۇنىڭدىمۇ ئۇ-
زۇل - كېسىل مەغلۇپ بولدى. ئەمدىلىكتە يەنە مەس-
ئۇتنى يۆلەپ چىقىرىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مەقستىگە
يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر ھەممە ئىش ئايان بولدى-
كى، گومىنداڭ جاھىللىرى چۈشكۈنلىشىپ، پانتۇركىزم-
چى، بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلىشىش دەرىجىسىگە يېتىپ
باردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا يول قويىدى-
غان بولساق، بىزمۇ مەسئۇت قاتارلىقلار بىلەن بىللە

بۇلغىنىپ كېتىمىز. بۇنداق قىلىشقا پارتىيىمىزنىڭ مەيدانى قەتئىي يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى مەسئۇت قاتارلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشى كېرەك. زۆرۈر بولغاندا، تىنچلىق بىتىمىدىن ۋاز كەچسەكمۇ كېچىمىزكى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، پانتۈركىزمچىلار بىلەن ھەرگىز بىرلەشمەيمىز.»

شۇ كۈندىكى يىغىندا مەن باشتىن - ئاخىرىغىچە ئابدۇكېرىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئابدۇكېرىمنىڭ بۈگۈنكىدەك غەزەپلەنگەنلىكىنى بۇرۇن كۆرمىگەنىدىم. ئۇ بۇ قېتىم سۆز قىلغاندا، تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. كۈچلۈك قوللىرى پات - پات كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق كەيپىياتىنى بېسىش ئۈچۈن قانچە تىرىشىپ باقسىمۇ، ئاۋازىنى پەسەيتىپ باقسىمۇ، لېكىن ئاۋازى تۇرۇپ - تۇرۇپلا يەنە كۈچىيىپ كېتەتتى. مەن ھەتتا: بىرەر قىززىقتۇرىدىغان نەرسە بولسا ئىدى، ئۇنىڭ غەزىپى بىردىنلا مۇھەببەت كۈچىگە ئايلانغان بولاتتى، دەپ ئويلىدىم.

ئۇ كۈندىكى يىغىننىڭ كەيپىياتى ھەم سۈرلۈك، ھەم جىددىي بولدى. سۆز قىلغان يولداشلار گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ مەسئۇت قاتارلىق پانتۈركىزمچىلار بىلەن بىرلىشىپ قىلغان جىنايى ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي ئەيىبلىدى، ئابدۇكېرىمنىڭ تەكلىپىگە بىردەك قوشۇلدى، مەسئۇت قاتارلىقلار بىلەن ھەرگىز بىرلەشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىن تۈن يېرىمدا تۈگىدى. ئابدۇكېرىم ئۆيى يىراقراق يولداشلارنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ماڭغۇزۇۋەتتى. مېھمانخانىدا ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. يىغىندىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ چىن قەلبىمدىن قايىل بولۇش ھېسسىياتىم ئۇرغۇپ چىقتى. مەن ئابدۇكېرىمنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن: «ئوكام، ياق، يولداش، سىز ھامان تولۇپ تاشقان ئىشەنچىدە بولۇپ كەلدىڭىز» دېدىم.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قورۇسىغا باردۇق. ئەخمەتجان قاسىمى بىزنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ: «ئەجەب ئوبدان كېلىپ قالدىڭلار، سىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ ھازىرقى ۋەزىيەتكە بولغان قاراشلىرىڭلارنى ئاڭلىماقچىدىم» دېدى. ئابدۇكېرىم: «ئويىمىز بىر يەردىن چىقتى. مەسلىھەتلىشىپ قويغاندەكلا كېلىپ قاپتىمىز» دېدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇكېرىمدىن: «سىزنىڭچە مەسئۇتلار يەنە قانداق شۇملۇقلارنى قىلار؟» دەپ سورىدى. ئابدۇكېرىم: «ئۇلارنىڭ ھازىرقى پەيلىگە قارىغاندا، ئەگەر دوزاخ ئوتى ئاغزىنى كۆيدۈرۈشتىن قورقمايدىغان بولسا، ئۇلار بەلكى دوزاخنىمۇ يېۋېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىز مەسئۇت قاتارلىق مىللىي مۇناپىقلار بىلەن ئەسلا ھەمكارلاشمايدىغانلىقىمىزنى ئېنىق ئىپادىلىشىمىز كېرەك» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاخشامقى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىنى يەنە بىرتەكرارلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى مېنىڭ قارىشىمنى سورىدى.

مەن: «مەسئۇتلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، مۇنچىۋالا كۆرەڭ-لەپ كېتىشىنى چۈشىنەلمىدىم. چۈنكى پانتۈركىزمچىلار 30-يىللاردىن بېرى شىنجاڭدا كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ يۈر-گەن بولسىمۇ، ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك كۆرەڭلەپ كېتەل-مىگەن. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ۋەكىلى، جاھانگىرلارنىڭ يا-لاقچىسى گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۆلىشى بىلەن، بىراقلا پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان زېمىندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى بولۇۋال-دى. بۇنىڭدىن، گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىمۇ ئىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ» دېدىم.

ئەخمەتجان قاسىمى بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: «ھازىر، بىز مەسئۇت قاتارلىق پانتۈر-كىزمچىلار بىلەن ھەرگىز بىرلەشمەيدىغانلىقىمىزنى ھەر-قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئوچۇق جاكار-لايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-قىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، بولۇپمۇ كەڭ ئۇيغۇر خەلقىگە، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزغا مەسئۇت قاتارلىقلارنىڭ رەزىل ئەپت-بەشىرىسىنى پاش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى-مۇ بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن» دېدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مەسئۇتلار بىلەن ھەمكار-

لىشىنى ئاشكارا رەت قىلدى ھەمدە ئۆلكىلىك كېڭەشكە قەتئىي تاقابىل تۇردى، شۇنىڭ بىلەن مەسئۇتنىڭ ئۆزىنى پەردازلاپ، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش قەسەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتەك رەزىل ئويۇنى ۋۇجۇدقا چىقمىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۆزىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلغار كۈچلەر ئىگىلىگەن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق، پانتۈركىزمچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيدانىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەسئۇت، مەمتىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار جامائەتچىلىكنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ، ئۇر - ئۇرغا قالغان چاشقانغا ئوخشاش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئابرويى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە، بىر ۋاقىتلاردا ئارىسالدى بولۇپ يۈرگەن ئادەملەرمۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەيدانىنى قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرۈشتى.

## تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللاش

1947 - يىلى 6 - ئايدا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدە خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى.

ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى مۇنداق: تىنچ-

لىق بىتىمگە ئاساسەن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت شېڭ شىسەي دەۋرىدە مۇسادىرە قىلىنغان «خائىنلار مۈلكى» نى ئېنىقلاپ، ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولغانىدى. شۇ بويىچە، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر تۈركۈم «خائىنلار مۈلكى» نى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كەلدى. بىراق، شۇ ۋاقىتلاردا ھاۋا ئىسسىق بولۇپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە ئورما ۋاقتى يېقىنلاشقانىدى. «خائىنلار مۈلكى» نىڭ ئىگىلىرى يەرنى دەرھال قايتۇرۇپ بەرسۇن دەپ تەلەپ قىلدى. «خائىنلار مۈلكى» نى ئىشلىتىۋاتقانلار بۇغدايىنى يىغىۋېلىپ، مۈلۈكنى سېتىۋالغان پۇلنى قولىمىزغا ئېلىپ ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ پۈتۈنلەي «خائىنلار مۈلكى» نىڭ ئىگىلىرى بىلەن «خائىنلار مۈلكى» نى ئىشلىتىۋاتقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا ئىدى. ماجىرادا خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىدى، شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرمۇ بار ئىدى. ماجىرادىكى ئىككى تەرەپ سىنىپ بويىچە تەشكىللەنگەنمۇ ئەمەس، مىللەت بويىچە تەشكىللەنگەنمۇ ئەمەس. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قوبۇل قىلالايدىغان كېلىشىمنى بېكىتەلەيدىغانلا بولسا، توقۇنۇشتىن پۈتۈنلەي خالىي بولغىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، تۇرپانىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى مۇمكىنقەدەر بۇ ماجىرانى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى.

لېكىن، بىتىمگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان گومىنداڭ جاھىللىرى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ

«خائىنلار مۈلكى» نىڭ خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن بولغان ئىگىلىرىگە قورال - ياراغ بېرىشىنى قوللاپ، «خائىنلار مۈلكى» ماجىراسىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن مىللىي ماجىراغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يارغول يېزىسى بۇ ماجىرانىڭ بىرىنچى پىلتىسى بولدى. 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا، «خائىنلار مۈلكى» نىڭ ئىگىلىرى بولغان بىر تۈركۈم خەنزۇ، خۇيزۇلار قورال كۆتۈرۈپ يارغول يېزىسىغا بېرىپ يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ، «خائىنلار مۈلكى» دېيىلگەن يەرلەردىكى زىرائەتلەرنى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىپ، يەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىرقانچە ئونلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى كەنت باشلىقى سەيپۇللىنىڭ باشلامچىلىقىدا كالتەك - توقماقلارنى كۆتۈرۈپ، «خائىنلار مۈلكى» نىڭ ئىگىلىرىنى قوغلىۋەتتى. بۇ ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ھەممىسى «خائىنلار مۈلكى» نى ئىشلىتىۋاتقانلار ئىدى. «خائىنلار مۈلكى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلەرنى ئۇلار شۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدىن سېتىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ قوبۇل قىلالمايدىغىنى شۇكى، بۇ يەرلەردە بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا يىغىۋالغىلى بولىدىغان زىرائەتلەر بار ئىدى. «خائىنلار مۈلكى» نى ئىشلىتىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يەرلەردىكى زىرائەتلەر پۈتۈن ئائىلە بويىچە تايىنىدىغان بىردىنبىر تۇرمۇش مەنبەسى ئىدى.

ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ «خائىنلار مۈل-

كى» ئىنكاسلىرىنى قوغلىشۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر
تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دا-
ئىرىلىرى بىر تەرەپتىن، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھ-
يىلىرىدە ھەربىي قىسىملارنى ھەدەپ ئىشقا سالدى ۋە ئۇ-
لارغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، بارلىق
تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ۋەقەنى ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپ پىلانلىق ھالدا پەيدا قىلدى، دەپ زەھەر-
خەندىلىك بىلەن تۆھمەت قىلدى.

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى
ئىدىيىسى ئىلغار ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇپ، تۇرپان نا-
ھىيىسىدە خەلق بىۋاسىتە سايلاپ چىققان بىرىنچى ھاكىم
ئىدى. «خائىنلار مۈلكى» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن،
ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپاندا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ
قىسىملىرىنى بىرقانچە قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن
بۇ ئىشقا ئارىلاشماسلىقنى تەلەپ قىلغان ھەم ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەنى چوقۇم مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايدۇ
دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق، گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مۇل-
كىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاللىقاچان قىلتاقلارنى ئورۇنلاش-
تۇرۇپ قويغانلىقىنى ئۇ زادىلا ئويلىمىغانىدى.

ئۈرۈمچىدە، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىنا-
سىغا تۇرپان ۋەقەسىنىڭ خەۋىرى ھەر كۈنى بىرقانچە قې-
تىم كېلىپ تۇردى، بۇ خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى گومىن-
داڭ جاھىللىرى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قەستەن
توقۇپ چىقارغانىدى.

شۇ كۈنلەردە، مەن كېسەل سەۋەبىدىن ئۆيدە يېتىپ

قالغانىدىم. بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىنلاشقاندا، ئابـ
دۇكېرىم ئۆيۈمگە كەلدى، ئەھۋالنى بىلىشكە ئالدىرىغانلىـ
قىم ئۈچۈن، ئابدۇكېرىمنىڭ ئولتۇرۇشىنى كۈتمەيلا، ئالدىـ
راپ: «تۇرپاننىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟» دەپ سورىدىم.

ئابدۇكېرىم ماڭا بىر پەس تىكىلىپ قارىۋېتىپ
ئالدىرىماي: «ئاشكارا قوراللىق توقۇنۇش دەرىجىسىگە
يېتىپ قالاي دەپ قالدى» دېدى.

مەن: «بىراق، سىزدە ھېچقانداق جىددىيلىك يوقـ
قۇ» دېدىم.

ئابدۇكېرىم پەرۋا قىلمىغان ھالدا كۈلۈپ قويۇپ،
ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر پىيالە پەملچاينى قولىغا ئېلىپ
بىر نېمىنى ئويلىغاندەك بولۇپ: «سەيپىدىن ئاكا، تۇرـ
پان ۋەقەسى بوپ بولغان ئىش بولۇپ قالدى. ھەممىنى
ئۇلار ئۆز قولى بىلەن پىلانلىغان، بىراق ئىش ئۇلارنىڭ
ئۈمىدى بويىچە ئاخىرلاشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ
جىددىي بولۇش - بولماسلىقىمىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىـ
يىتى يوق» دېدى.

ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق، سوغۇققانلىقىنى كۆرۈپ، مىـ
نىڭ جىددىي كەيپىياتىم دەرھاللا پەسەيدى. مەن ئابدۇـ
كېرىمدىن: «ئۇنداق بولسا، ھازىر ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى
نېمە بولۇپ كەتتى؟» دەپ سورىدىم.

ئابدۇكېرىم قولىدىكى قۇرۇق پىيالىنى ئوينىتىپ تۇـ
رۇپ، ئالدىرىماي: «باياتىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىـ
غاندا، ھاكىم ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن ساقچى باشلىـ
قى باھاۋۇدۇن يۈسۈپ تۇرپان بازىرىدىن قېچىپ چىقىپ
كېتىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قايىققا كەتكەنلىكى مەلۇم ئەـ
مەس» دېدى.

مەن: «ئەمدى بىز نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟»
دەپ سورىدىم.

ئابدۇكېرىم: «ئەخمەتجان ئاكا دۈشمەن بىزنىڭ تې-
لېفونىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشى مۇمكىن دەپ ئوي-
لاپ، سىزگە مېنى ئەۋەتتى، كېلىشىمدىكى مەقسەت،
بىرىنچىدىن، سىزنى يوقلاش؛ ئىككىنچىدىن، سىزنىڭ
ئۆيىڭىزدىمۇ ياكى بولمىسا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
ئۆيىدىمۇ...» دېيىشىگىلا، مەن ئابدۇكېرىمنىڭ مەقسىتىنى
چۈشىنىپ، دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ: «ئەخمەت-
جان ئەپەندىم بەك ئالدىراش، مەن قانداقلا بولمىسۇن
مىدىرلىيالايمەن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى» دېدىم.

ئابدۇكېرىم: «ئۇنداق بولسا ياخشى، كەچ سائەت
سەككىزدە سىزنى كۈتىمىز» دېدى.

دەل كەچ سائەت سەككىز بولغاندا ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ قورۇسىغا باردىم، ئابدۇكېرىمنىڭ ماشى-
نىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قورۇسىدا تۇرۇپتۇ. مېنىڭ
ماشىنام توختىغىچىلا ئۇ ئىككىسى مېنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن
چىقتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بىز ئۇنچىۋالا ئەدەب - قا-
ئىدە بىلەن سالاملىشىپ كەتمەيتتۇق، بۇ قېتىم ئۇلار مې-
نىڭ كېسەل ئىكەنلىكىمنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ئادەت-
تىن تاشقىرى قىزغىن كۈتۈپ كەتتى.

ئۈچىمىز بىللە مېھمانخانىغا كىردۇق، خىزمەتچى-
لەر چاينى تەييارلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۈچىمىز بىر
ئۇزۇن ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. مەن ئىككىسىنىڭ
روھى كەيپىياتىغا ئالاھىدە سەپسالدىم: ئۇلاردا ئا-

دەتتىكى يەڭگىللىك ۋە يۇمۇرلۇق كۆرۈنسىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرخىل خاتىرجەملىك بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى سالامەتلىك ئەھۋالىمنى سورىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا ئۆيۈمگە ئاتايىن كېلىپ مېنى يوقلىغانىدى. شۇڭا، مەن ئەخمەتجان قاسىمى مېنىڭ جىددىيلىك كەيپىياتىمنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئەتەي مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم ھەمدە ئۇ ھازىرقى ۋە كېلەچەكتىكى تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى چارىمىزنى ئاللىقاچان تەييارلاپ بولدى، دەپ پەرەز قىلدىم. مۇشۇنداق ئوي بولغانلىقتىن، مېنىڭ روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىكىم ئاستا - ئاستا پەسىيىپ قالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، سۆزىنى يىغىنچاقلاپ: «ھازىر ئۇ يەردىكى ۋەقەلەر ماجىرا، توقۇنۇش بولماستىن، ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلق قوزغىلىڭى بولۇپ قالدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق ئۆزىنىڭ پارتىزانلىرىنى تەشكىللىدى. پارتىزانلار بۈگۈن سىڭگىم ئېغىزىدىكى گومىنداڭ ھەربىي لاگېرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر بار» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا ئابدۇكېرىم: «ھېلى مەن بۇياققا ماڭغاندا، ليۇمېڭچۈن ماڭا: سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ‹توپىلاڭچىلار› 6000 كىشىدىن ئاشىدۇ دېگەنىدى، مەن: ليۇمىڭشۇجاڭ، سىز ھەربىيدە ئىشلىمىگەن بولسىڭىزمۇ، ئاددىي ھەربىي ساۋاتنى بىلمەي قالمايدىغانسىز؟

سىلەرنىڭ قىسىمىڭلارنىڭ شتاتى بويىچە ئېلىپ ئېيتقانـ
دا، 6000 كىشى بىرقانچە پولك ئەسكەر كۈچى دېگەن
گەپ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ كېپىڭىزگە ئىشىنەمسىز؟ دېـ
دىم» دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى: «ئۇلارنىڭ پارتىزانلارنىڭ ئا-
دەم سانىنى مۇبالىغە قىلىشتىكى مەقسىتى — ئۆزىنىڭ قول
ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى مەغلۇبىيەت جاۋابكارلىقىدىن قۇ-
تۇلدۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەگەر ئۇلارنىڭ قول
ئاستىدىكى ئەسكەرلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغان بولسا،
بەلكى ئۇلار پارتىزانلارنىڭ ئادەم سانىنى 10 مىڭ كىشى،
ھەتتا بىرقانچە ئون مىڭ كىشى قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمـ
كىن» دېدى.

ئابدۇكېرىم: «ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى يەنە
بىر مەقسىتى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، كىشـ
لەرنى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بېتىمنى تەلـ
تۆكۈس يىرتىپ تاشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭدا فاشىزملىق ھۆ-
كۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارـ
تىشتىن ئىبارەت» دېدى.

ئۇ كۈنى، بىز ئاساسىي زېھنىمىزنى تۇرپان، پىچان،
توقسۇن قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر قاتار مەـ
سىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىشقا
سەرپ قىلدۇق، ھەممىمىز ئۆز ئوي - پىكىرلىرىمىزنى توغـ
را، تولۇق ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. ئاخىردا ئەخمەتجان
بىلەن مەن ئابدۇكېرىمنىڭ پىكرىگە بىردەك قوشۇلدۇق:
يەنى تۇرپان، پىچان. توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى

قەتئىي قوللاش ھەم تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى دەرھال ئوب-
دان ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچى، ئۆزىمىزنىڭ جاماھەت پىكرى ۋاستىلى-
رىمىز ئارقىلىق، تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ قوز-
غىلىڭىنىڭ سەۋەبى ۋە ئەھۋالىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش؛
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرىنىڭ پۈتۈن توقۇنۇشنى
پەيدا قىلىشتىكى سۈيىقەستىنى پاش قىلىش.

ئىككىنچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن پارتىزانلىرى
بىلەن تېز ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە
يۈزلىنىشىنى ئىگىلەش.

ئۈچىنچى، مىللىي ئارمىيىگە ئۇرۇش ھالىتىدە تۇ-
رۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈش ۋە پارتىزانلارنى قۇتۇلدۇرۇش-
قا، كۈتۈۋېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشنى تاپىلاش.

شۇ ۋاقىتتا، گېنېرال ئىسھاقبەگ ئۇرۇمچىدە بول-
مىغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى ئۈچ مۇھىم ۋەزىپىنى ئو-
رۇنداشنى ئابدۇكېرىمگە تاپشۇردۇق.

مەن، بىزنىڭ گومىنداڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولۇ-
شىمىزنى ھېچقانداق كۈچ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى سەز-
دىم. شۇڭا مەن: «بۇ ئۈچ تەدبىرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇپ چىقار؟»
دېدىم.

ئابدۇكېرىم بىر پەس ئويلىنىپ، كەسكىن ھالدا:
«ئۇلار بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇ-
رۇشىمىز كېرەك» دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى تو-

لۇقلاپ: «مۇشۇنداقلا بولىدۇ ھەم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك» دېدى. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق بۇرۇلۇش نۇقتىسى مانا مۇشۇنداق بېكىتىلدى. مەن بىر خىل يەڭگىللىك ھېس قىلدىم - دە، دىققىتىمنىڭ مەركەزلىشىپ كېتىشى بىلەن ئىسسىپ كەتكەن بەدىنىمنى ئارام ئالدۇرماقچى بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدىلا گالستۇكۇمنى يېشىپ، ياقامنى ئېچىۋېتىپ ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا، كوچىدا چېلىنىۋاتقان يېقىملىق گارمون ئاۋازى ۋە يىگىت - قىزلارنىڭ ناخشا ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مۇشۇ ۋاقىت دەل ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ ئېسىل مەزگىلى — 7 - ئاي كۈنلىرىنىڭ كېچىسى ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي خەۋەر قىلىنغان ئىلى گېزىتلىرى ئۈرۈمچىدە ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەڭگىۋار كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. جايلاردىكى ئىلغار تەشكىلاتلار يېغىن، نامايىشلار ئۆتكۈزدى ياكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، كىشىلەرنى كۈرەشكە ئاتلىنىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. گومىنداڭ دائىرىلىرى چۆچۈپ ئالاقزادە بولۇپ، قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پايلاقچىلارنى تەرەپ - تەرەپكە چېقىرىپ، ھەدەپ بىگۇناھ خەلقنى بېسىقتۇردى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل دائىرىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشى كۈندىن-

كۆنگە چىددىيلىشىپ، ئاشكارا قوراللىق توقۇنۇشقا ئايـ
لىنىشقا باشلىدى. گومىنداڭنىڭ بىرقانچە يۈزمىڭ كىشىـ
لىك ھەربىي قىسىملىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىـ
دىكى بىرقانچە مۇداپىئەسىز شەھەردە خەلقنىڭ مۇھاسىـ
رىسى ئىچىدە قالدى ۋە ئاخىر ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا
چاپتى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تۇرـ
پان، پىچان، توقسۇن پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ،
ئۇلارنىڭ قورۇلمىسىنى ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئىگىلىدى.
پارتىزانلارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى 300 كىشىدىن ئاشـ
قان بولۇپ، ئۇلارغا ئابدۇراخمان مۇھىتى رەھبەرلىك قىلـ
غانىكەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەكلىپى بويىچە، ئۇـ
لار تەڭرىتېغىدىكى يول ئارقىلىق، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ
قاتمۇ قات توسۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى،
يۇلتۇز ئېغىزى ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە تەۋەسىگە كىرـ
دى. ئۇلارنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ۋە شۇ
جايدىكى خەلق ئاممىسى قىزغىن كۈتۈۋالدى. تۇرپان، پىـ
چان، توقسۇن خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىللەردە،
گومىنداڭ ئۇلارنى قورال كۈچى ئارقىلىق قانلىق باستۇرـ
غانىدى، پارتىزانلار بۇ ئۈچ ناھىيىدىن چېقىپ كەتكەندىن
كېيىن، گومىنداڭ يەنە نۇرغۇن ساقچىلارنى، ئىشپىيونـ
لارنى ئەۋەتىپ، ھەدەپ تۇتقۇن قىلىش، قىرغىنچىلىق قىـ
لىش ئارقىلىق قىساس ئالدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن بىـ
گۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. دېمەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرى يەنە بىر قېتىم كەچۈرگۈسىز ئېغىر جىنايەت
ئۆتكۈزدى.

## توققۇزىنچى باب

## ئەنجىلك سەپىرى

### پۇرسەت كەلدى

1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي كېڭەشنىڭ قارارىغا ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، نەنجىڭدا «مىللىي قۇرۇلتاي» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ قۇرۇلتاي دېيىلىدۇ) چاقىردى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق يەتتە نەپەر ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا بىز قۇرۇلتايغىمۇ قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتۇق، لېكىن بىزنى خۇش

قىلىدىغىنى شۇكى، ئەنجەڭدا پارتىيە مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ ۋەكىللىك ئاپپاراتى — يولداش جۇ ئېنلەي باش-
چىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەنجەڭدا
تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى بار ئىدى. بۇنى ئويلاپ رو-
ھىمىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىر-
دا ئابدۇكېرىم ئۇرۇمچىدە — ئەنۋەرخان بابانىڭ ئەن-
لىيادىكى ئۆيىدە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئەزالىرىنىڭ يىغىنىنى چا-
قىردى. يىغىن ئابدۇكېرىمگە ئەنجەڭگە بارغاندىن كېيىن،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەنجەڭدا تۇرۇشلۇق
ئىش باشقارمىسىدىكى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاشنى
تاپشۇردى.

بىرنەچچە يىلدىن بېرى، بىز ھەممە جەھەتتە
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى
بويىچە ئىشلەشكە تىرىشتۇق، شۇنداق بولسىمۇ ئاز بول-
مىغان ئەگرى - توقاي يوللارنى باستۇق، بىز جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشىشنى
دائىم ئارزۇ قىلاتتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر خىل يوللار
ئارقىلىق پارتىيىنى ئىزدىدۇق. غۇلجىدىكى ۋاقىتتا، ئاب-
دۇكېرىم، سەيپۇللايوۋ، مەن ئۈچىمىز مەسلىھەتلىشىپ،
سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلىدىن بىزنىڭ بىرنەچچە ئا-
دەمنى يەنئەنگە ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
بىلەن ئالاقە باغلىشىمىزغا ياكى پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ غۇلجىغا كادىر ئەۋەتىپ بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە

رەھبەرلىك قىلىشىنى تەكلىپ قىلىشىمىزغا ياردەم قىلى-
شىنى تەلەپ قىلغانىدۇق. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن،
ئابدۇكېرىم شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەس-
ئۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى خەنزۇ ياش ئەر-
خوتۇننى يەنئەنگە ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار كەتكەندىن كې-
يىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ يەن-
ئەنگە يېتىپ بارالمىغانلىقىنى بىلدۇق). مانا ھازىر پۇر-
سەت كەلدى. بۇنىڭغا قانداقمۇ خۇشال بولماي تۇرالاي-
مىز؟ ئابدۇكېرىمنىڭ كېيپى بويىچە ئېيتقاندا: «بىز ئانا
مېھرىدىن ئايرىلىپ قالغان باللار ئاخىر ئۆز ئانىمىزنى
تاپتۇق!» لېكىن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى قاتتىق نازا-
رەت قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، قانداق قىلىپ پارتىيە ۋەكىلى
بىلەن ئالاقە باغلىغىلى بولىدۇ، بۇ بىر مەسىلە ئىدى.
قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، پايدىلىنىشقا
بولىدىغان بىر چارە تېپىلدى: يولداش لى تەييۈنىڭ نەن-
جىڭدىكى بىرنەچچە يەر ئاستى خىزمەتچىلەر بىلەن ئا-
لاقىسى بار ئىكەن. ئۇ ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشەنچ-
لىك بىر يولداشقا ئابدۇكېرىمنىڭ نەنجىڭغا بارغاندىن
كېيىنكى ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر پارچە خەت ياز-
دى ھەمدە ئۇنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئابدۇ-
كېرىم شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يازغان
خېتىنىمۇ ئالغاچ باردى.

1946 - يىل 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەخمەتجان
قاسىمى، ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىن ئايروپلان

بىلەن شائىخەي ئارقىلىق نەنجىڭغا بېرىش ئۈچۈن يو-
روپ كەتتى.
كېيىن، ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ سەپەر ئۈستىدە ئاڭ-
لىغان - كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ: «مېنىڭ بۇ قېتىم
ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىشىم نەزەر دائىرەمنى كېڭەيت-
تى. ئايروپىلان ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇچقان-
دىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن بىرىنچى قېتىم
سەددىچىن سېپىلىنى — جۇڭخۇا مىللىتى تارىخىنىڭ ۋە
مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان دۇنياۋى مۆجىزىنى كۆر-
دۈم. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا
ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئەخمەتجان
ئاكام ماڭا: ‹سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەر، بولۇپمۇ سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئاددىي پۇقرالىرى سەددىچىننى جۇڭگو بى-
لەن تەڭ ئورۇندا قويىدۇ، ئۇلار سەددىچىن دېگەن ئۇ-
قۇمنى ئۇلۇغ جۇڭگو تېمى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىپادى-
لەيدۇ، ئەرەبلەر بولسا سەددىچىن دېگەن ئۇقۇمنى جۇڭگو
تېمى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەيدۇ› دېدى. مەن
ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەددىچىن
سېپىلى رۇس تىلى بىلەن ئەرەب تىلىدا بەك ئوبرازلىق
ئىپادىلىنىپتىكەن، سەددىچىن ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇلۇغ تام
ئىكەن، ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگونىڭ تېمى ئىكەن، دېدىم»
دېدى. مەن ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ قىسقىغىنا سۆزىدىن ئۇنىڭ
ۋەتىنىمىزدىن چوڭقۇر پەخىرلىنىدىغانلىقىنى تولۇق
چۈشەندىم.
جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئېتىبار بېرى-

دىغانلىقىنى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جياڭ چىڭگوغا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۆتۈۋېلىش، ھولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىمگە «ئېتىبار بېرىش» توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپتۇمىش. جياڭ چىڭگو ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىمگە مەلۇم دەرىجىدە دوستانىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە يېقىنلىشىپتۇ. ئەمما بۇ ھال گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىمدىن خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيتتى. شۇڭا، شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ تۇرار جايى ۋە پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا بولۇپتۇ.

ئابدۇكېرىم بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى نەنجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىش جەريانىدا، جۇڭشەنلىڭنى زىيارەت قىلىپتۇ، يۇخۇاتەينى ئېكسكۇرسىيە قىلىپتۇ. يەنە تېخى ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگەن شەرقىي شىماللىق بىر شوپۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنى ئېزىقتۇرۇۋېتىپ، تەيپىڭ تيەنگونىڭ يولباشچىسى خۇڭ شيۇچۈەننىڭ ئىلاھىي ۋاڭ ئوردىسىنى مەخپىي ئېكسكۇرسىيە قىلىپتۇ...

ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى نەنجىڭگە بېرىشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى دائىم نەستە تۇتۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىكى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئاكتىپ چارە ئىزدەپتۇ.

## مېيىۋەنگە بېرىش

1946-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى، كەچ سائەت سەككىزدە ئابدۇكېرىم ئۆزلىرى تۇرغان مېھمانخانىدىن چىقىۋاتسا، بىر كىچىك ماشىنىنىڭ شوپۇرى سەممىيەت بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئابدۇكېرىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىغا چىقىپ ئابدۇكېرىمگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، قەيەرگە بېرىشىنى سورىمايلا، ماشىنىنى ھەيدەيدۇ. ماشىنا چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ بېرىپ، كىچىكرەك بىر كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئادەم شالاڭراق بىر يەردە توختايدۇ، ئىشچى كىيىمى كىيگەن گەۋدىلىك بىر كىشى چاپسان كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ ماشىنىغا ئولتۇرىدۇ-دە، ماشىنا يەنە غۇيۇلداپ ماڭىدۇ. ئۇ كىشى ئابدۇكېرىم بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان كەسپى تۆمۈرچىلىك بولۇپ، فامىلىسى جاڭ ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى «جاڭ ئۇستام» دەپ ئاتايدىكەن. ماشىنا يەنە چوڭ كوچىغا چىقىپ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ، قوۋۇقتىن چىقىدۇ. ماشىنا ئادەم شالاڭراق يەرگە بارغاندىن كېيىن، جاڭ ئۇستام ئابدۇكېرىمگە: «تەشكىل سىزنىڭ نەنجىڭغا كەلگەنلىكىڭىزنى بىلىپ، بۈگۈن مېنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى، قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق باش-

قارىمىغا يەتكۈزىمەن» دەيدۇ. ئابدۇكېرىم: «مەن شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىمەن، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇلار بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشسەم» دەيدۇ. جاڭ ئۇستام ھېچقانداق ئىككىلەنمەي: «مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى يەتكۈزىمەن، زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇشۇ شوپۇر سىزنى ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى دۇەن تىڭيىڭ. شياۋ دۇەن دېسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەيدۇ.

ماشىنا جۇڭشەنلىڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، سولغا بۇرۇلۇپ، قېلىن دەرەخ ئارىسىدىكى يول بىلەن بىر ئاز ماڭدۇ ۋە ئايلىنىپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، يەنە جۇڭشەنلىڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، شەھەرگە قاراپ تېز ماڭدۇ. قوۋۇققا يېقىن كەلگەندە، شوپۇر ماشىنىنى غاچچىدە توختىتىدۇ، جاڭ ئۇستام ئابدۇكېرىم بىلەن خوشلىشىپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، شوپۇر ئابدۇكېرىمنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شوپۇر شياۋ دۇەن ئابدۇكېرىمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «بۈگۈن كەچتە ۋاقتىڭىز بولسا، مەن سىزنى بىر يەرگە ئاپىرىمەن» دەيدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئابدۇكېرىم باشقا ئىشلار بولۇپ چىقالمايدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى يېغىن تىياتىر ئۇرۇنلاشتۇرۇپتىكەن، ئابدۇكېرىم بىردوستۇمنى يوقلايتتىم، دەپ رۇخسەت سورايدۇ - دە، سائەت توققۇز بولغاندا، مېھمانخانىدىن

چىقىدۇ، بىر كىچىك ماشىنا مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا كۆ-
تۈپ تۇرىدۇ. ماشىنا بىر كىچىك كوچىغا كىرىپ، بىر
ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختايدۇ، شوپۇر قولى بىلەن ئاش-
خانىنى كۆرسىتىپ، ئابدۇكېرىمگە پەس ئاۋاز بىلەن:
«كىرىڭ، جاڭ ئۇستام سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ» دەيدۇ.
ئابدۇكېرىم ماشىنىدىن چۈشۈشى بىلەنلا، ماشىنا كېتىدۇ.
ئۇ ئاشخانىغا كىرسە، جاڭ ئۇستام ھېچ ئىش يوقتەك،
بىر ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇدەك. ئابدۇكېرىمنى كۆ-
رۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ يان ئىشىك تەرەپكە كېتىۋاتقۇ-
دەك، ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئاشخانىدىن
چىقسا، ئىشىك يېنىدا بىر جىپ ماشىنا تۇرۇپتۇ. جاڭ
ئۇستام ئابدۇكېرىمنى ماشىنىغا تەكلىپ قىلىدۇ، ئابدۇ-
كېرىم ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشىغىلا، ماشىنا يۈرۈپ
كېتىدۇ. ماشىنا بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتۈپ، ئاخىر بىر
دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختايدۇ، بۇ، پۈتۈن مەملىكىتى-
مىزگە داڭقى چىققان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش باشقارمىسى-
نىڭ ئورنى — مېييۈەن ئىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ماشىنى-
دىن چۈشۈشىگىلا، بىر كىشى چىقىپ ئابدۇكېرىمنى ئىچ-
كىرىگە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئانچە چوڭ بولمىغان بىر
ھويلا ئىدى. ئۇدۇلدىكى ئۆيدىن غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆ-
رۈنۈپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر كىشى
ئابدۇكېرىمنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ كىشى
جۇغى كىچىكرەك، ياش قۇرامى ئانچە چوڭ ئەمەس،
ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئابدۇكېرىم بىلەن سە-

ھەممە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ: «مېنىڭ ئېتىم توڭ شياۋ-
پېڭ» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن ئابدۇكېرىمنى
ئۆيگە باشلايدۇ. بۇ ئوتتۇرىدىن تام بىلەن بۆلۈنگەن
ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆي ئىشخانا
ھەم ياتاق ئىكەن. تاشقىرىقى ئۆي مېھمانخانا ئىكەن.
تاشقىرىقى ئۆيدە ئېگىز بويلۇق، شالاڭراق ئۇزۇن بۇرۇت-
لۇق پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدى-
غان بىر كىشى كۈلۈمسىرەپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇ كىشى ئاب-
دۇكېرىمنى كۆرۈپلا، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىز-
غىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن:
«خۇەنيىڭ، خۇەنيىڭ!» (خوش كەپسىز) دەيدۇ. توڭ
شياۋپېڭ بۇ كىشىنى ئابدۇكېرىمگە تونۇشتۇرۇپ: «بۇ
كىشى يولداش دۇڭ بىۋۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ نەنجىڭ-
دىكى ئىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى» دەيدۇ. يولداش
دۇڭ بىۋۇ سافانى كۆرسىتىپ، ئابدۇكېرىمنى ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلىدۇ. يولداش دۇڭ بىۋۇ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا
پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرمۇنچە سوئاللارنى ئوتتۇ-
رىغا قويىدۇ. ئابدۇكېرىم ھەممە سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ.
يولداش دۇڭ بىۋۇ ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، بېشىنى لىڭشى-
تىپ ئولتۇرىدۇ. ئابدۇكېرىم يولداش دۇڭ بىۋۇغا خەلق
ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سالى-
مىنى يەتكۈزىدۇ. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ
بارلىق ئەزالىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان ئېھتىرامىنى يەت-
كۈزىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش ماۋ

زېدوڭغا، يولداش جۇ دېغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزـ دۇ. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوبۇل قىلىش توغـ رىسىدىكى قارارىنى يەتكۈزىدۇ ھەمدە شىنجاڭ كوممۇنىزمـ چىلار ئىتتىپاقىغا ۋەكالىتەن مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ.

ئابدۇكېرىم ھاياجانلانغان ھالدا يولداش دۇڭ بىـ ۋۇغا: «سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالـ مەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىـ يىسى بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئۇزاقتىن بېرى تىرىـ شىپ كەلگەنىدۇق. بۈگۈن بۇ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشتى» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم ئەينى چاغدا يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھرىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسىگە جۇڭگو ۋەكىلى سۇپىتىدە ئىمزا قويغان ئۇـ لۇغ شەخسنىڭ شۇنچە چىقىشقاق، مۇلايىم ئىكەنلىكى خىـ يالىمغىمۇ كەلمىگەنىكەن، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپلا، مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىشەنچ پەيدا بولدى» دېگەنىدى.

يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىمگە سەممىيلىك بىـ لەن قارايدۇ. ئۇنىڭ ئابدۇكېرىمنى بىرىنچى قېتىم كۆـ رۈپلا كونا دوستلاردەك سەممىي كۈتۈۋالغانلىقى ئابدۇكېـ رىمنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆ-
رۈشكەن چاغدىكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ چوڭقۇر تە-
سىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن جۇڭگو كوممۇنىستى-
لىرى بىلەن، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرىي كىشىلىرى بىلەن كۆرۈ-
شۈش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ گومىنداڭدىن تامامەن پەرق قى-
لىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئىلگىرى لىن جىلۇ
قاتارلىق كوممۇنىستلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ ئا-
لىي پەزىلىتى ماڭا ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرغانىدى. ئەمە-
دىلىكتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسچى-
لىرىدىن بىرى بولغان ھەمدە ئىزچىل رەۋىشتە پارتىيە-
نىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن يولداش دۇڭ
بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ تېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇدۇم، مۇشۇن-
داق بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار بولغاچقا، بىزنىڭ جۇڭگو-
دىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.»

ئابدۇكېرىم دۇڭ ئاقساقالغا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان
بىزنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىمىزدە بېسىپ ئۆتۈلگەن
ئەگرى - توقاي يوللارنى سۆزلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلا-
بىي كۈرىشىنىڭ غالىبىيەت قازىنالمايدىغانلىقىدەك ھەق-
قەتنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئا-
خىردا، دۇڭ ئاقساقالغا تۆۋەندىكى ئۈچ تەلەپنى قويىدۇ:

بىرىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئىنقى-
لابىي پارتىيىسىنى ئۆزىنىڭ قارمىقىدىكى بىر تەشكىلات
سۈپىتىدە قوبۇل قىلسا؛

ئىككىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر نەچچە رەھبىرىي كادىر ئەۋەتىپ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلسا؛

ئۈچىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن دائىم ئالاقە باغلاپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، شىنجاڭغا بىر نەپەر رادىئوتېلېگراف تېخنىكا كادىرى ۋە راتسىيە ئەۋەتىپ بەرسە، كادىر ئەۋەتىپ بەرسە.

ئابدۇكېرىم سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، دۇڭ ئاقساقال بىر ئاز ئويلىنىپ: «سىز ئېيتقان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى بەك مۇھىم، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىشىمىزگە خېلى ياردىمى بار، سىز ئاخىردا ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تەلەپنىڭ ھەممىسى مۇھىم مەسىلىلەر، مەن ئۆز ئالدىمغا جاۋاب بېرەلمەيمەن، مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن سىزگە رەسمىي جاۋاب بېرەي» دەيدۇ.

شۇ كۈندىكى سۆھبەت ئىككى سائەتتەك داۋام قىلىدۇ. يولداش تۇڭ شياۋپىڭ چىقىپ-كىرىپ يۈرۈپ سۆھبەتكە ئارىلاپ قاتنىشىدۇ. سۆھبەت ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر كىشى كىرىدۇ، يولداش تۇڭ شياۋپىڭ ئۇ كىشىنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ يولداش چۈي نەنچاڭ، ئىش باشقارمىسى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى» دەيدۇ. يولداش چۈي نەنچاڭ بىر ئاز ئولتۇرۇپ، ئابدۇكېرىمنىڭ ھېلىقى تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چىقىپ كېتىدۇ.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم خوش-

ىلىشىدۇ، دۇڭ بىۋۇ، تۇڭ شياۋپىڭ، چېۋيى نەنچاڭ يولداشلار دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدۇ.

يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ قېتىم زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، دەرھال يەنئەنگە تېلېگراممىا يوللايدۇ، تېلېگراممىدا:

«‹مىللىي قۇرۇلتاي› نىڭ شىنجاڭلىق ۋەكىلى ئابدۇكېرىم، فامىلىسى ئابباسوۋ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ، سابىق غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى باشلىقلىرىنىڭ بىرى، ئۇ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، شىنجاڭدا بولتۇر كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلغانىكەن، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئازاد رايونلىرىدا ئاشكارا، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا مەخپىي ئىكەن، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋاستىلىك ئەزا دەپ ھېسابلىغاندا 15 مىڭ ئەزاسى بار ئىكەن» دەپ يېزىلىپ، ئابدۇكېرىمنىڭ تەلەپلىرىنىڭ داۋامىغا تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنغان:

— پارتىيىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغان؛

— مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 11 نەپەر رەھبىرىنىڭ پارتىيىمىزگە قوبۇل قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان؛

— شىنجاڭغا خىزمەتچى ئەۋەتىپ بېرىشىمىز تەلەپ قىلىنغان؛

— ئالاقە ئورنىتىش تەلەپ قىلىنغان؛

— پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە قارىتا ئېنىق يوليورۇق بېرىشى تەلەپ قىلىنغان؛

تېلېگراممىدا يەنە مۇنداق يېزىلغان: مەن ئۇنىڭغا

ئۈچ تۈرلۈك جاۋاب بەردىم، ئۇلار:

(1) مەركىزىي كومىتېتتىن يولىيورۇق سورايمەن؛

(2) ئادەم ئەۋەتەلمەيمىز؛

(3) يەنئەن بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ چارىسى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ باقاق بولىدۇ.

تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا: «مۇۋاپىقمۇ — يوق، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇق بېرىشىنى سورايمەن» دەپ يېزىلىپ، مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «ئابدۇكېرىم يولداش لىن جىلۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن، شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتقان يولداشلاردىن بەزىلىرى ئۇنى بىلىدىكەن.»

تېلېگراممىا يوللانغان ۋاقىت: 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

يەنئەندىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ تېلېگراممىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن شۇ كۈنىلا يولداش جۇ ئېنلەي ئۆز قولى بىلەن جاۋاب تېلېگرامما يازغان، ئۇنى يولداش ليۇ شاۋچى تەستىقلىغان، جاۋاب تېلېگراممىنىڭ بېشىغا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«تېلېگراممىدىن ۋاقىپ بولدۇق، ئا (ئابدۇكېرىم) يولداشتىن مۇنۇلارنى سوراپ ئېنىقلاشنى ئۈمىد قىلىمىز: شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى؛ ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىنىڭ كونكرېت تەشەببۇسى؛ يولداش ئا بىر خىزمەتچىنى بىللە شىنجاڭغا ئاپىرىپ، يەنئەن بىلەن رادىئو ئارقىلىق ئالاقە باغلىيالامدۇ — يوق، ئەگەر بولىدىغان بولسا، بىر يولداشنى ئەۋەتسەك بولىدۇ».

تېلېگراممىدا يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ ئابدۇكېرىمگە تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى چاكارلىشى تەلەپ قىلىنغان(ئومۇمي مەزمۇنى):

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرىنچى قەدەمدە مەزكۇر تەشكىلات بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايدۇ؛

— ئەۋەتىلىدىغان ۋەكىلنىڭ ۋەزىپىسى ئالاقىلىشىش ۋە كۆزىتىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ؛

— مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 11 نەپەر رەھبىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى ئالىمىز؛

— خىزمەتچى ئەۋەتىشنى شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئەھۋالى ۋە قاتناش شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك.

تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى، پارتىيە نىزامنامىسىنى، ليۇ شاۋچىنىڭ دوكلاتىنى ۋە بېسىپ تارقىتىلغان باشقا ھۆججەتلەرنى ئابدۇكېرىمگە بېرىش تەلەپ قىلىنغان ھەمدە ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ ئەسەرلەرنى شىنجاڭغا ئاپىرىپ ئۇيغۇرچىغا، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشى ئۈمىد قىلىنغان.

1946 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچ سائەت ئونلاردا، ئابدۇكېرىم دۇڭ ئاقساقالنىڭ چاقىرتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، يوشۇرۇنچە مېيىۋەنگە باردى. دۇڭ ئاقساقال مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى.

دۇڭ ئاقسا قال: «سىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى تەنۇشتۇرۇشىڭىزنى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىڭىزنى مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلدىم. مەركىزىي كومىتېت سىزنىڭ كېلىشىڭىزگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، سىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىڭىزنى ئىخلاس بىلەن مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە مېنى مۇزاكىرىنىڭ نەتىجىسىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بۇمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىزگە بەرگەن جاۋابى» دەيدۇ.

دۇڭ ئاقسا قال: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن ئاۋۋال دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايدۇ» دەيدۇ. سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇكېرىم دۇڭ ئاقسا قالنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋېتىپ: «بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئىسمى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى، ئۇ غۇلجىدا قۇرۇلۇپ ئاۋۋال ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە، كېيىنچە ئۈرۈمچىدە ۋە شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى باشقا جايلىرىدا پەيدىنپەي مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى، ئۇنىڭ 15 مىڭ ئەزاسى بار. ئۈرۈمچىدە يەنە بىر يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات بار. ئۇنىڭ ئىسمى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى. ئالدىنقى قېتىم مەن سىزگە بەرگەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يېزىلغان خەت شۇ ئىتتىپاقنىڭ ئالغاچ كېتىشىمگە تاپشۇرغان خېتى ئىدى. بىزنىڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىمىز بىلەن شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى ۋە كۈرەش نىشانىسى بىر بولغاچقا، بۇ ئىككى تەشكىلات ئۈرۈمچىدە

ئۆزئارا زىچ ماسلىشىپ، مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلمىغاقتا. بىز مۇۋاپىق پەيتتە بۇ ئىككى تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرمەكچى بولۇۋاتىمىز» دەپ چۈشەندۇرۇش بېرىدۇ.

دۇك ئاقساقال ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ دەرھاللا: «ھە، توغرا، توغرا. ئۆتكەن قېتىم ئېيتقانىدىڭىز، بىراق مەن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئىككىسىنى بىرتەشكىلات دەپ قاپتىمەن» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم: «تىلدىن چەكلىنىپ قالغان بولسام كېرەك. ئالدىنقى قېتىم ئېنىق دېمىگەن ئوخشايمەن...» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم كېيىنى تۈگىتىپ بولغۇچىلا، دۇك ئاقساقال: «ياق، ياق، سىز خەنزۇچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز. ئۆتكەن قېتىم قىلغان سۆزىڭىزنى تولۇق چۈشەنگەنىدىم، بۇ قېتىم بۇ ئىككى تەشكىلاتنى بىر تەشكىلات دەپتىمەن. بۇنى مەركىزىي كومىتېتقا ئېنىق ئۇقتۇرۇپ قويىمەن» دەيدۇ.

دۇك ئاقساقالنىڭ كەمتەر، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان ئېسىل ئىستىلى ئابدۇكېرىمنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. ئابدۇكېرىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەھۋالنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ، قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى، مەن ئىزاھلىمىسامۇ بولاتتى، ئازراقلا سۆز قىستۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، يولداش دۇك بىۋۇ بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ كەتتى. بۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغانىدىم. مەن خىجىل بولۇپ قالدىم ھەم ئىچىمدە نېمىشقىمۇ دېگەن

دېمەن دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم، بىراق يولداش دۇڭ
بىۋۇنىڭ ئىبىل ئىستىلىدىن كوممۇنىستلارنىڭ ھەقـ
قەتەنمۇ باشقا ئىنقىلابچىلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھە-
قىقىي تونۇدۇم. ئۇلار راستىنلا سەممىي ئادەملەر ئىكەن».

دۇڭ ئاقساقال جاۋابىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق
دەيدۇ: «بىرىنچى قەدەمدە سىلەرنىڭ خەلق ئىنقىلابىي
پارتىيىڭلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىمىز،
كېيىن يەنە ئەھۋالغا قاراپ بىر نىمە دېيىشەرمىز.
سىلەرنىڭ پارتىيىڭلار رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ، بار-
لىق ئىلغار تەشكىلاتلار ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىـ
پاقلىشىپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. بىرلەشتۈ-
رۈشكە بولىدىغان تەشكىلاتلارنى مەسلىھەتلىشىپ بىرلەشـ
تۈرۈڭلار، بۇنداق قىلىش كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ
ئوبدان كۈرەش قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. تەشكىلاتنىڭ
ئىسمىغا كەلسەك، شىنجاڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى،
ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىـ
نى كۆزدە تۇتۇپ، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم بايرىقىنى
ۋە شوئارىنى ئالدىراپ ئوتتۇرىغا قويمىغان ياخشى.
بۇنى ئۆزۈڭلار ئويلىشىڭلار، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭغا
ۋەكىل ئەۋەتسە، دېگەن تەلىپىڭلارنى ئويلىشىشقا بولىـ
دۇ. ۋەكىلىمىز بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى
پەقەت ئالاقىچىلىك ۋە كۆزەتكۈچىلىك رولىنىلا ئويناشـ
تىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلىنى كېيىن بېكىـ
تەرمىز. شىنجاڭغا خىزمەتچى ئەۋەتىپ، سىلەرنىڭ خىز-
مىتىڭلارغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ھازىرچە

قىيىنچىلىق بار، كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار قىس، ئەۋەتىش ھازىرچە تەس. شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئەھۋالىغا ۋە قاتناش ئەھۋالىغا قاراپ ئويلىشايلى. سىلەرنىڭ پارتىيىڭلارنىڭ 11 نەپەر رەھبە-رىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش توغ-رىسىدىكى تەلىپىنى قارشى ئالىمىز، كونكرېت رەسمىيەت-لەرنى بىزنىڭ ئالاقىچى ۋەكىلىمىز شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېتتىن يوليورۇق سوراپ بېكىتىدۇ.»

دۇڭ ئاقساقال ئاخىردا: «سىز ئوتتۇرىغا قويغان بىر رادىست بىلەن راتسىيە توغرىسىدىكى تەلەپكە مەر-كىزىي كومىتېت پۈتۈنلەي قوشۇلدى، مېنى سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇدى. سىزنىڭ بۇ قېتىم ئادەم بىلەن راتسىيىنى ئەكىتىشكە ئامالىڭىز بارمۇ — يوق، ئەكەتەلمىسىڭىز ئادەم بىلەن راتسىيىنى سىزگە بېرىمىز» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم دۇڭ ئاقساقالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان-دىن كېيىن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ، ئەكەتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇڭ ئاقساقال: «ياخشى، بارىدىغان يولداشنى بەلگىلەپ قويدۇق، بىر ئازدىن كېيىن سىز بىلەن كۆرۈ-شىدۇ» دەيدۇ.

دۇڭ ئاقساقال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى ھەدەپ مۇستەبىتچىلىك يۈرگۈزدى، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېلىشىمىگە بۇزغۇنچى-لىق قىلىپ، ئۆزىگە يات دەپ قارىغان كىشىلەرنى

چەتكە قېقىپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى ئۆز ئالدىغا
چاقىردى، جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتى، قۇرۇلتايدا «ئاسا-
سىي قانۇن» دېگەن بىر نەرسىنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈپ،
ئۆزىنىڭ مۇستەبىتچىلىكىنى قانۇنلاشتۇرۇش، ئىچكى ئۇ-
رۇشنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىكنى قانۇنلاشتۇرۇش-
تىن ئىبارەت، بۇ، جياڭ جيېشىنىڭ خام خىيالى. قۇرۇل-
تاي ئېچىلىشىنىڭ ھارپىسىدا، يولداش جۇ ئېنلەي پار-
تىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن بايانات ئېلان
قىلىپ، «مىللىي قۇرۇلتاي» نىڭ بۆلگۈنچىلىكى ۋە ئال-
دامچىلىقىنى پاش قىلدى. گومىنداڭ، جياڭ جيېشىنىڭ
خەلقنىڭ ئارزۇسىغا قارشى قىلمىشلىرى پۈتۈن مەملى-
كەتتىكى كەڭ خەلقنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ-
لارنىڭ، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنىڭ ئىنتايىن
چوڭ غەزىپىنى قوزغىدى. مۇستەبىتچىلىككە قارشى تۇ-
رۇش، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى تەلەپ
قىلىش سادالىرى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلىدى. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى،
دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دېموك-
راتىك زاتلار بىلەن بىللە تىنچلىق - دېموكراتىيە ئۈچۈن
كۆرەش قىلىدىغان تەشەببۇسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭ-
قۇر ئورۇن ئالدى، ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن پايدىلىق،
لېكىن جياڭ جيېشى جاللاتلىق قىلىچىنى تاشلىمايدۇ، ئۇ
خەلق بىلەن ئاخىرغىچە دۈشمەنلىشىدۇ. گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئار-
قىسىدا، بۇ يىل 7 - ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت

مىقياسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. جياڭ جيېشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە تاڭغان ئۇرۇشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇرۇش باشلىنىپ كەتسىلا، ئىش جياڭ جيېشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى بولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ. ئۇرۇش ھازىر 6 - ئايغا قەدەم قويدى. ئەمما ئۆتكەن ئايدىن باشلاپ، خېلىلا ئۆزگىرىش بولدى، جياڭ جيېشى ئارمىيىسى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتتى، ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى بىزگە پايدىلىق بولماقتا». دۆڭ ئاقساقال سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئابدۇكېرىمنىڭ يەۋقۇلئاددە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قەتئىيلىك بىلەن: «بىز ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرىمىز، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرىمىز، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈۋالىمىز. بۇ كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم چوڭقۇر ئىلھام ئېلىپ، كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەھۋال كىشىنى ھەقىقەتەن ئىلھاملاندۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەسىرلەر مابەينىدە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كۈنلەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.»

دۇڭ ئاقساقال مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ مۇرەككەپ جاي، ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى، جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىلىرى بار، دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، جاھانگىرلار بۇ جايغا ھەر ۋاقىت تەلمۈرۈپ تۇرماقتا. سىلەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدىڭلار؛ پۈتۈن شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن ھەربىي قىسىملىرىنى تارتىپ تۇرۇۋاتىسىلەر؛ جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردىڭلار، سىلەر تازا ياخشى ئىش قىلدىڭلار. ئىنقىلابنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار كېرەك.»

«شىنجاڭ چېگرا رايون، قاتناش قولايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ گومىنداڭ بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ھالقىلىق پەيتكە يېتىپ كەلدى. ھازىر كادىر چىقىرىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىشىمىز قىيىن، مۇھىمى ئۆزۈڭلارغا تايىنىشىڭلار كېرەك. بۇندىن كېيىن كۆپرەك ئالاقىلىشىپ تۇرايلى. قانداق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلەر بولسا ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، قولىمىزدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمىز. كۆرەشتە، تاكتىكىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئىتتىپاقلىشىشقا مۇمكىن بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، گومىنداڭ جاھىللىرىدىن، جاھانگىرلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېگىشىپ كەتكەن ئۇنسۇرلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە دىنىنىڭ تەسى-

رىگە ئاساسەن، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم دېگەن شوئارلارنى ۋاقتىنچە ئوتتۇرىغا قويماي، كۆپرەك ئىجابىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى تەدرىجىي كۆتۈرۈش كېرەك. بۇمۇ تاكتىكا مەسىلىسى. سىلەرنىڭ كۈرىشىڭلارغا ئۇتۇق تىلەيمەن!»

ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ سۆزلەردىن كۆڭلى يورۇپ، ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇندىن كېيىن ماڭىدىغان يولنى تېخىمۇ ئوچۇق تونۇۋالدى، قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالغا ئىگە بولدى. ئۇ تەسىرلىنىپ: «سىزنىڭ جاۋابىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، مەن پارتىيىمىزنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدىم، بۇندىن كېيىنكى كۈرەش نىشانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم. سىزنىڭ جاۋابىڭىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزغا ۋە شىنجاڭ خەلقىغە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقى. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سىزنىڭ يوليورۇقىڭىزنى ئەينەن يەتكۈزىمەن، سىزنىڭ يوليورۇقلىرىڭىز بويىچە ئىشلەيمىز» دەيدۇ.

دۇڭ ئاقساقال دەرھاللا: «يوليورۇق ئەمەس، پايدىلىنىڭلار» دەپ ئىزاھلايدۇ.

سائەت ئون بىردىن ئۆتكەندە يولداش تۇڭ شياۋپېڭ بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۇ ئورۇقراق كەلگەن، روھلۇق يىگىت ئىدى.

يولداش دۇڭ بىۋۇ ئۇنىڭغا ئابدۇكېرىمنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇ كىشى ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، شىنجاڭلىق،

ئاز سانلىق مىللەت» دەيدۇ، ئاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمگە: «بۇ يىگىت بىر رادىئو ئاپپاراتىنى ئېلىپ سىز بىلەن بىللە شىنجاڭغا بارىدۇ، ئىسمى پېڭ گۇئەن» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم دەرھال پېڭ گۇئەننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بەك ياخشى بولدى، قارشى ئالىمىز! بىز بىرلىكتە جەڭ قىلىمىز، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىمىز» دەيدۇ.

يولداش دۇڭ بىۋۇ پېڭ گۇئەندىن: «ئۆزىڭىزنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەيدىغانلىقىڭىزغا قارىتا قانداق پىكرىڭىز بار؟» دەپ سورايدۇ.

«تەشكىلنىڭ قارارىغا بويسۇنىمەن» دەپ قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ يولداش پېڭ گۇئەن.

يولداش پېڭ گۇئەننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئابدۇكېرىمنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ سەمىمىي، يېقىملىق پوزىتسىيىسى ۋە قىزغىن، خۇش خۇي مىجەزىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن، كېيىن بىللە ئىشلەش جەريانىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان، ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ھۆرمەتكە ئىگە يولداشلاردىن بىرى بولۇپ قالغان.

تۈن يېرىم بولغاندا، ئابدۇكېرىم مېھمانخانىغا قايتىدۇ، ئۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ئۇخلىيالماي، ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ياتىدۇ.

«قۇرۇلتاي» داۋام قىلماقتا. «قۇرۇلتاي» ۋەكىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كومىنداڭ جاھىللىرى، جياڭ جيېشىنىڭ سادىق مۇرىتلىرى ياكى جياڭ جيېشىغا سې-

ئىلغانلار ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ رېژىسسورلۇقىدا قىزىق ئويۇنلار ئۈزلۈكسىز ئوينىلىپ تۇردى. گومىنداڭغا ۋە جياڭ جيېشىغا ئوقۇلغان مەدھىيە سادالىرى، كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە ئىلغار زاتلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان تىل - ھاقارەتلەر، چۇقان، شاۋقۇنلار قۇلاققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، بىرمۇنچە «ۋەكىللەر» كېچىلىرى قىمارخانا، پاھىشىخانىلاردا ئويناپ، كۈندۈزى ئۇخلايتتى. بىرمۇنچە «ۋەكىللەر» گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى ھەم پايلاقچىلىرى ئىدى. ئۇلار ئىلغار زاتلار ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز نازارەت قىلىپ تۇراتتى ياكى ئۇلارغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەھدىت سالاتتى... ھېچنېمىگە ئوخشىمىغان بۇ يىغىن پۈتۈنلەي قارىغۇ تۈتەكتىنلا ئىبارەت ئىدى. مانا بۇ، گومىنداڭنىڭ ئاتالمىش قۇرۇلتىيى ئىدى.

قۇرۇلتايدىن ئاللىقاچان زېرىككەن ئابدۇكېرىم دۇڭ ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، داۋاملىق قاتنىشىشقا بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلىدۇ. ئۇ، ئەخمەتجان قاسىمىغا ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش تەسىراتتا بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، قۇرۇلتايغا بايقۇت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، سىرتقى جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش توغرىسىدا جياڭ جىڭگوغا بىرلىشىپ تەلەپ قويماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى دەرھاللا كۆپچىلىك ئاز سانلىق مىللەت ۋە-

كىلىلىرىنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئىگە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن، سىرتقى جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش توغرىسىدا جياڭ جىڭگوغا رەسمىي تەلەپ قويىدۇ. جياڭ جىڭگو قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئالاھىدە مەخسۇس ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بېيپىڭ، تيەنجىن، چىڭداۋ قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ ھەم ئۇلار بارغان جايلارغا «ئالاھىدە ئېتىبار بېرىڭلار» دەپ كۆرسەتمە بېرىدۇ. ھەر بىر جايغا بارغاندا، شۇ جاينىڭ ئەمەلدارلىرى كۈتۈۋېلىپ، كاتتا زىياپەت، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. گومىنداڭ، جياڭ جېيشىنىڭ «ئۇلۇغ سىياسىي نەتىجىلىرى» نى ھەدەپ تەشۋىق قىلىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئابدۇكېرىم ئىچىدە: بىزنى سېتىۋالماقچى، بۇ پۈتۈنلەي خام خىيال، دەپ ئويلايدۇ.

1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئېكسكۇرسىيەدىن قايتىپ نەنجىڭغا كېلىدۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئابدۇكېرىم يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشىدۇ، دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىمدىن سىرتقى جايلاردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ۋە ئالغان تەسىراتىنى سورايدۇ. ئابدۇكېرىم جياڭ جىڭگونىڭ ئۆزلىرىنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ھەرقايسى جايلارغا ئاپارغانلىقىنى ھەم ھەرقايسى جايلارنىڭ «ئالاھىدە ئېتىبار» بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئابدۇكېرىم مۇنداق دەيدۇ: «مەن جۇڭگو تارىخىغا بەكمۇ قىزىقاتتىم، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرقانچە مىڭ يىلدىن

بۇيانقى تارىخنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندىم،
مەن جۇڭگولۇق بولغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن. بېيپىڭ
ئەنئەنىۋى، تارىخىي مەشھۇر شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن
مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى. شاڭخەي، تيەنجىن،
چىڭداۋ شەھەرلىرى بەك گۈزەل، پاكىز شەھەرلەر ئىكەن،
بۇ شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكـ
لەرگە ئىگە ئىكەن. لېكىن بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى،
مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئىزلىرى ھەممە يەردە كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ. چەت ئەللەرنىڭ ئىجارىگە ئېلىۋالغان جايلىرى
بەك جىق ئىكەن، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چەت ئەل
سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى، چەت ئەللىكلەرنىڭ تاماشاـ
گاھلىرى بار ئىكەن، ئۇلار خالىغىنىنى قىلىدىكەن. جۇڭـ
گولۇقلارنى چوشقا، ئىتتىنمۇ بەتتەر كۆرىدىكەن... مۇشۇنـ
داق قەبىھ ئەھۋاللار مېنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە بولغان
ئۆچمەنلىكىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.»

ئابدۇكېرىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق
دەيدۇ: «ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، بىزنىڭ ۋەكىلـ
لىرىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى تېـ
خىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرلىك ئىدىيىـ
سى كۈچەيدى؛ يەنە بىر ياقتىن، ئۇلار خەلقىمىزنىڭ نامـ
رات ئىكەنلىكىنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى،
يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەينەن
قىياپىتىنى ئېنىق كۆردى. ئۇلارنىڭ جاھانگىرلىككە،
مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسى تېـ
خىمۇ كۈچەيدى. بۇ بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنىڭ قۇرۇلتايغا

قاتنىشىش جەرياندىكى ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»

يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قەتئىيلىك بىلەن دەيدۇ: «جۇڭگونىڭ يېڭى فېئوداللىق، يېڭى مۇستەملىكىلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى. جۇڭگو ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۈچ چوڭ تاغ ئاستىدا زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ كەلگەن. ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغۇچە، جۇڭگو تەلتۆكۈس ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، سىلەرنىڭ شىنجاڭدا ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

شۇندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم يولداش پېڭ گوڭنىڭ ئەھۋالىنى ۋە راتسىيىنى قانداق قىلىپ شىنجاڭغا ئاپىرىش توغرىسىدا يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن مۇزاكىرىلىشىدۇ. بۇ ئىشنى پەم بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم دۇڭ بىۋۇغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ: «پېڭ گوڭنىڭ ئىسمىنى ۋاڭ ئەندى دەپ ئۆزگەرتەيلى، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇملۇي سۇشىننىڭ ئىككىنچى ئاچىسىنىڭ ئېرىنىڭ ئىنىسى بولسۇن (لۇي سۇشىننىڭ دادىسى چىڭداۋلىق ئىدى)، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن مەن بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا بارماقچى بولۇپ، نەنجىڭغا كەلگەن بولسۇن.»

دۇڭ ئاقسا قال مەمنۇن بولغان ھالدا: «مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئوبدان بولىدۇ» دەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنلا: «يولداش ۋاڭ ئەندى شىنجاڭغا بارسا، تۇرمۇش

جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىپ قالارمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

ئابدۇكېرىم: «چاتاق يوق. شىنجاڭ خەلقى مېھمان-دوست خەلق» دەيدۇ. دۇڭ ئاقساقال بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم ۋاڭ ئەندىگە: «بىز ھەم يولداش، ھەم دوست بولدۇق. بىز بىرلىكتە جەڭ قىلىمىز. پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇڭ، يولداش لاۋۋاڭ» دەيدۇ.

ۋاڭ ئەندى خۇشاللىق بىلەن: «مەن تەشكىلنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، سىلەرگە بارلىق كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلىمەن. تۇرمۇشۇم توغرىسىدا ئارتۇقچە ئويلىنىپ كەتمەڭ، تېزلىكتىلا ئۆزلىشىپ كېتىمەن» دەيدۇ.

ئاخىردا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىشىپ كېلىشكىنى بويىچە، شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ قايتماقچى بولۇۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ۋاڭ ئەندى ھازىرچە بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كۈتۈپ تۇرۇلىدىغان بولىدۇ، بۇ ۋەزىپە چوي نەنچاڭغا تاپشۇرۇلىدۇ.

ئابدۇكېرىم دۇڭ ئاقساقال بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. دۇڭ ئاقساقال ئابدۇكېرىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ سەمىمىي ھالدا: «سىزگە ئاقيول تىلەيمەن، شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن؛ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرىگە مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. ئانچە ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە، بىز يېڭى جۇڭگونىڭ پايتەختىدە كۆرۈشەيلى» دەيدۇ.

ئابدۇكېرىم قاتتىق تەسىرلىنىدۇ ۋە ھاياجانلىنىپ،

كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى ۋە: «چوقۇم...» دېگەن سۆزنىلا ئېيتىپ، قالغان گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

دۇك ئاقساقال ئابدۇكېرىمنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلىشىپ قول ئېلىشىدۇ.

## شىنجاڭغا قايتىش

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەچ سائەت ئوندا بىر كىچىك ماشىنا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ماشىنا توختاش بىلەنلا، ئىشىكتىن ئىككى ئادەم چىقىپ كېلىدۇ. بىرىنىڭ قولىدا بىر دانە چامادان، يەنە بىرىنىڭ قولىدا بىر بوغچا بار ئىدى. ئۇلار ماشىنا ئالدىغا كېلىدۇ. ھېلىقى چامادان كۆتۈرگەن كىشى بوغچا كۆتۈرگەن كىشىنى ماشىنىغا چىقىشقا ئىشارەت قىلىدۇ. ئالدىنقىسى ۋاڭ ئەنىدى، كېيىنكىسى چۇي ئەنچاڭ ئىدى. يەر ئاستى خىزمىتىگە كۆنۈپ كەتكەن شوپۇر يولداش شياۋ دۈەن پىلان بويىچە، ئەتەي بىرقانچە كوچىدىن ئايلىنىپ، ئاخىر ماشىنىنى ئەنلۇي دېگەن بىر ئادەتتىكى سارايىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپ توختىتىدۇ. لاۋۋاڭ زاكاز قىلىنغان ئۆيگە كىرىپ، ئالاقىچىنىڭ كېلىپ ئۆزىنى ئەكىتىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

لاۋۋاڭ مېھمانخانىدا ئىككى كۈن كۈتىدۇ، 1 - ئاي-نىڭ 11 - كۈنى بىر ئالاقچى كېلىپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭغا ماڭىدىغان ۋاقىتنىڭ 11 - چېسلادىن 12 - چېسلاغا كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى، ئەسلىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە ئۇنى ئەكەتمەكچى بولغان ئايدۇكېرىمنىڭ ھازىر كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ چامادىنىنى ئايدۇكېرىمنىڭ تۇرغان جايىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭغا 12 - چېسلا خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ قويۇپ، چامادانىنى ئەكېتىدۇ.

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تاڭ سەھەردە بىر ماشىنا مېھمانخانىغا كېلىپ، لاۋ ۋاڭنى ئايرودرومغا ئاچىقىدۇ. لاۋ ۋاڭ يېتىپ بارغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئايدۇكېرىم ۋەباشقا ۋەكىللەر ئايروپىلانغا چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئايدۇكېرىم ھېلىقى چامادانىنى كۆتۈرۈپ يېنىدا تۇرغان يەنە بىر كىشى بىلەن دەرھال لاۋ ۋاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى كۈتۈۋالىدۇ، ئاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋەباشقا ۋەكىللەرگە: «بۇ كىشى خوتۇنۇمنىڭ تۇغقىنى ۋاڭ ئەندى بولىدۇ» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ۋاڭ ئەندى ئۇلار بىلەن بىر - بىر-لەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، ۋەكىللەر ئايروپىلانغا چىقىدۇ. ئايروپىلان زىۋۇدىت قىلىنىدۇ. جياڭ جېڭگو باشچىلىقىدىكى ئۆزىتىشقا چىققان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى قولىنى كۆتۈرۈپ خوشلىشىدۇ، ئايروپىلان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، پەرۋاز قىلغان پېتى غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ كېتىدۇ.

1947-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار رادىئو تېلېگرامما ئارقىلىق جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىشكە باشلايدۇ. 1947-يىلى 8-ئايدا، گومىنداڭ تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئەندى راتسىيىنى ئېلىپ ئابدۇكېرىملەر بىلەن بىللە غۇلجىغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن كېتىپ قالغان بولۇپ، ئارىلىق بەك يىراق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە راتسىيە كىچىك بولغانلىقتىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. راتسىيە رادىئوغا ئۆزگەرتىلىپ، ھەر كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرى قوبۇل قىلىنىپ، گېزىتكە بېسىلىپ تۇرىدۇ.

# ئونىنچى باب

## قەيسەر ئىنقىلابىي جەڭچى

### بايرىقى روشەن

1947 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئابدۇكېرىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىك ۋەزىيەتتىن ئېنىق خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم ۋەزىيەت توغرىسىدا كۆپ توختالماي، سۆزنى توغرىدىن توغرىلا تەدبىر جەھەتتىن باشلىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «ھازىر بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بىرلىشىشىمىزنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمايلا قالماستىن، بەلكىم زۆرۈرىيىتىمۇ قالمىدى. ئادا - جۇدا بولۇش ئېنىق بولۇپ قالدى.»

ئۇنىڭ «ئىمكانىيەت قالمىدى» دېگىنىدە، گەپنى

داڭ جاھىللىرىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئوسمان ۋە مەسئۇتلارنى ئىشقا سېلىپ، تىنچلىق بېتىمىگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان؛ ئۇنىڭ «زورۇر بىيتىمۇ قالمىدى» دېگىنىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىز ئۇمۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكتىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تەلتۆكۈس گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

يىغىندا سۆز قىلغان يولداشلار گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش توغرىسىدىكى تەكلىپكە بىردەك قوشۇلدى. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى بۇ قارارغا قوشۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئىجرا قىلىندى. بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى، شۇنىڭدەك مەسئۇل تارماقلاردا ئىشلەۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت مەسئۇل كادىرلىرى ئىككىنچى كۈنى «ئۈرۈمچىدىن كېتىشكە تەييارلىنىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى.

8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى تۇغقان يوقلاش، كاماندىروپكىغا چىقىش ياكى دەم ئېلىش نامى بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتتى، بۇ مەزگىلدە غۇلجىغا بارغانلار ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي، سىياسىي كادىرلىرىدىن باشقا، قالغان يەتتە ۋىلايەتنىڭ سەنىيلىرى ۋە ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئىلغار كىشىلىرىمۇ بار. ئۇلار ئىچىدە، شۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى چېن شىخۇا، لى تەييۈ، خې رۇي، فەن يىنجۇڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم خەن-

بۇ ياش ئىلغار زىيالىيلارنىڭ غۇلجىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ
دىققىتىنى قوزغىدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرى
بىلەن ئادا - جۇدا بولغانلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكى تېزلا خەلقى
ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاندى. ئەخمەتجان قاسىمى
مۇخبىرلارغا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ
بۇ كەسكىن تەدبىرنى قوللانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تەپسى-
لىي چۈشەندۈردى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بۇ ھەرىكىتى
جامائەتچىلىكنىڭ قەتئىي قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە
ئېرىشتى.

ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزگىللەردە
كىشىلەر مەسىلىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ
قالماستىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي خاھىشىغا
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. سىياسىي ۋەزىيەت ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ مەيدانىنى
تېزرەك ئېنىق ئىپادىلىشىنى تەلەپ قىلدى، ئەخمەتجان
قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت
رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر بۇ خىزمەتنىڭ جىددىيلىكىنى
ۋە تەخىرسىزلىكىنى پۈتۈنلەي سەزدى. قايتا - قاي-
تا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، بۇ مۇھىم ۋەزىپە ئابدۇ-
كېرىمگە يۈكلەندى. بۇ باش كۈز پەسلى ئىدى. ئابدۇكې-
رىمنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، بىر خىزمەت بەنزىسى
ئىخلاس بىلەن، كەسكىن، جىددىي خىزمەت ئىشلەش

ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر ھۆججەت تەييارلاپ
چىقتى، بۇ ھۆججەتتە ۋەزىيەت ئەتراپلىق مۆلچەرلەنگەن
ھەم تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى توغرىسىدا كونكرېت تەسەۋ-
ۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى
مۇنۇلاردىن ئىبارەت: جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى
ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىغا كىردى؛ جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموك-
راتىك ئىنقىلاب پۈتۈن جۇڭگودا چوقۇم ئومۇميۈزلۈك غالى-
بىيەت قازىنىدۇ؛ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمرانلىقى چوقۇم تەلتۆكۈس گۇمران بولىدۇ. بۇنداق
تارىخىي شارائىت ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ: بىرىن-
چىدىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشتىن ئىبا-
رەت سىياسىي شوئارنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشى كې-
رەك؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب
ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، كېلەچەكتە سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلىشى
كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، يۇقىرىقى ئىككى نۇقتىنى نىشان
قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھەرجەھەتتىكى مۇناسىۋەت-
لەرنى ئاكتىپ تەڭشەپ، بولۇپمۇ مىللىي مۇناسىۋەتنى
تەڭشەپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغانلىكى كۈچلەر بىلەن
ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت
ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگى-
رىلىگەن ھالدا مۇقىملاشتۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن
شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن

مەملىكىتىمىزنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پائال تەييارلىق كۆرۈش كېرەك.

تەدبىرنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىقى بىلەن تەلتۆكۈس ئادا - جۇدا بولۇپلا قالماي، بەلكى گومىنداڭنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىمۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى چوڭ سىياسىي نىشانى قىلغانلىقى ئىپادىلەنگەن. تەدبىرنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ جاهانگىرلار ۋە پانتۈركىزمچىلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاشتەك رەزىل سۈيىقەستىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى، هازىرمۇ، كېلەچەكتىمۇ ۋەتەن تېررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. تەدبىرنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئىلىخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ پانئىسلامىزملىق ئىدىيىسىنىڭ قالدۇق زەهەرلىرىنى تازىلايدىغانلىقى، مىللىي مۇناسىۋەتتە، بولۇپمۇ خەنزۇ ئاهالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى قەتئىي تۈزىتىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سالاهىيىتى بىلەن گېنېرال ئىساقبەگنىڭ ئۆيىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىردى. بۇ يىغىن ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى خىزمەت بەنزىسى ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەت نۇقتىلىرىنى ئىخلاس بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئاخىردا رەھبەرلىك قاتلى- مىدىكىلەرنىڭ يېڭى ئىش تەقسىماتىنى ئېلان قىلدى. ئابدۇكېرىم يۇقىرىقى سىياسەت نۇقتىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

## مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش

ئابدۇكېرىم غايەت زور قىزغىنلىق بىلەن بۇ خىز- مەتكە كىرىشىپ كەتتى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ تەشـ ۋىقات سىستېمىسىنى تولۇقلىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس يېزىقلىرىدىكى گېزىتلەردە تەشۋىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇ گېزىتلەر ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ سىياسىي مەيدانىنى تەشۋىق قىلىدىغان كۈچلۈك قورال بولۇپ قالدى. مىللىي يېزىق- تىكى بۇ گېزىتلەر جايلاردىكى ئىلغار تەشكىلاتلار ئارقى- لىق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى بۇ- لۇڭ - پۇچقاقلارغىچە، جۈملىدىن چەت - يىراق يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغىچە يوشۇرۇن تارقىتىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غالىبىيەتلىرى، ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې قاتارلىق يولداشلارنىڭ نامى مەملىكىتىمىزنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىدا كەڭ، ئىجابىي خەۋەر قىلىنىپ، قىزغىن مەدھىيىلەندى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي شوئارلار — گومىنداڭنى يوقىتىش،

كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھىمايە قىلىش، يېڭى جۇڭگونى كۈتۈۋېلىش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي شوئارلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس ۋە ئورتاق ھېسسىيات قوزغىدى.

بۇ بىر مەزگىلدە، ئابدۇكېرىمنىڭ ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەڭ چوڭ نەتىجە ھاسىل قىلغان خىزمىتى ئۇنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشىگەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى.

پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ زېيىنىنى تونۇش بىلەن ئۇنىڭ زەھىرىنى تازىلاش پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى باسقۇچ. ئالدىنقىسى، تونۇشنىڭ يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ، كېيىنكىسى بولسا، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تارىخىي مەنبەسى، كەلتۈرىدىغان پايدا - زېيىنى، ھەتتا دىنىي ھېسسىياتلار بىر مەزگىل ئېلىنغان تۈرە قاتارلىقلارنىڭ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى يولغا قويۇشىدىكى ئىجتىمائىي شارائىت بولۇپ قالغان ھەمدە مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

بىز ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم دەرھال ماڭا يېڭى بىر خىزمەت، يەنى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىدىن مىللىي مەسىلىگە ئائىت بايانلارنى رەتلەپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

ئابدۇكېرىم بۇ خىزمەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھ-

ۋالىنى تېلېفون ئارقىلىق دائىم سۈرۈشتە قىلىپ تۇرغانلىقتىن، مېنىڭ بۇ خىزمىتىمگە ياردەملىشىۋاتقان كاتىپلاردا بىر خىل جىددىيلىك پەيدا بولدى. بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئادەتتىكى مەشغۇلاتتىن تەدرىجىي ھالدا جىددىي خىزمەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئاخىر كېچىمۇ كۈندۈز ئىشلەيدىغان بولدۇق.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، كاتىپلار لېنىن ئەسەرلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئابزاس بايانىنى كۆچۈرۈۋاتقان چاغدا، ۋەدىمىز بويىچە، ئابدۇكېرىمگە تېلېفون بېرىپ، خىزمەت ئاياغلىشىپ قالغانلىقىنى دوكلات قىلدىم، بۇ چاغدا كېچە سائەت 12 بولۇپ قالغانىدى. تېلېفوننى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىگە بېرىۋىدىم، ئابدۇكېرىمنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئېلىپ: «باشلىق كەچلىك تاماق يېۋاتىدۇ» دېدى. ھەمدە تېلېفوننى مېنىڭ بېرىۋاتقانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئابدۇكېرىمگە دوكلات قىلدى.

ئابدۇكېرىم تېلېفوندا ئۆز ئادىتى بويىچە چاقچاق ئارىلاش: «قۇلىقىم ئاڭلاشقا تەييار، قېنى سۆزلەڭ سەيپىدىن ئاكا» دېدى.

مەن: «كاتىپلار ئاخىرقى بىرقانچە قۇرنى كۆچۈرۈۋاتىدۇ. سىز كەچلىك تاماقنى ئەمدى يېۋېتىپسىز، ئەتە...» دېيىشىمگىلا، ئابدۇكېرىم سۆزۈمنى ئۈزۈۋېتىپ: «ئەتىگىچە كۈتمەيلى، ھازىرلا مەن سىزگە باراي» دېدى.

مەن: «سىز تاماق يېۋاتىسىزغۇ؟ ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، دەم ئېلىشىڭىز كېرەك» دېدىم.

ئابدۇكېرىم: «ۋاقىت بويىچە، ھېسابلىغاندا، ھازىر سائەت 12 يېرىم. مەن ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىۋاتىمەن» دېدى ۋە مېنىڭ سۆزۈمنى كۈتمەيلا: «ئىشخانىڭىزدا كۆرۈشەيلى» دەپ تۇرۇپكىنى قويدى.

مەن تەخمىنەن ھېسابلاپ كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئىشخانامغا ماشىنا بىلەن كېلىش ئۈچۈن ئون مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھاپىزەتچىسى بىلەن شوپۇرنىڭ تاماق يېيىشىگە ئون مىنۇت كەتسە، ئۇ مېنىڭ ئىشخانامغا 20 مىنۇتتىن كېيىن يېتىپ كېلەلەيدۇ. شۇ بىرقانچە كۈندە كېچىمۇ كۈندۈز ئىشلەپ، مەنمۇ چارچاپ كەتكەنىدىم. 20 مىنۇت ۋاقىتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەي پايدىلىناي دېدىم-دە، بېشىمنى سافانىڭ قىرىغا قويۇپ، دەرھال ئۇيقۇغا كەتتىم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىكىنى بىلمىدىم.

بىر ۋاقىتتا ماشىنىنىڭ توختىغان ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلاپ قالدىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا، كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇيقۇلۇقتا ئابدۇكېرىمنىڭ كەلگەنلىكىنى خىرە-شىرە سەزدىم، تەسلىكتە كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ بولغۇچىلا، ئابدۇكېرىم كىرىپ يېنىمغا كېلىپ تۇرۇپتۇ، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ تامدىكى سائەتكە قارىسام، ئارانلا ئون مىنۇت ئۇخلاپتىمەن.

مەن بىرئاز ھەيران بولۇپ: «ئەجەب تېز كەپسىزغۇ؟» دەپ سورىدىم.

«ماشىنىنى ئۆزۈم ھەيدەپ كەلدىم» دېدى ئۇ

یەنە قىزىقچىلىق قىلىپ: «چىرقۇم بىر شېرىن چۈش كۆر-
گەن بولسىڭىز كېرەك».
مەن پاخپىيىپ قالغان چېچىمنى قولۇم بىلەن تۈ-
زەشتۈرۈپ، ئۆزۈمنى مەسخىرىدىن ئاقلىغاندەك: «ھازىر
شېرىن چۈشلەر ئاللىقاچان يېنىمىزغا كېلەلمەيدىغان
بولۇپ قالدى» دېدىم.
بىزنىڭ سۆزىمىز بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلەۋات-
قان كاتىپلارنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى.
مەن ئابدۇكېرىم بىلەن ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرى-
پىدە يۈزمۇ يۈز ئولتۇرغاندىن كېيىن، پاكىز كۆچۈرۈلۈپ،
رەتلىك تىكىلگەن بىر چوڭ ئۆزۈندە تۇپلىمىنى ئابدۇ-
كېرىمنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ ئىخلاس بىلەن بىرقانچە
ۋاراقنى ئوقۇپ چىقىپ، ماڭا: «سىز بىر سائەتچە ئۇخلا-
ۋېلىڭ، مەن ئوقۇي بولۇپ سىزنى ئويغىتاي» دېدى.
مەن: «كېيىنكىزگە قارىغاندا سىز ئۇخلىماي تاڭ
ئاتقۇزىدىكەنسىز - دە!» دېدىم.
ئابدۇكېرىم تامدىكى سائەتكە قاراپ، يەلكىسىنى
قىسىپ، ئامالسىزدەك قىلىپ: «تاڭ ئېتىشقا بىرنەچچە
سائەتلا ۋاقىت قاپتۇ، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىرنەچچە
سائەت ئۇيقۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى. ئەگەر
ھازىر ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۇخلايدىغان بولسام، 48 سائەت
ئۇخلىشىم مۇمكىن» دېدى.
بۇ سۆزنى ئۇ مەقسەتسىز قىلغان بولسا كېرەك،
بىراق مەن بەك تەسىرلەندىم. بىز غۇلجىغا قايتىپ كەل-
گەندىن كېيىنكى بۇ بىرقانچە ئايدىن بۇيان، ئابدۇكې-

رىم ھەمىشە ئۇدا ئون نەچچە سائەتلەپ بىر ئىدارىدىن يەنە بىر ئىدارىگە بېرىپ، تىنماي ئىشلەپ يۈردى. ئۇيقۇسىزلىقتىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەندى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئورۇقلاپ كەتكەندى.

مەن كاتىپلارنىڭ ھەممىسىنى دەم ئېلىڭلار، دەپ ياتىقىغا قايتۇرۇۋەتتىم. ئىشخانىدا ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق.

مەن: «مەن سىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇشۇپ بېرەي» دېدىم. ئۇ گەپ قىلماي، ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماتېريالنى ئوقۇشقا كىرىشتى. ئىشخانىنى جىمجىتلىق باستى، تامدىكى ئاسما سائەتنىڭ رەتلىك «تىك - تاك، تىك - تاك» قىلغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. مېنىڭ ئىشىم بولمىغاچقا، يېنىمدىكى بىرقانچە كۈن ئىلگىرى چىققان «پراۋدا» گېزىتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى كىنو - تىياتىرلار ئېلانى ستونىنى تېپىپ، موسكۋادا يېقىنقى مەزگىلدە قويۇلىدىغان كىنو ۋە ئوپېرالار توغرىسىدىكى ئېلانلارنى ئوقۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۈم.

تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئوقۇشنى ئۈشتۇمتۇت توختاتتى، بىر پەستىن كېيىن، ئۇ بىر نېمىنى ئېسىگە كەلتۈرگەندەك قىلىپ: «مەن ھازىر لېنىننىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئائىت بايانلىرىنى ئوقۇۋاتىمەن» دېدى.

«سىز نېمە دېمەكچى؟» دەپ سورىدىم مەن قو-

لۇمىدىكى ئېغىزىنى تاشلاپ قويۇپ، چۈشەنمىگەن ھالدا.

«بەزى كىشىلەر لېنىننىڭ مۇشۇ بايانى بىلەن ئۆزىنىڭ باشقا بىر خىل ئوي - پىكرىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ» دېدى ئابدۇكېرىم ئۆز ئادىتى بويىچە قولىدىكى رەڭلىك قەلەمنى ئوينىتىپ، خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ.

بۇ خىل گەپلەرنى مەن خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، لېنىننىڭ بۇ بايانىنى كۆچۈرگىچە قايتا - قايتا ئۆگەنگەنىدىم ھەمدە لېنىننىڭ باشقا بايانلىرىنىمۇ ئوقۇغانىدىم. مەن ئابدۇكېرىمگە: «روشەنكى ئۇلار لېنىننىڭ ئەسلى مەقسىتىنى قەستەن بۇرمىلىغان. لېنىننىڭ بۇ بايانى مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسىغا قارىتىلغان، خەلقئارا دائىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، بىز دەۋاتقان 〈مىللىي باراۋەرلىك〉 جۇڭگودىن ئىبارەت بىر ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي مەسىلە» دېدىم.

ئابدۇكېرىم مېنىڭ پىكرىمنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى - دە، ئۈستەلنى پاققىدە ئۇرۇۋېتىپ، روھلىنىپ: «سىزنىڭ بۇ چۈشەنچىڭىز بەكمۇ مۇھىم» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى قولى بىلەن ھېلىقى بايانلار توپلىمىنى قىزغىنلىق بىلەن پېشانىسىگە ياقتى ھەم ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «ماركسىزم - لېنىنىزمچى داھىيلارنىڭ بايانلىرى بولغاندىن كېيىن بىز ئۆزىمىزگە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى چوقۇم ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز» دېدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا، ئاسما سائەت جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن بەش قېتىم چېلىندى، ئابدۇكېرىم سائەتكە بىر قارىۋېتىپ

يۈمۈرلۈق بىلەن: «تاڭ ئاتقۇچە يەنە بىر سائەتتىن كۆپ- رەك ۋاقىت بار، بۇ بىر سائەتنى سەككىز سائەت قىلىپ بىر ئۇخلىۋالايلى، سائەت سەككىزدە، يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ نۇتۇق تېكىستىنى بىللە تەييارلايلى» دېدى.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇيقۇمىز ئېچىلىپ كەتتى، مەن سافادا ياتتىم. ئابدۇكېرىم بىر يەرگە جۇپلەنگەن ئىككى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ياتتى، بىز ئارىلاپ - ئارىلاپ پۈ- تۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزنى ئەسلەپ چىقتۇق، تاكى ئۇيۇق سۆزلۈگىچە قايسىمىز ئاۋ- ۋال ئۇخلاپ قالدۇقكىن — بىلمىدىم، پارىڭىمىز توختاپ قالدى.

سائەت يەتتە بولماستىنلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىمىزنى چالا - بۇلا يۇيۇپ، خىزمەتچىلەر ئۈس- تەلگە ئەكىلىپ قويغان چاينى ئىچىپلا قورۇدىكى ماشى- نىنىڭ قېشىغا كەلدۇق. ئابدۇكېرىمنىڭ شوپۇرى بىلەن مۇھاپىزەتچىسى ماشىنىنىڭ يېنىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار- نىڭ چىرايىدىن ئاخشام ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ سىرتقا چىققانلىقىدىن رازى بولمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئابدۇكېرىم كۈلۈمسىرىگىنىچە شوپۇر بىلەن مۇھا- پىزەتچىگە: «ياخشىمۇ سىلەر» دېدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بۇلتۇر ھەربىيگە كىرگەن «سەھرالىق ئەسكەر» بولۇپ، ئابدۇكېرىمنىڭ يېنىدا

ئىشلىگىنىگە يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغانىدى. بۇ ئەسكەرنىڭ چىرايىدىن تەرسالىق بىلەن جىددىيلىكنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش تەس ئىدى، ئۇ مۇھاپىزەتچىلىك نىزامىنى پىششىق يادلىۋالغان بولۇپ، ھەممە ئىشنى شۇ نىزام بويىچە ئىشلەشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئالدىغا بىرقەدەم مېڭىپ كېلىپ، ئابدۇكېرىمگە چاس بېرىۋېتىپ: «سالام، پولكوۋنىك! مېنىڭ، قوغداش بۆلۈمىدىكى كاپىتانىغا سىزنىڭ ئاخشام مۇھاپىزەتچى بىلەن شوپۇرنى تاشلاپ قويۇپ، ئىختىيارىڭىزچە سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىڭىزنى دوكلات قىلىپ، ئاندىن كاپىتانىنىڭ ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ماڭا چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز» دېدى.

ئابدۇكېرىم مۇھاپىزەتچىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، كۈلۈمسىرەپ: «ھازىر بىز ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا بارىمىز، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، سىزنىڭ كاپىتانىغا تېلېفون بېرىپ دوكلات قىلىشىڭىزغا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىدۇ» دېدى-دە، ماشىنىنىڭ ئالدى ئىشىكىنى ئېچىپ، مۇھاپىزەتچىسىگە «مەرھەمەت» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ، ئاندىن كېيىن، چاققانلىق بىلەن ماشىنىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ ئولتۇردى.

ئەگەر شوپۇر بىلەن مۇھاپىزەتچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا باھا بېرىشىگە توغرا كېلىدىغان بولسا، ئۇلار ھەتتا ئۇستا رەسساملارغا ئوخشاش، تېزلا ئۆز باشلىقلىرىنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ چىقالايدۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ شوپۇرى بىلەن مۇھاپىزەتچىسى، ئاشكاراسورۇنلاردىن باشقا

جايلاردا ئابدۇكېرىمنى ئەملى ۋەھەربىي ئۇنۋانى بى-
لەن چاقىرماي، ئابدۇكېرىم ئاكا دەيتتى. ئابدۇكېرىممۇ
ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە، خۇددى ئۆزىنىڭ سىرداش
دوستى بىلەن سۆزلەشكەندەك، بىۋاستە ئىككىنچى شەخ-
نىڭ بىرلىكىنى ئىشلىتەتتى. ياز كۈنلىرى بولسا، تاماق-
تىن كېيىن ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇ مۇھاپىزەتچى،
شوپۇر ۋە باشقا خىزمەتچىلەر بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى
ئۈزۈم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئېرى - بېرى ئۆتكەن ھار-
ۋا ۋە ئادەملەرنى تاماشا قىلغاچ، ھېكايە ئېيتىشىپ
ئولتۇرۇشنى ۋە ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى توغرۇلۇق پاراڭ-
لىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. قىش كۈنلىرى بولسا، خىزمەت
ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا مۇھاپىزەتچى،
شوپۇر، كاتىپلار بىلەن شامالغا دالدا بولىدىغان جايدا
ئاپتاپسىنىپ، تاماكىسىنى چېكىپ، ئوۋ ئوۋلاش، چاڭغا
تېيىلىش، مۇز توپ ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەر
ئۈستىدە ئازادە پاراڭلىشاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، بىزنىڭ
ماشىنىمىز يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قورۇسىغا
كېلىپ توختىدى. دىجورنى ئوفىتسېر بىزنى يولداش
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.
بىز بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ ئۇتۇق تېكى-
تىنى تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

چۈشتىن بۇرۇن، بىز ماركس، ئېنگېلس، لېنىن،
ستالىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلىرىنى
ھەربىر ئابزاس بويىچە ئۆگەندۇق. چۈشتىن كېيىن،

بىز نۇتۇق تېكىستىنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى ئىشلەپ چىقىشقا كىرىشتۇق. بىزنىڭ مۇزاكىرىمىز شۇنداق ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلدىكى، ھەربىر كونكرېت ئۇقۇم ئۈستىدە، قايتا - قايتا ئىزدەندۇق، بەزى مۇھىم ئابزاسلار ئۈستىدە ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۈچىمىز شۇ يەردىلا ئۆز پىكرىمىزنى يېزىپ چىقتۇق. ئاخىر ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ بېكىتتى.

10 - ئاي كىرگەندە، غۇلجىدا كۈز ئالامىتى خېلىلا مەلۇم بولىدۇ. تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلايدۇ، سۈپسۈزۈك ئاسماندا سۇس بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرىدۇ، بۇ ھال كىشىلەرگە بىر خىل جىمجىتلىق، ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. بىراق، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئادىي زىننەتلەنگەن بۇ ئازادە ئىشخانىسىدا بىز پۈتۈنلەي باشقىچە رىتىم بىلەن، باشقىچە تۇس بىلەن ئىشلەۋاتىمىز. چۈنكى بىز ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ قەدەم - باسقۇچىنى ماۋزېدۇڭ، جۇ دې باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ قەدەم - باسقۇچىغا ماسلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىمىز. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەخمەتجان قاسىمىغا قارىسام، ئۇ گالستۇكىنى ئەڭ چىڭ دەرىجىدە بوشىتىۋېتىپتۇ، بىر خىل قۇدرەتلىك ھېسسىي پارتلاش كۈچى خۇددى ئۇنىڭ چوڭقۇر قەلبىدىن پارتلاپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئابدۇكېرىم ھەربىي چاپىنىنى

ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە سىڭايان ئېسىپ قويۇپ، كۆك-
لەكچان ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار بەزىدە قىسقىچە
پىكىر ئالماشتۇراتتى، بەزىدە خىيالغا چۆكەتتى، بەزىدە
بولسا قولىدىكى قەلىمىنى تېز تەۋرىتەتتى.

كاتىپ يېنىك دەسسەپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازبىلەن، كەچلىك تاماقنى قەيەردە
يەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئىدارىدىكىلەرنىڭ ئاللىقاچان
ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق. مەن ئابدۇكېرىم-
نىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان بەك ئالدىراش ئىشلەپ چار-
چاپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەتە
داۋاملىق ئىشلەشنى قارار قىلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. لېكىن
ئابدۇكېرىم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا،
كاتىپقا: «ئۈچىلىمىز كەچلىك تاماقنى مۇشۇ يەردە يەيمىز،
كەچ سائەت ئون بىردە يەنە كەچلىك تاماق تەييارلاڭلار»
دېدى. كاتىپ: «بولىدۇ» دەپ كەينىگە بۇرۇلماقچى بولغان-
دا، مەن: «توختاپ تۇرۇڭ» دېدىم - دە، ئەخمەتجان قاس-
ىمغا قاراپ: «ئابدۇكېرىم تۈنۈگۈندىن ھازىرغىچە ئارانلا
ئىككى سائەت ئۇخلىدى» دېدىم.

ئەخمەتجان قاسىمى بىر ئاز ئەپۇ سورىغان ھالدا:
«ئۇنداق بولسا، ئەتە...» دېگۈچىلا، ئابدۇكېرىم ئەخمەت-
جان قاسىمىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ: «بىر ئاز بىرلىيانت
ئوينايلى» دەپ بولۇپ ماڭا قاراپ: «بۈگۈن قانداقلا
بولمىسۇن بىر نەتىجە چىقىرىشىمىز كېرەك» دېدى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىر خىل ئامالسىزلىقىنىڭ
ئىپادىسىنى بىلدۈردى، مېنىڭمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇشتىن

باشقا ئامالىم يوق، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يان تەرەپتىكى بىرلىيانتخانىغا كىردۇق، ئۈچىمىز پۇت - قولىمىزنى بىرئاز ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كېيىنى قولىمىزغا ئالدۇق. بىرقانچە نۆۋەت ئوينىغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇرىدىغان ساقىنى تاللاۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «دۇنيادا ئائىلە بىئاراملىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىككى خىل ئادەم بولىدۇ، بىرى، ئالىملار، يەنە بىرى بولسا، ئىنقىلابچىلار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نيۇتون بىر كۈنى ئۆزى بىلەن بىر كالاسكىدا ئولتۇرۇپ ئائىلىسىگە قايتىۋاتقان ئايالىنى تونۇماي قاپتۇمىش. مەن تەخمىنەن ھېسابلاپ باقتىم، لېنىننىڭ ئۆز ئۆيىدە بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پۈتۈن ۋاقتىنىڭ ئارانلا ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن» دېدى.

مەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مېنىڭ باياتىن قىلغان سۆزۈمگە بېرىلگەن ئىنزاھات ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئەخمەتجان قاسىمى يۇمۇرلۇق، يوشۇرۇن مەنالىق گەپكە ئۇستا ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنالىق گەپلىرى ئۇنىڭ يۇمۇرلىرىغا ئوخشاشلا كىشىلەرگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۈچىلىمىزنىڭ خىيالى بىرلىيانتتا ئەمەس، بەلكى يەنىلا ئاياغلاشمىغان مۇزاكىرە ئۈستىدە. پىكىر يۈرگۈزۈۋاتاتتۇق.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، دەم ئالمايلا، چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرىنى داۋاملاشتۇردۇق. بۇ نۇتۇق تېكىستى رامكىسى كەچ سائەت ئون ئىككىدىن كېيىن ئاران پۈتتى؛

ئۇنىڭ مەنتىقىسى، ھەر بىر ئابزاسنىڭ قۇرۇلمىسى، ھەتتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىملا قائىدىلىرىگىچە ئېنىق بولدى. قالغان خىزمەت ئۇنى سىستېمىلىق ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدۇ. بۇ ئىش مېنىڭ ئورۇندىشىمغا تاپشۇرۇلدى. بىز خوشلىشىش ئالدىدا، مەجلىسنىڭ ۋاقتىنى مەسلىھەتلىشىپ كېلىشىۋالدۇق.

مەن ئىشخانامغا قايتىپ كەلسەم، دىجورنى خادىملارنىڭ ھەممىسى مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارغا: «ئىككى سائەتتىن كېيىن ۋەزىپە بار، ھازىر ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ دەم ئېلىۋېلىڭلار» دەپ ئۇقتۇردۇم. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىرلىيانت ئۇستىلى ئالدىدا ئالىملار، ئىنقىلابچىلار توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى قۇلىقىمدىن زادىلا كەتمىدى.

ئارىدىن ئۈچ سائەت ۋاقىت ئۆتتى، مەن ھېلىقى تەييارلانغان ماقالىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ رەتلەپ بولۇپ، دىجورنى خادىملارنى ئويغىتاي دەپ تۇرسام، تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، تۇرۇپكىنى ئېلىشىمغىلا، ئابدۇكېرىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ: «ئۇخلاپ بولۇپ تېلېفون بېرىۋاتامسىز ياكى ھازىرغىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم.

ئابدۇكېرىم: «بىر ئاز ئۇخلىۋالدىم، بىر قانچە ئىش خىيالىمغا كېلىپ قالغانىدى، دەرھال سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى زۆرۈر تاپتىم» دېدى.

مەن ئۇنىڭ بىر ئاز ئوخلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، خېلى خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنىڭغا: «خوش قېنى، قۇلىقىم تەييار» دېدىم.

ئابدۇكېرىم تېلېفوندا بىر مۇنچىلىغان تەپسىلىي ئىشلارنى سۆزلىدى. ئاخىردا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن مىللىي مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى يازغاندا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى، ئېلىخان تۆرىنىڭ پانئىسلامىزملىق ئىدىيىسىنى سۆكۈشتىن تاشقىرى، پانتۈركىزمنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىمۇ تولۇق سۆكۈشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلدى.

مەن ئۇنىڭ پىكرىنى تەپسىلىي يېزىۋالدىم. ئاخىردا ئۇنىڭغا: «15 مىنۇتتىن كېيىن، ئورىگىنالنى كاتىپلارغا كۆچۈرتكۈزىمەن، ئاندىن كېيىن دەم ئالىمەن. ئەتە سائەت سەككىزدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، ئىككىمىز خاتىرجەم بىرنەچچە سائەت دەم ئېلىۋالايلى» دېدىم.

ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشىنىپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ: «رەھمەت سىزنىڭ ئېسىل كۆڭلىڭىزگە، مانا مەن دەرھال ئۇيقۇغا كىرىپ كەتتىم» دېدى.

تۇرۇبكىنى قويۇپ، دىجورنى خادىملارنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا نۇتۇقنىڭ كوپىيىسىنى دەرھال بۆلۈشۈپ كۆچۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇردۇم. بۇ كاتىپلارنىڭ ھەممىسى خېلى تەربىيە ئالغانلار بولۇپ، ئارتۇق سۆز قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئۇلار ۋەزىپىنى ئوبدان ئورۇندايتتى. ھەددىدىن ئارتۇق جىددىي ئىشلەپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن،

زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. قورۇغا چىقىپ بىر پەس ھاۋا يېدىم، ئىشخانىغا قايتىپ كىرىپ، ئۇلار كۆچۈرگەن ئوتتۇقنى بارلىق دىققىتىم بىلەن كۆرۈپ، كوررېكتورلۇق قىلىشقا كىرىشتىم.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، خىزمەتنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى ئەخمەتجان قاسىمغا تېلېفون ئارقىلىق دوكلات قىلىپ، يەنە نېمە ئىش بارلىقىنى سورىدىم، ئەخمەتجان قاسىمى: «كۆچۈرۈلۈپ بولغان قىسمىنى بىرەيلەندىن ماڭا ئەۋەتىڭ، سىز كەلگەندە. ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىڭىز دەرھال خاتىرجەملىك بىلەن ئوبدان ئۇخلاش» دېدى.

تورۇپكىنى قويۇپ، دىجورنى كاتىپنىڭ كۆچۈرۈلۈپ بولغان ئورىگىناللىنى ئاچىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم ـ دە، پۇت ـ قولۇمنى كىرىشكە ئۇلگۈرمەيلا، ئۆزۈمنى سافاغا تاشلاپ، ئۇيقۇغا كەتتىم.

## يېڭى تارىخىي باسقۇچ

1948 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ «مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىننى ئەخمەت ئەپەندىم باشقۇردى ھەم ئاخىردا سۆز قىلدى. ئابدۇكېرىم ئۆز دوكلاتىدا بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمىز، مىللىي سىياسىتىمىز، ئۇنىڭ

توغرا تەرىپى، قولغا كەلگەن ئۇتۇقلار توغرىسىدا توختالدى. ئاندىن مىللىي مەسىلە ئۈستىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلار ئۈستىدە ۋە ئۇنى قەتئىي تۈزىتىش توغرىسىدا كەڭ توختالدى. ئابدۇكېرىم ئۆز سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە سىرتقى جاھانگىرلارغا ھەم ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرىغا قارشى مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلكىمىزدىكى ھەر مىللەت ئېزىلگەن خەلق ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشتى ۋە بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى. بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە سىياسىي جەھەتتە ئېزىلگەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە كەمبەغەللەشكەن، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان شىنجاڭنى سىياسىي جەھەتتە تەڭ ھوقۇقلۇق، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي تاپقان، مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللەنگەن يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش». ئابدۇكېرىم ئۆز سۆزىدە مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ، يەنە مۇنداق دېدى: «بىز مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىدە يۇقىرىدىكى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھەر بىر مەسىلىنى توغرا ھەل قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي مەسىلىگە تېگىشلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردۇق. كۈرەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان باياناتتا، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئۆلكە ئىكەنلىكى، بىزنىڭ بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىمىز كۆرسىتىل-

گەن. 1947 ـ يىلى، يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئۇ-
رۇمچىدىكى بىر مەجلىستە بىزنىڭ ھەر بىر مىللەتكە قانـ
داق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا توختىلىپ:
«بىزنىڭ ئۆلكىمىزدە نۇرغۇن مىللەت بار.بىز ھېچقاچان
خەنزۇ مىللىتىگە قارشى ئەمەسمىز. بىز گومىنداڭنىڭ
ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى. گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشىمىز» دېگەنىدى.»

ئابدۇكېرىم ئۆز سۆزىدە مۇنداق دېدى: «ئۈچ ۋىـ
لايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن بۇيان، بىز مىللىي سىياـ
سەتنى ئىجرا قىلىشتا بىر قاتار ئۇتۇقلارنى قولغا كەلـ
تۈردۇق. مەسىلەن: ھەر مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى
ئۆز تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلدۇق، ھەر
مىللەت تىلىدا دەرسلىك كىتابلارنى نەشر قىلدۇق. ئۇيـ
غۇر، قازاق، خەنزۇ، رۇس، شىبە، موڭغۇل تىللىرىدا گېـ
زىت چىقاردۇق، يەنە ئۇيغۇرچە. قازاقچە ئايلىق ژۇرنالـ
لارنى چىقاردۇق، بەزى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلتايلىرىنى
ئاچتۇق، خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا
ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇردۇق ۋە باشقىلار.»

ئابدۇكېرىم ئۆز دوكلاتىدا مىللىي سىياسەتنىڭ
توغرا تەرىپىنى ۋە ئۇتۇقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە،
مىللىي مەسىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنىمۇ كۆرسىتىپ
ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن
بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب جەريانىدا قىلچە خاـ
تالىق ئۆتكۈزمىدۇق دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بىز ئۆتكۈزـ

گەن خاتالىقلىرىمىزنى يوشۇرمايمىز، بەلكى خاتالىقلارنى
پاش قىلىمىز، خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سە-
ۋەبلەرنى تېپىپ چىقىمىز ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىمىز.
بىز جىق خاتالىق ئۆتكۈزدۇق. بىز مىللىي ئازادلىق ھە-
رىكىتىدە «ئەزگۈچى مىللەت ئۆزى تۇغما مەۋجۇت ئە-
مەس» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشى ئويلاشمىدۇق.
شۇنداقلا، ئەزگۈچى مىللەت ئىچىدىكى ئەزگۈچىلەر بى-
لەن ئېزىلگۈچىلەرنى بەزى ۋاقىتلاردا توغرا پەرقلەندۈر-
مىدۇق. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئوخشاشلا ئېزى-
لىۋاتقان خەنزۇ خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بى-
لەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى بولدى. مەسىلەن،
مۇنداق خاتالىقلارمۇ يۈز بەردى: بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى
ناھايىتى ئاز سانلىق بۇزۇق ئۇنسۇرلار خەنزۇلارنى دۈش-
مەن دەپ قارىدى، ئۇلارغا باراۋەرلىك پوزىتسىيىدە مۇ-
ئامىلە قىلمىدى، ھەتتا ئۇلارغا تەھدىت سالدى ۋە ئۇ-
لارنى ۋەھىمە ئاستىغا ئالدى. ئۇلارنىڭ مۈلكىنى تارتى-
ۋالدى. ئۇلاردىن ئالغان قەرزنى قايتۇرمىدى، بەزى لۈك-
چەكلەر خەنزۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتتى. ئۇ-
لارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى.»

ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، مۇنداق
خاتالىقلارنىڭ بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزگە
ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەنلىكىنى، مۇندىن
كېيىن، مىللىي مەسىلىدىكى مۇنداق ئېغىشلارنى قەتئىي
تۈزىتىش لازىملىقىنى، كادىرلار، ئامما ئىچىدە كەڭ تەر-
بىيە ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى، ھەممە مىللەتنىڭ ئىت-

ئىتتىپاق بولۇشى لازىملىقىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت
خەلقىنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان جا-
ھانگىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلە-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئىتتىپاقلىققا
بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتنى قەتئىي
تۈزىتىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

شۇ كۈندىكى يىغىندا، 500 — 600 ئادەم سىغىدىغان
كۇلۇبتا بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىدى. ئابدۇكېرىم راۋۇ-
رۇس تۇرۇپ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەمكىن ۋە ئى-
شەنچلىك سۆزلەپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىن
ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەن ئەتراپىمدىكى يولداشلارغا نەزەر سېلىپ قا-
رىسام، ھەممىسى ياش يولداشلار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ
چىرايىدىن بالىلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. رە-
ئىس مۇنبىرىدە ئولتۇرۇپ، يىغىنغا رىياسەتچىلىك قى-
لىۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئەمدىلا 30 نەچچە ياشقا
كىرگەن، نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئابدۇكېرىم ئارانلا 26 ياش
ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسىي جەھەتتە شۇن-
داق پىشىپ يېتىلگەن ئىدىكى، ھەقىقەتەن كىشىنى خۇ-
شال قىلاتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەر-
لىك قىلغان كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ
مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇۋاتقاندەك بو-
لاتتى. بولۇپمۇ ئارقا رەتتە ئولتۇرغان كاپىتانلار پات-
پاتلا «ياخشى سۆزلەندى!» دېگەن ئالقىش سادالىرىنى

ياڭرىتاتتى. ئەمما مەن بەزى كىشىلەرنىڭ تەسىلىكتە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىغىمۇ دىققەت قىلدىم. ئابدۇكېرىمنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىنى ئۇلار بۇرۇن قوبۇل قىلالماي كەلگەنىدى. بۈگۈن گەپ ئۇلارغا خېلى تەگكۈزۈپ سۆزلەندى.

ئوتتۇق يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىر مۇنچە ھەربىي، مۈلكىي كادىرلار ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ، ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى پۈتۈنلەي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى قىسقا، ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىدى.

يىغىندىن تارقىلىش ۋاقتىدا، ئابدۇكېرىم مېنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ماڭا: «بىزنىڭ كادىرلىرىمىز كىشىنى قايىل قىلارلىق ئاڭغا ئىگە. بىز ئىنقىلاب جەريانىدا ئاخىر پىكىر قىلىشنى، ھۆكۈم قىلىشنى، پەرق ئېتىشنى ئۆگىنىۋالدۇق. بىز يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش جۇ دې رەھبەرلىك قىلغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى مۇشۇنداق كادىرلار قوشۇنىمىز بىلەن كۈتۈۋالىمىز» دېدى.

مەن ئابدۇكېرىمنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن چىقىۋاتقان سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ يۈكسەك ئوبرازى ھەمىشەم مېنىڭ كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ قېتىمقى يىغىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا مىللىي مەسىلە ئۈستىدىكى خاتالىقنى تۈگىتىشتە چوڭ بىر بۇرۇلۇش بولدى. ئەخمەت ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى مەجلىسلەر
ئۆتكۈزۈش، گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالىلەر ئېلان قىلىش،
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش
ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، شۇنىڭدەك
خەنزۇ مەكتىپى ئېچىپ، خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلى-
رىنى يولغا قويۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش، خەنزۇچە گېزىت
چىقىرىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،
كادىرلارنى، ئاممىنى تەربىيىلەپ، يېڭى بەلگىلەنگەن
مىللىي سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىشقا چاقىردى.
ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى بۇ توغرىدا كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك
تەدبىرلەرنى بىۋاستە قوللاندى. ئۇ كۆپلىگەن دوكلات
مەجلىسلىرىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىدە ۋە يازغان ماقالى-
لىرىدە، مىللىي مەسىلە توغرىسىدا كەڭ توختىلىپ، كۆپ-
چىلىككە تەربىيە بەردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مىللەتچى-
لىك مىللەتلەرنىڭ بىرلىك كۈچىنى ئۇيۇشتۇرالمايدۇ.
ئۇ مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا
قىلىدۇ، باشقا مىللەتنىڭ ئۇنىڭ (مىللەتچىنىڭ) مىللى-
تىگە دۈشمەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ. مىللەتچى مەنتىقە جەھەت-
تە ئۆز مىللىتىدىن چىققان مىللىي مۇناپىق ۋە مىللىي
ساتقۇنلارنى ھىمايە قىلىدۇ. دېمەك، ھەركىم ئۆز مىللى-
تىنىڭ ئازادلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولسا، باشقا مىل-
لەتلەرنىڭمۇ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.
شۇنداق بولغاچقا، مىللەتچىلىككە قارشى رەھىمسىز
كۈرەش قىلىش شەرت. مىللەتچىلەر مىللىي مۇناپىقلاردۇر.
ئۇلار ھەرگىز ئۆز شەخسىي مەنپەئىتىدىن كېچىپ، مىل-

لەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، مىللەتچى-
لەر ئۆزىنى ھەرقانچە ئاقلىسىمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرى ۋە جاھانگىرلار بىلەن مەنپەئەتداش بولۇپ
كەلدى، ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنىغا بېقىنغان كۈنىدىن
ئېتىبارەن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بىزنىڭ مىللىي ئازاد-
لىق ھەرىكىتىمىزگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ كەلدى.»

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى مىللىي
مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە مىللەتچىلىككە
قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئاممىسىغا
ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ نىشانىسىنى ھەم ۋەزىپىسىنى ئو-
چۇق كۆرسىتىپ، خەلقنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەك-
لىدى. ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزىنىڭ «مىللىي مەسىلە-
دىكى بەزىبىر خاتالىقلىرىمىز» دېگەن ماقالىسىدە مۇن-
داق دېگەنىدى: بىز مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تىغى-
نى خەلق ئەركىنلىكىنىڭ دۈشمەنلىرىگە — ئەشەددىي
ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە ئۇنىڭ تايانچىسى بولغان ئىمپېر-
يالىزمغا قارىتىشىمىز كېرەك. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ۋە
جۇڭگودىكى دېموكراتىك تەبىقىلەر جۇڭگودىكى فېئودال
بيۇروكراتلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي كۈچىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران-
لىقىغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان
جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارماقتا. پۈتۈن
جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان خەلق ۋە
دېموكراتىك تەبىقىلەر بىزنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىمىز بو-
لىدۇ. جۇڭگودىكى مىلىتارىستلار، ئەكسىلئىنقىلابچى گو-

مىنداگچىلار ۋە جاھانگىرلار بىزنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن دېموكراتىك ھەرىكەتنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا، ھەقىقىي دېموكراتىيە مەسىلىسىدىكى ۋەزىپىمىز — مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا مىللىي مەسىلىدە سادىر بولغان خاتالىقلارنى تېزدىن تۈزىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ئاساسىدا، گومىنداڭنىڭ، جاھانگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولمىغان ھەقىقىي ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت.

1948 - يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى خاتالىقلار تۈزىتىلگەندىن كېيىن، مىللەتلەر خىزمىتىدە قەدەممۇ قەدەم چوڭ ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى، 1949 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇتۇقلار كۆرۈنەرلىك بولدى، مىللىي ئىتتىپاقلىق كۈچەيدى. بىر ياقتىن مىللىي مەسىلىنى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ماركسىزم نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۇ ۋاقىتتا تولۇق ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئەڭ مۇھىمى مىللىي مەسىلىدە يۈز بەرگەن خاتاھشلار تۈزىتىلدى. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان، خەنزۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان خاتالىقلار تۈزىتىلدى، بەزى لوكچەكلەرنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە جىنايى ھەرىكەتلىرى چەكلەندى، بىرمۇنچە يامان ئادەملەرگە قەتئىي زەربە بېرىلدى. بۇ كۆرەش ئاسان بولمىدى. بەزى ئەكسىيەتچىلەر، پومېشچىكلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇ-

قىدىن پايدىلىنىپ، خېلى قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى. بەزى ھوقۇقدارلار گاھى يامان ئادەملەرنى قۇتراتىپ، بۇ خىزمەتنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا پۇتلىكاشاڭ بولدى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى كەڭ ئىنقىلابىي زىيالىيلارغا، ئاممىغا يۆلىنىپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ۋە توسالغۇلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتىگە يېتىشىگە ئىمكان بەرمىدى. ئۇ غەلىبە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنى ئىلگىرىلىتىشتە چوڭ رول ئوينىدى.

1948 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ، ئىلىدا ھەرخىل تىللاردا نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم بازىسى بولۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولىراق مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلدى. بەزى مۇھىم خەۋەرلەرنى ئۇ ئۆزى ئورۇنلاشتۇراتتى ۋە تەرجىمە قىلاتتى.

ئابدۇكېرىم شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگراممىلىرى ۋە باشقا ھەرخىل يوللار ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، غالىبىيەت خەۋەرلىرىنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا تەخىرسىز يەتكۈزۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنى يوقىتىش، پۈتۈن شىن-

جاڭنى ئازاد قىلىش، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسـ
نى كۈتۈۋېلىش ئىرادىسىگە غايەت زور دەرىجىدە ئىلھام
بەردى. 1949 - يىلى بىر كۈنى، موسكۋا رادىئو ئىسـ
تانسىسى يولداش ليۇ شاۋچى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا بارغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىتىـ
ۋېدى، ئابدۇكېرىم ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تاپشۇرۇقىغا
بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىـ
سىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ موسكۋا ئارقىلىق،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن
ئالاقە باغلىشىمىزغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىشىنى
تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق
كونسۇلخانىسى بىزنىڭ بۇ تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلدى.

# ئون بىرىنچى باب

## نۇرلۇق ئەتە ئۈچۈن

### سايرام بويىدا

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، تولا چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى خېلىلا ناچارلىشىپ قالغانىدى، دوختۇرنىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، يولداش ئەخمەتجان ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى كادىرلىرىنىڭ تۈركۈمگە، مۇددەتكە بۆلۈنۈپ سىرتقا چىقىپ ئىككى ھەپتىدىن دەم ئېلىشىنى قارار قىلدى. 8 - ئاينىڭ بېشىدا، دەم ئېلىش نۆۋىتى ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىزگە كەلدى.

8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، كەگسايدىكى كۆكسالا

جىلغىسى ئالتۇن نۇرغا پۈركەنگەن بولۇپ، تاغ پوتىلىرى بۈك ـ باراقسان ياش قارىغاي بىلەن قاپلانغانىدى. تاغ تۆپىسىدىكى قارنىڭ ئېرىشى بىلەن ھاسىل بولغان مۇزدەك سوغۇق، سۈپسۈزۈك تاتلىق سۇ تاغ باغرىدىكى جىلغىدا بۇلدۇقلاپ ئاقاتتى. قويۇق ئۆسكەن قېيىن دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قېلىن سايە تاشلاپ تۇراتتى. دەرەخ ئاستىدىكى يېشىل چۆپلۈك گويا ئۇزۇن زىلچىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. بۇ يەرنىڭ سالقىن شامىلى شۇنچە يېقىملىق ئىدىكى، كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. بۇ يازلىق دەم ئېلىشنى ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان ئوبدان ماكان ئىدى.

دەرەخ ئاستىدىكى چىملىقتا بىر پارچە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، گىلەم ئۈستىگە بىر يۇمىلاق شىرە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كورا قىمىز قويۇلغان بولۇپ، تۆت پىيالىگە توشقىچە قۇيۇپ قويۇلدى. ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز شىرەنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، پاراڭلاشقىلى تۇردۇق. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشىمىزنى باشلىۋەتتۇق.

ھاشىخان ئاپا بىر قولىدا بىر يېرىم ياشلىق نەۋرىسى ئېلچاننى يېتىلەپ، بىر قولىدا يېڭى تۇغۇلغان نەۋرىسى قېيۇمنى كۆتۈرۈپ كىگىز ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئېلچان دەلدەڭشىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئابدۇكېرىم ئېلچاننى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئىسسىق مېھرى بىلەن ئەركىلەتتى. ئۇنىڭ ك-

چېنىڭ ئوغلى يېقىندىلا كەڭسايىنىڭ تۆۋىنىدىكى «قېيىن بۇلاق» دېگەن جايدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «قېيىن» دەپ ئات قويۇلۇپ، كېيىن «قېيۇم» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان.

ئايىم بىلەن ئالىيە (لۈي سۇشىن) سەل نېرىراق بىر يەردە تاشتىن تىزىلغان ئوچاقتا كاۋاپ پىشۇرۇش بىلەن ئاۋارە. پىشىۋاتقان كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى كېلىپ ئىشتىھانى قوزغىماقتا. 8 ـ ئاينىڭ «دۆنەن» قىمىزى قوزا كاۋىپى بىلەن يېيىلسە، نېمىدېگەن ياخشى- ھە! كۆكۆللۈك يايلاقنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئىشتىھا بىلەن كاۋاپقا تۇتۇش قىلدۇق.

شۇنداق قىلىپ قىمىز ئىچىپ، كاۋاپ يەپ، ھەر خىل كۆكۆللۈك پاراڭلار بىلەن خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇھاپىزەتچى بالىلار ئاتلارنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز، يەنە ئىككى مۇھاپىزەتچى بالا، جەمئىي تۆت كىشى ئاتلىنىپ سايرامغا قاراپ ماڭدۇق.

بىز كۆكسالانىڭ شارقىراتمىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، سول تەرەپتىكى ياياق يول بىلەن يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپ، شارقىراتمىنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، ئۇ يەردە كىچىككىنە بىر سازلىق كۆل بار ئىكەن، بىز بۇ كۆلنى كۈنچىقىش تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شىمالىي ياقتىكى ئېگىز تاغنىڭ يوتىسىنى بويلاپ مېڭىۋەردۇق، سول تەرەپتە كەڭسايىنىڭ ئېگىز تىزما تاغلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، تاغ بېلىدە قاتار سوزۇلغان بەلباغ قارىغايلار ياپيېشىل كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ،

بەلباغ ئورمانىنىڭ يۇقىرىسىدا يىل بويى ئېرىمەيدىغان قارلار قۇياش شولىسىدا پارقىراپ تۇردۇ، بىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، كەمگايىنىڭ تاغلىرى پەستە قېلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تاغ ئارىلاپ سوزۇلغان تاشيول كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئابدۇكېرىم بېشىغا ھەربىيچە شەپكە، ئۈستىگە ماش رەڭ گىمناستۇركا ـ شالۋۇر، پۇتىغا قارا ئۆتۈك كىيىۋالغان، ئۇ، قىياپىتىدىن بىر ھەربىي كومىسسارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئۇ قامچىسىنى يەڭگىل ئوينىتىپ دىمىغىدا «ئەلەمما» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ كېتىپ بارىدۇ. ئابدۇكېرىم مۇزىكىغا بەك ھەۋەس قىلاتتى، ئانچە ـ مۇنچە ماندالىن چالاتتى. ئۇ ماندالىنغا ئانچە ئۇستا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىپ چالالايتتى. ئۇ، رۇسچە، تاتارچە ناخشىلارنى ئېيتىدىغان. «ئەلەمما» دېگەن ناخشىنى بولسا، ئۇ ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئاڭلايتتى ۋە ئېيتاتتى. مەن بىر چاغدا: «سىز بۇ ناخشىنى ئەجەب ياخشى كۆرىدىكەنسىزغۇ؟» دەپ سورىغانىدىم. ئۇ: «ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بۇ ناخشىدا بىر خىل مۇڭ باردەك قىلىدۇ» دېگەنىدى، بۈگۈنمۇ ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنى كۈيلەپ كېتىپ بارىدۇ. تۆتىمىز ئاتلىق قاتار تىزىلىپ ھامان يۇقىرىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز...

بىز بىر قارىغايلىق تاغ يوتىسىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، مېنىڭ مۇھاپىزەتچىم مەھەممەت قارىغايلىقنى كۆرسىتىپ «ئاۋۇ بۇغىنى!» دەپ ۋارقىرىدى.

قارىساق بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە شاخلىغان مۈڭگ-

گۈزلۈك بىر ئەركەك بۇغا بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ
تۇرۇپتۇ، ئابدۇكېرىم بۇغا تۇرغان تەرەپكە قاراپ، دەر-
ھاللا مەھەممەتكە: «مىلتىقنى ئەكەل» دېدى-دە، مەھەم-
مەتنىڭ بەشئاتار مىلتىقىنى ئېلىپ، ئوق سېلىپ بولۇپ،
ماڭا قاراپ: «تازا ياخشى تۇرۇپتۇغۇ، قانداق قىلىمىز»
دېدى.

«بۇغا ئاتماسلىق توغرىسىدىكى قارارنى ھۆكۈمەت
تەستىقلىغان، ھۆكۈمەت ئەزاسى ئۆزى بۇ قارارغا خىلاپ-
لىق قىلسا بولمامسىكىن» دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلۈپ.

«ئەتتەك، ئىلاج يوق-دە» دېدى ئۇ بېشىنى لىڭ-
شىتىپ مىلتىقنى مەھەممەتكە بېرىۋەتتى.

بۇغا ئورنىدىن قوزغالماي گويا «قىلۇڭدىن كەلمەي-
دۇ» دېگەندەك مەغرۇرلىنىپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. بىز ئۇ
ھەۋەسلىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق.

بىز ئاخىر تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتۇق. بۇ چوققا
دەل سىمپىتوزا داۋىنىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئىدى. ئالدى-
مىزدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىپايان گۈزەل يايلاق
كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شىمال تەرەپكە قارىسىڭىز زۇمرەتتەك
ياپپېشىل سايرام كۆلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سول تەرەپتە
بولسا، كۆلنىڭ غەرب تەرىپىدىن شىمال تەرىپىگە سوزۇل-
غان كەڭساي تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، كۆلنىڭ شىمال، شەرق
ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى يېشىل تاغ بىلەن تۇتىشىدۇ،
يېشىل تاغنىڭ شەرقىي ئۇچى كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى
تاش تاغ بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ، سايرام كۆلىنى مەركەز

قىلغان تاغ باغرىدىكى ئويمان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سايرام كۆلىنىڭ چۆرىسى كۆڭۈلدىكىدەك يايلاق. بولۇپمۇ كۆلنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىكى پايانسىز يايلاق سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلىنىپ تۇرىدىغان، ئوت-چۆپ تازا ئوبدان ئۆسىدىغان يايلاق بولۇپ، ئاقبايتال دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق نامغا ئىگە.

ئاۋغۇست ئايلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالتۇن پەسلى بولۇپ، يايلاقتا رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان خۇش پۇراق ھىد چىقىرىپ تۇرىدۇ. يىراقلارغا نەزەر سالساق، يايلاۋاتقان يىلقا، كالا، قوي پادىلىرى، توپ-توپ كىگىز ئۆيلەر، ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئىس-تۈتەكلەر كۆرۈندى. كۆلنىڭ سۈيى ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك ھەم جىمجىت ئىدى. كۆلنىڭ جەنۇب تەرىپىدە سەنتەينىڭ ئۆيلىرى ئاران-ئاران كۆرۈنەتتى. سەنتەيدىن ئۆتۈپ، كۆلنى بويلاپ سىمپىتوزا داۋىنىغا كۆتۈرۈلگەن تاشيولدا ئارىلاپ چوڭ-كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئۆتكىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېگىز ئاسماندا، بۇلۇتلار سوزۇلۇشۇپ، يىراقلارغا كېتىۋاتىدۇ... بىز ئاتلىق قاتار كېلىۋېتىپ، بۇ گۈزەل مەنزىرىگە قاراپ، ئۆزىمىزنىڭ تەسىراتىنى سۆزلىشىپ توختىمىدۇق.

«مۇشۇ يەردە بىرئاز ئولتۇرمايمىزمۇ، بەك ياخشى جاي ئىكەن» دېدىم مەن ئابدۇكېرىمگە قاراپ.

«شۇنداق قىلايلۇق، مۇنداق پەيزى يەردىن بىپەرۋا ئۆتۈپ كېتىش ئادىللىق بولمايدۇ» دېدى ئابدۇكېرىم

ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ كۈلكە ئارىلاش، چاقچاق بىلەن: «يەردىكى يىگىتلەر ئاسماندىكى پەرىزاتلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەرنى ئىزدەسەكمۇ، بۇنىڭدىن ياخشى جاي تېپىلماس.»

مۇھاپىزەتچىلەر ئاتلارنىڭ ئالدى ئاياغلىرىنى چۇشەپ ئوتلاققا قويۇۋەتتى، ئاندىن قارىغاينىڭ سايىسىگە بىر پالازنى يېيىپ داستىخان سالدى، داستىخاندا ئوراقلىق بوغۇرساقلار بار ئىدى، كېيىن ئۇلار بىر ئاتقا غانجۇغىلانغان تورسۇقنى ئەكېلىپ، كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن كىچىك ياغاچ چۆچەكلەرگە قىمىز قۇيدى. قىمىز ئىچىپ ئولتۇرۇپ يەنە گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلدۇق. مەن: «بۇ نېمىدېگەن گۈزەل جاي - ھە، ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق جايدىكى بۇ مول بايلىق ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىلىرىنىڭ قولىدا ئەمەس» دېدىم.

«راست شۇنداق، دۇنيانى ياراتقۇچىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ۋاقتى ئۇزاق قالمىدى» دېدى ئابدۇكېرىم ئالدىمىزدىكى جايلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭ، بۇ ئويمانلىق بىر گۈزەل تاجىغا ئوخشايدۇ، سايرام كۆلى دەل تاجىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورناتقان گۆھەرگە ئوخشايدۇ، بۇ تاجى بىزنىڭ شىنجاڭغا تېخىمۇ گۈزەللىك قوشتى. بىزنىڭ شىنجاڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى ماكان!»

ئابدۇكېرىمنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا تەسىر قىلدى بولغاي، ئويلاپ قالدىم، مەندە قانداقتۇر بىر شېئىرىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

«قاراڭ سەيپىدىن ئاكا، بۇ ھەقىقەتەن كىشىگە

ئىلھام بېغىشلايدىغان گۈزەل مەنزىرە» دېدى ئابدۇ-
كېرىم ماڭا قاراپ: «ئەگەر شائىر بولسام، چوقۇم بىرشې-
ئىر يازغان بولاتتىم — ھە، سىز بىر نېمە ئويلاۋاتقاندەك
قىلىسىزغۇ؟ قېنى ئىلھامنى كۆچكە سېلىڭا، بۇنداق يەردە
كەلمىگەن ئىلھامنى ئىلھام دېمىسىمۇ بولىدۇ. ھە قېنى، بىر
نەرسە دەڭا».

مەن باياتىن مېڭەمگە كىرىۋالغان تۇيغۇلارنى يې-
غىنچاقلاپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم:

ئېھ! ئەزىز ماكانىنىڭ گۈل تاجى سايرام،
سىياقىڭ تىنچ، بىراق كۆكسۈڭدە قاينام.
تەۋرىسۇن مەيلىگە قويۇۋەت ئۇنى.
باغرىڭدا ياشىسۇن تەنتەنە بايرام.

ئابدۇكېرىم دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، كېيىن ئۇ:
«يەنە بىر ئېيتىڭا» دەپ يانچۇقىدىن قەلەم بىلەن دەپتەر
ئالدى ۋە مەن تەكرارلىغان شېئىرنى يازدى — دە، ئۆزى
بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ: «بەك
ياخشى. ياخشى شېئىر ئېيتتىڭىز، شۇنداق، سايرامنىڭ
يۈزىدىكى داغ يوقالدى، بىراق ئۇنىڭ كۆكسىدىكى قاينام
ئۆركەشلەپ چىقالمايۋاتىدۇ، توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇنى مەي-
لىگە قويۇۋېتىش كېرەك. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ھەق-
قىي ئازادلىق بايرىمىنىڭ تەنتەنىسىنى كۆرسەتسۇن!»
دېدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ، ئالدىنقى يىلى
يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا، دۇڭ ئاق-

ساقالىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ۋەزىيەت بەك تېز تەرەققىي قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئازادلىق ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. جياڭ جيېشى گوڭجۇغا قېچىپ كەتتى. مەملىكەت بويىچە، شىنجاڭ، شىزاڭ، تەيۋەن ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئايرىم ئۆلكىلەردىن باشقا ھەممە يەر ئازاد بولۇپ بولدى. يېڭى جۇڭگو پات يېقىندا دۇنياغا كېلىدۇ! ئەھۋال پۈتۈنلەي يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ دېگىنىدەك تەرەققىي قىلماقتا. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېقىندىلا شىنجاڭغا كېلىدۇ. بىزمۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويدۇق. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇ تاغ- دەريالار، يەر ئاستى بايلىقلىرى، سايرام — بەتامام خەلقنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ.»

ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزلىگىنى مۇشۇ مەزگىللەردە بىز سۆزلىشىپ يۈرىدىغان تېما بولدى. شۇ چاغلاردا مۇشۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىش ھەقىقەتەن كىشىنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇراتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ پۈتۈنلەي قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ داۋاملىق سۆزلەۋاتىدۇ: «بىز ھازىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇنىڭدىن بەخت ھېس قىلىمەن ۋە پەخىرلىنىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، ماڭىدىغان يولىمىز يەنىلا ناھايىتى ئۇزۇن. ھەقىقىي ئىنقىلاب تېخى ئالدىمىزدا، تېخىمۇ تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.»

ئىنقىلاب مەسىلىسى بىز كۆپ پاراڭلىشىدىغان

ئاساسي تېما ئىدى. بۈگۈن بىزنىڭ پارتىيىمىز تەبىئەتتىن باشلىنىپ ئازادلىق ئۇرۇشقا بۇرۇلدى، ئۇنىڭ نەتىجىگە قىلغان سەپىرىگە بۇرۇلدى. ئاخىردا يەنە «ئىنقىلاب» دېگەن ئاساسي تېمىغا مەركەزلەشتى. ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز ئىنقىلابىمىزدا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى ئەسلەپ كېلىپ بىردەك مۇنداق ھېسابلىدۇق: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئەمما، بۇ ئىنقىلاب دەسلەپتىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشەلمىدى. شۇڭا، بىر مۇنچە ئەگرى يوللارنى باستى، بىر مۇنچە خاتالىقلارنىمۇ ئۆتكۈزدى. ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاب مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بىز ئەمدىلا بىرىنچى قەدەمنى باستۇق. ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق، جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىلىرىغا، غالچىلىرىغا زەربە بەردۇق، خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردۇق، خېلى ئوبدان نەتىجە ھاسىل قىلدۇق. لېكىن ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش دېگەن بۇ توپ مەسىلىدە تېخى ھېچ ئىش قىلمىدۇق، بەلكى بەزى جەھەتتە فېئودال ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ئىلگىرىكىدىنمۇ چوڭراق مەنپەئەتكە ئىگە بولدى. بۇ مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر چوڭ ۋەزىپە.

پارتىيىمىز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇكېرىم تولۇق ئىشەنچ بىلەن: «تېخىمۇ چوڭ ئىنقىلاب ئالدىمىزدا. بىز

بۇ ئىنقىلابنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئۈزۈل - كېسىل ئېلىپ بارالايمىز» دېدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزى ئىخچام، چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى تۇتۇۋېلىنغان، ھەقىقەت بايان قىلىنغان، مەن بۇنىڭدىن ئابدۇكېرىمنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىنقىلابىي كۈرەشتە چېنىقىپ، خېلىلا پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن چىن قەلبىم بىلەن پەخىرلەندىم.

ئۇ مېنىڭ خىيالغا چۆمگەنلىكىمنى كۆرۈپ، چۈشىنەلمەي: «نېمە ئويلاۋاتىسىز؟» دەپ سورىدى. مەن: «سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئەسلەۋاتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ماڭىدىغان تېخىمۇ شەرەپلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ يولىمىز ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن» دېدىم.

ئىككىلىمىز بەخت تۇيغۇسى بىلەن كۈلدۇق.

كۈن قايرىلىپ كەچ كىرگىلى تۇردى. كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرى كۆل سۈيىگە نېپىز قىزىل پەردە ياپقاندەك، سايرام كۆلىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىۋەتتى. بىز ئاتلىنىپ سايرام بويىغا قاراپ تۆۋەنلىدۇق...

## بوۋاي بىلەن سۆھبەت

بىز سايرام بويىغا چۈشكەندە، كۆل بويىغا تىكىلگەن چوڭ - كىچىك كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا مال-

ۋارانلار ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، ئەر - ئايال چارۋىچىلار ھەر خىل ئىشلار بىلەن مەشغۇل.

بىز چوڭ بىر ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىۋىدۇق، بەش - ئالتە كىشى بىزنى قارشى ئېلىپ ئاتتىن چۈشۈردى، ئۆيگە كىردۇق. بۇ، غۇلجىدىكى چوڭ باي چارۋىچىلاردىن بىرىنىڭ ئۆيى بولۇپ، بايلارغا خاس ئۆي جاھازلىرى ۋە جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن. ئۆي ئىگىسى شۇ باينىڭ بالىسى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «بايۋەچچى» دەپ ئاتايدىكەن.

ئابدۇكېرىم بايۋەچچىدىن دادىسىنىڭ قانچىلىك مېلى بارلىقىنى سورىدى. بايۋەچچە ھەر خىل چارۋىنىڭ قورۇ سانىنى دەپ بېرەلىدى، بىراق تەپسىلىي تۇياق سانىنى دەپ بېرەلمىدى، بۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ تەپسىلىي سانىنى دېيىش تەس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئائىلە بويىچە قانچە كىشى ئەمگەك قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، بايۋەچچە ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە يىگىرمىگە يېقىن جان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرىمۇ ئەمگەككە قاتناشمايدىغانلىقىنى، چارۋا مېلىنىڭ ھەممىسىنى ئادەم ياللاپ باقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىزگە مەلۇم بولدىكى، پۈتۈن سايرام بايلىقى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە ئىكەن، ئۇنىڭ شەھەردىكى مال - مۈلكىنى ھېسابلاپ چىقىش تەس... دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بۇ خىل كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زادىلا چېقىلمىدى.

ساھىبخان كۆش ئەكەلدى، تاماقتىن كېيىن خوشلاشتۇق. بىز كىگىز ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ماڭا: «بىز بىر نامرات چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى» دەپ مەسلىھەت بەردى.

«كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز» دېدىم مەن. بىز كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا پالتا بىلەن ياغاچتىن بىر نېمە ياساۋاتقان ئۇستىخانلىق، ئاقساقال، كۆزلىرى ئويچان ئادەم تۇرۇپتۇ. ئۇ بىزنى كۆرۈپلا سالام قىلدى، تىنچلىق سوراشتۇق. ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىن كەمبەغەللىك بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغۇسى بولسىمۇ، ئوبدان كۈتۈۋالالماسمەنمىكىن دەپ خىجىل بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىم بوۋايغا قاراپ: «ئاقساقال، ئۆيىڭىزگە پەتە قىلساق قانداق؟» دېدى. بوۋاي كۈلۈمسىرەپ بىرىپ قوشىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئۆيگە كىرىپ تۆردىكى بىر كونا پالاستا ئولتۇردۇق، كىگىز ئۆينىڭ ئىچى بەك تار بولۇپ، ئازغىنا قاچا-قومۇچ، بىر چۆگۈن، بىر قازان ۋە بىرنەچچە كونا يوتقان-كۆرپىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. بوۋاي داستىخان سېلىپ، قوش چاڭگىلى بىلەن بوغۇرساق ئەكىلىپ قويدى-دە، چاي قۇيدى.

«بالىلار، چاي ئىچىڭلار، كەمبەغەلنىڭ بوغۇرسىقى چىشقا دورا، سويايلى دېسەك قوزىمىز يوق، كەچۈرۈڭلار» دېدى بوۋاي.

بوۋاينىڭ سۆزى قىسقا بولسىمۇ بىزگە يېقىملىق تۇيۇلدى.

بىز بىلەن ۋاقىتلىق بىللە بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئالىي سوتىنىڭ كادىرى مۇقاباي بىزنى ئاقساقالغا تونۇشتۇرماقچى بولۇۋېدى. ئاقساقال: «تونۇشتۇرمايلا قوي، مەن بۇ باللارنى ياخشى تونۇيمەن» دېدى سۆزىنى ئۇيغۇرچە داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇلتۇر دەلىلقان ئالتايغا قايتماقچى بولغاندا، بۇ باللار ئەخمەت ئەپەندىم ۋە دەلىلقانلار بىلەن مۇشۇ سايرام بويىدا بىر قونۇپ، دەلىلقاننى ئۈزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتكەن، ماۋۇ بالىنىڭ ئېتى ئابدۇكېرىم، ماۋۇ بالىنىڭ بولسا سەيپىدىن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دېدى ئۇ كۈلۈپ بىزگە قاراپ.

بىز بۇ بوۋاينىڭ سۆزىگە، مۇئامىلىسىگە ۋە قىياپىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز پاراڭلىشىشنى لايىق تاپتۇق. ئابدۇكېرىم گەپ باشلىدى:

«ئاقساقال، بىز باياتىن بېرى ئاۋۇ چوڭ ئۆيگە كىرىپ كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ئادەملەر ئەمگەك قىلمايدىكەن، بىراق ئوبدان يەپ، ئوبدان كىيىدىكەن، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ئۇلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن، سىز يىل بويى ئەمگەك قىلىدىكەنسىز، قورسىقىڭىز توق، كىيىمىڭىز پۈتۈن بولمايدىكەن، بۇ قانداق بولغىنى؟» دەپ سورىدى.

«ئۇلار باي، بىز گاداي، ئادەم ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭلاشقا تۇرمۇشىمىزمۇ ئوخشاش بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

«توغرا ئېيتىسىز ئاقساقال، بۇنىڭ سەۋەبى زادى قەيەردە؟» دەپ سورىدىم مەن.

«سەۋەبى دەمسىز؟ بەزىلەر،خۇدا باينى باي،گادايـنى گاداي ياراتقان، دەيدۇ، مەن بۇ سۆزگە ئىشەنمەيـمەن، باي قولىدىكى كالتەك. قامچىسىغا تايىنىپ باي بولغان، گاداي ئىلاجسىز ھالدا باينى باقىدۇ، باي ئېمە دېسە ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئامبال بار. مۇشۇ سايـرامنىڭ بارلىق يايلو ـ قىشلوسىنى شەھەردە تۇرغان بىر باي ئىگىلىۋالغان. يايلودىكى بارلىق چارۋىلار شۇ بايـنىڭ. بۇ خۇدانىڭ تاغ ـ دالاسىغۇ! مۇشۇنداق تاغ ـ داـلادا ياشىغان سوۋېت تەرەپتىكى قازاق چارۋىچىلار ئۆـزىنىڭ ماكانىغا ئۆزى ئىگە بولالايدىكەن، ئېمىشقا بىزنىڭ شىنجاڭدىكى قازاق چارۋىچىلار ئۆزىنىڭ ماكانىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ» دېدى بوۋاي بۇ ناھەقلىققا غەزەپلىنىپ.

ئابدۇكېرىم بەكمۇ تەسىرلەندى. بوۋاينىڭ بۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك گەپنى دەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدۇق، ئۇنىڭ سۆزى ھەم كەڭ نامرات چارۋىچىلارنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. بوۋاينىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلاش ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم گەپنى يۆتكىدى:

«سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ تىرىكچىلىكىڭىزدىن بىرئاز سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟»

ئابدۇكېرىم تاماكا قۇتىسىدىن بوۋايغا تاماكا تۇتتى:

بوۋاي مەن يېقىپ بەرگەن سەرەڭگىدە تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، گەپ باشلىدى:

«مېنىڭ تىرىكچىلىكىمنى سۆزلىسەم كېچىسى تۈگ-
مەيدۇ. ئوغلۇم خوتۇنى ھەم ئىككى بالىسى بىلەن بايىنىڭ
بىر فورۇ مىلىنى باقىدۇ. قىش-ياز مال كەينىدە يۈرىدۇ،
قورسىقى توق ئەمەس، كىيىمى پۈتۈن ئەمەس. ئۇنىڭ
ئۇستىگە بايدىن تىل-ئاھانەت ئىشىتىپ تۇرىدۇ، تاياق
يەپ تۇرىدۇ. مەن ئاتا-بوۋامدىن تارتىپ ئاشۇنداق تى-
رىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. مېنىڭ بالىلىرىممۇ شۇنداق
تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، كۆپچى-
لىك قازاقنىڭ تۇرمۇشى مانا شۇنداق.»

«ئاقساقال، ئەمدى ئازادلىققا چىقتۇققۇ، بۇ
ئىشلار بىر گەپ بولار» دېدى مۇقاباي ئۇنىڭ سۆزىنى
ئارىلاپ.

«ئازادلىق... ئازادلىق دېگەن نېمە؟ سىلەر ئازاد
بولغانسىلەر، بايلار-بايۋەچچىلەر ئازاد بولدى، ئۇلار
بۇرۇنقىدىنمۇ ئەركىن بولۇپ كەتتى. راست، قىلىچ، مىل-
تىق تۇتقان كونا ئەمەلدارلار يوقالدى. بىراق، قامچا،
كالتەك تۇتقان بايلار يەنە بار. بەلكى كۆپىيىپ كېتى-
ۋاتىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت بۇلارنى چەكلەمدۇ ياكى ياقلام-
دۇ؟ يېڭى ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغان-
دا، ھەممە ئىش تۈزىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بىز
ئۇنى كۆرەلمەيۋاتىمىز. گومىنداڭنى يوقاتتۇق، بىراق،
كۆپچىلىك كەمبەغەل خەلق داۋاملىق ئامرات تۇرمۇش
كەچۈرۈۋاتىدۇ، بۇنى ئازادلىق دېگىلى بولامدۇ؟»

ئاقساقال سۆزىنى توختىتىپ بىزگە بىر قارىۋالدى-
دە، سۆزىنى يۇمشاقراق داۋام قىلدى:

«كەچۈرۈڭلار باشلىرىم، مەن كۆڭلۈمدە بارىنى ئېيت-
تىۋاتىمەن، چۈنكى ئابدۇكېرىم بىزنىڭ ئىشىنىدىغان ياخ-
شى ئادىمىمىز. كۆڭۈلدىكى گەپنى سىزلەرگە دېمەي كىمگە
دەيمىز.»

ئابدۇكېرىم بوۋاينىڭ سۆزىدىن چوڭ ئىلھام ئال-
دى، ئۇ خۇش كەيپىيات بىلەن مۇنداق دېدى:

«سۆزىڭىز بەك توغرا ئاقساقال، كەمبەغەللەرنىڭ
بېشىدا ئويناپ يۈرگەن قىلىچ يوقالدى، قامچا يوقال-
دى، سىز بۈگۈن بىزگە بىر ياخشى دەرس بەردىڭىز.»

ئابدۇكېرىم يېنىدا ئولتۇرغان ئاقساقالنىڭ دول-
نى پوپىلاپ كۈلۈمسىرەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

«توغرا ئېيتتىڭىز، بۈگۈن بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگ-
ەنىمىز تولۇق ئازادلىق ئەمەس. بىز چوقۇم سوۋېت خەلقى
ماڭغان يولدا مېڭىپ، تولۇق ئازادلىققا چىقىش ئۈچۈن
كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. سوۋېت خەلقىنىڭ بۈگۈنى بىز-
نىڭ ئەتىمىز، ئۇ كۈنلەردە سىز ۋە بىزگە ئوخشىغان كۆپ-
چىلىك كەمبەغەللەر ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، بۇ ماكان-
نىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولىسىلەر. پۈتۈن يايلاۋ سىلەر-
نىڭ بولىدۇ، سىلەر ئىككى قولۇڭلار بىلەن بەختلىك تۇر-
مۇش يارىتىسىلەر. ئۇ ۋاقىتلاردا، باي، گاداي دېگەن
پەرقلەر يوقىلىدۇ. ئاقساقال، سىز شۇنداق بەختلىك تۇر-
مۇشنىڭ كېلىشىگە ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.»

«باركاللا، ئابدۇكېرىم ئەپەندى، بۇ سۆزنى باشقا
كىشى دېسە ئىشەنمەيمەن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ دېگىنى بى-
لەن قىلغىنى ئوخشاشمايدۇ، سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنى-
مەن. چۈنكى سىز بىزكەمبەغەللەرنىڭ ئوبدان دوستى.»

«مېنىڭ كەمبەغەللەرنىڭ دوستى ئىكەنلىكىمنى سىز قانداق بىلىسىز؟» دەپ سورىدى ئابدۇكېرىم.

«كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي مېھمانلارغا چاي قويۇپ: «قېنى چاي ئىچىڭلار، مەن ئۆزۈم تۇزلا كەتكەن چال، بۈگۈن سىز ئابدۇكېرىم ئەپەندىنى، يەنە سىز سەيپىدىن ئەپەندىنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم. ئىچىمدىكى گەپىمنىڭ ھەممىسىنى دېدىم، بۇ بىز كەمبەغەللەر دائىم سۆزلىشىدىغان مەسىلەلەر ئىدى.» بوۋاي يەنە ئەپۇ سورىغان ھالدا ئابدۇكېرىمگە قاراپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئوبدان كۈتەلمىدىم، سىز دېگەن ياخشى كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە، چوقۇم ئۆيۈمگە كېلىپ مېھمان بولۇڭلار» دېدى.

بىر چوڭقۇر تەسىرات بىلەن ئاقساقالنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق. ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز بوۋاينىڭ سۆزىنى ئويلاپ كېتىۋاتىمىز.

«دېگەندەكلا، بۈگۈن بىر دەرس ئالدۇق، قاراڭ، خەلق نېمىنى ئويلايدۇ، نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ بىزنىڭ بايا تاغ بېشىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەشكەنلىرىمىزنىڭ يەنە بىر ئەمەلىيىتىنى كۆردۇق» دېدىم مەن.

«شۇنداق ...» دېدى ئابدۇكېرىم گويا سوئالغا جاۋاب تاپقاندەك مەمنۇنلۇق بىلەن: «مىلتىق - قىلىچ، كالتەك - قامچا، باي - گاداي، ئەمەلدار - خەلق ... بۇ ئارىدىكى مۇناسىۋەتلەر كۈرەش دېگەنلىكتۇر، قاراڭ بۇ ئاقساقالنىڭ سۆزىدىكى مەنانى، مانا بۇ پەلسەپە.»

ئاخىر ئۇ كەسكىن ھالدا: «خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز» دېدى.

كەچقۇرۇن بىز سايرام كۆلى بىلەن خوشلىشىپ، ئاتلىرىمىزغا مىنىپ كۆكسالا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. داۋاننىڭ تۆپىسىگە چىققاندا، ئارقىمىزدىن بىر كىشى قىچقارغاندەك قىلدى. ئاتلىرىمىزنى توختىتىپ ئارقىمىزغا قارىساق، كەڭسايىنىڭ چوققىسىدىكى بۇلۇتلارنى يېرىپ چۈشكەن شەپەق نۇرى سايرامغا رەڭگارەڭ زىننەت بېرىپ، سايرامنى ئاجايىپ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. بىز بىر ھازاغىچە بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ، ئاخىرى يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

سايرام كۆلى ئۆزىنىڭ نۇرلۇق چىرايى بىلەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. ئالدىمىزدا بولسا شەپەق نۇرى بىلەن بېزەلگەن بۇلۇتلار كەڭسايى تېغىنىڭ چوققىلىرىنى سىيلاپ ئۆتۈۋاتاتتى. گۈزەل كەڭساي تېغى بىزگە قىزغىنلىق بىلەن ئىككى قولىنى سوزۇپ، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ تۇراتتى.

يۇرتىمىزنىڭ تاجىسى سايرام، گۈزەل تەبىئەت ۋە مەردانە زېمىن بىز بىلەن جىلۋە قىلىپ خوشلاشتى.

## بېيپىڭدىن خوش خەۋەر

بىز سايرامدىن كۆكسالاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر ئىش چىقىپ قېلىپ، ئابدۇكېرىم مۇددەتتىن بۇرۇن شەھەرگە قايتىپ كەتتى. ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىركۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، يولداش سەيپۇللايۇۋ يولداش ئەخمەتجان ئۆز قولى بىلەن ماڭا

يازغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن كۆكسالاغا چىقىپ كەلدى. مەن خەتنى ئېچىپ قارىسام: «دەرھال غۇلجىغا قايتىڭىز، مۇھىم ئىش بار» دېگەن بىر جۈملىلا سۆز يېزىلغان. مەن دەرھال باللىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، سەيپۇللايېۋ بىلەن بىللە كۆكسالادىن كەتتىم.

يولغا چىققاندىن كېيىن مەن سەيپۇللايېۋتىن: «ئەخمەتجان ئەپەندى خەتتە مۇھىم ئىش بار، دەپ يېزىپتۇ، نېمە ئىشتۇ؟» دەپ سورىدىم.

سەيپۇللايېۋ خۇشاللىق بىلەن: «بېيپىڭدىن ئادەم كەپتۇ، مەن تېخى كۆرۈشمىدىم. ياخشى خەۋەر ئەكەلگەن بولسا كېرەك» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ: «كوممۇنىستىك پارتىيە ئالاقىچى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش - ھە!» دېدىم. ماشىنا تاشيولغا چىققاندىن كېيىن، سۈرئەت سائىتىنىڭ سترېلكىسى توقسانىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، بۇ سۈرئەت ماڭا يەنىلا ئاستا تۇيۇلدى، غۇلجىغا تېزرەك كىرەيلى دەپ، شوپۇرنى تېزلىتىشكە ئالدىراتتىم.

بىز ئاخشام بولغاندا غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ، توپتوغرا يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئابدۇكېرىم، ئىسھاقبەگ، رەخىمجانلار بۇ يەردە بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئەخمەتجان قاسىمى مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن: «ياخشى كەلدىڭىز، سىزگە بىر زور خۇش خەۋەر: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەۋەتكەن ئالاقىچى يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. تاڭ ئېتىشقا باشلىدى، تاڭ نۇرى تېزلا

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى يورۇتىدۇ» دېدى.
ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا:
«يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە يولداش جۇ دېلار رەھبەرلىك
قىلغان جۇڭگو ئىنقىلابى غالىبىيەت قازىنىش ئالدىدا
تۇرماقتا، بىز كۆرەش قىلىپ يەتمەكچى بولغان ئازاد-
لىق، گۈللىنىش، قۇدرەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت مەقسە-
تىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى» دېدى.
مەن خۇشاللىقىمدىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتىم
ۋە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «ھەقىقەتەنمۇ چوڭ خۇش خەۋەر
ئىكەن! جۇڭگو خەلقىنىڭ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇلۇغ غايە-
سى ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈنلەر يېقىنلىشىپ قاپتۇ» دېدىم.
ئەخمەتجان قاسىمى: «ماۋۇ خەتنى ئوقۇڭ، يول-
داش ماۋزېدۇڭنىڭ بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزغا نە-
قەدەر يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى كۆرۈڭ» دەپ ماڭا بىر
پارچە خەتنى بەردى. مەن خەتنى ئىككى قولۇم بىلەن
ئېلىپ تاقەتسىزلىك بىلەن ئىچىمدە ئوقۇدۇم.
يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى
تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتىگە. ئەخمەتجان ئەپەندىگە:
ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا،
بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭجېيشى باشچىلىقى-
دىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو
مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ، پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموك-
راتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد را-

يونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، 9-ئاي ئىچىدە بېيپىڭدا ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ ئۆۋەتتىمكى ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىت ئانچە ئۇزاق قالمىدى، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار، 9-ئاينىڭ بىرىنچى ئون كۈنى ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز، تېلېگرامما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە
تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى

ماۋ زېدۇڭ

1949-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى، بېيپىڭ.»

يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېلىپ بارغان قوراللىق كۆرىشىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ ئازاد قىلغان رايونىنى «غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونى» دەپ ئاتىدى؛ ھەر مىللەت خەلقى تەشكىللىگەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى «خەلق ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتىدى ھەمدە يولداش ئەخمەتجاننى غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى دەپ ئېتىراپ قىلدى. بولۇپمۇ كىشىنى خۇش قىلىدىغىنى شۇ بولدىكى، يولداش ماۋ زېدۇڭ خېتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىق قارارلاشتۇرۇپ: «سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۆرەشلەر پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېدى. مەن: «بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغاندا، ھاياجانلىنىپ، ئۆزۈمنى توختىتالماي كۆزۈمدىن ياش ئاققۇزدۇم. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىپ سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ شەرەپ. بۇ نېمىدېگەن چوڭ خۇش خەۋەر - ھە!

شۇنىڭدىن كېيىنلا، يولداش ئەخمەتجان ئۆز نامىدىن ماۋ زېدۇڭغا يازغان جاۋاب خېتىنى ئوقۇدى.

جاۋاب خەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش-
كە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى،
قەدىرلىك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە ئېيتىل-
غان مەسىلىلەر ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقنىڭ
ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى.

بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئۆلكىمىزنىڭ جۇملىدىن پۈتۈن
دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز.

خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە
چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، بىز بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلدى-
غانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

پەۋقۇلئاددە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى
ئەخمەتجان قاسىمى
1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.»

مەن يولداش ئەخمەتجاننىڭ جاۋاب خېتىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

بىز مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى ۋە بېيپىڭغا قايسى يول بىلەن بېرىش مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇزاكىرە قىلدۇق. شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا، بېيپىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىقلا بېرىشقا بولاتتى. بۇنى سوۋېت تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە توغرا كېلەتتى. بۇندىن تاشقىرى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا بېرىدىغان دوكلاتنى مۇزاكىرە قىل-

دۇق. ھەربىي ئەھۋال توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئىسھاقبەك
تەييارلايدىغان بولدى؛ مەدەنىيەت - مائارىپ ئەھۋالى
توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز تەي-
يارلايدىغان بولدۇق؛ ئىقتىسادىي ئەھۋال توغرىسىدىكى
دوكلاتنى رەخىمجان ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. شۇنىڭ
بىلەن بىرۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەم پۈتۈن شىنجاڭ-
نىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەييارلىق-
نى ۋە سەپەرگە چىقىشنى قەتئىي مەخپىي ئېلىپ بارىدى-
غان بولدۇق.

ئولتۇرۇشىمىز كەچكىچە داۋام قىلدى. ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇ-
كېرىم مېنى يولداش دېڭ لىچۈننى زىيارەت قىلىشقا ئې-
لىپ ماڭدى. ئۇ يولدا بارغۇچە يولداش دېڭ لىچۈننىڭ
مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتىدە، بىر كۆچلۆك
راتسىيە ئېلىپ موسكۋا ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ
بەردى.

بىز بارساق، يولداش دېڭ لىچۈننىڭ يېنىدا چېن
شىخۇا بىلەن پېڭ گوئەن بار ئىكەن. ئابدۇكېرىم مېنى
يولداش دېڭ لىچۈنگە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، يولداش
دېڭ لىچۈن مەن بىلەن بەك قىزغىن كۆرۈشتى.

يولداش دېڭ لىچۈن مەركەزنىڭ تاپشۇرۇقى بى-
لەن غۇلجىغا ئەكەلگەن ۋەزىپىسىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ
كېلىپ: «سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن، مەركەز تاپشۇر-
غان ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىشقا ئىشەنچىم

بار» دېدى. مەن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ خېتىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولغانلىقىمنى، يولداش دېڭ لىچۇننىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خەۋەرنى ئەكەلگەنلىكىنى، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. يولداش دېڭ لىچۇن سالاپەتلىك، خۇش خۇي ئىكەن، بىز كۆرۈشۈپلا كونا دوستلاردەك بولۇپ كەتتۇق. بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز قىسقا بولغان بولسىمۇ، ناھايىتى قىزغىن بولدى. ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان تالانتى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

يولداش دېڭ لىچۇن يولداش ئەخمەتجاننىڭ جاۋاب خېتىنى مەركەزگە دوكلات قىلغاندىن كېيىن، مەركەز بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى يوللىشىمىزنى ھەم ئۇلارنىڭ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن ئىلگىرى بېيپىڭغا يېتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ.

مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلىغان ئەھۋال ئاستىدا. جىددىي تەييارلىق خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتۇق.

## ئۇلۇغ سەپەر

قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بېكىتىلدى. ئۆمەك باشلىقى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى. ئۆمەك ئەزالىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، ئىسھاقبەگ مۇنونوۋ، دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ ھەم

لوزىدىن ئىبارەت بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كاتىپ، تەرجىمان ۋە باشقا خىزمەتچىلەرمۇ تەيىنلەندى. ئەمدىكى ئىش دوكلاتنى پۈتتۈرۈش، كېيىم تىككۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر ھەپتە-نىڭ ئىچىدە تەييارلىقلار پۈتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى غۇل-جىدىن ئالمۇتاغا ماشىنا بىلەن بېرىپ، ئالمۇتادىن ئايروپىلان بىلەن سىبىرىيە ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال چېگراسىغا كىرىپ، ئاندىن كېيىن پو-يىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا بارىدىغان بولدى.

يولداش ئەخمەتجان باشلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى يولغا چىقىشنى قارار قىلدى. يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، يەنى 26-كۈنى ئاخشامدا، تەييارلىقلارنى بىر قاتار تەكشۈردۇق. ھەممە ئىش تولۇق پۈتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى كەتكەندىن كېيىن قىلىنىدىغان ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىنكى ئىشلارغا ئومۇمەن مەن مەسئۇل بولىدىغان بولدۇم. كونكرېت ئىش تەقسىماتى مۇنداق بولدى: ئارمىيىگە دائىر خىزمەتلەرگە لېسكىن مەسئۇل بولىدىغان بولدى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمە-تىگە ئەبجان مەسئۇل بولىدىغان بولدى؛ «ئىتتىپاق»نىڭ خىزمىتىگە ۋە تەشۋىقات، مائارىپ خىزمىتىگە ئەسئەت بى-لەن سەيپۇللايېۋ مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

شۇۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتىگە ۋە ھەر-قايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇزاكىرە ئارقىلىق «ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، يامان ئادەم-لەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن قەتئىي ساقلىنىش، پرىنسىپتىمۇ

چاڭ تۇرۇش. ئىتتىپاقلىقىمىزغا دىققەت قىلىش. ئىنىڭ مۇ-
ھىمى ھەربىي ئىشلارغا دائىر خىزمەتنى ئوبدان ئىش-
لەشكە دىققەت قىلىپ، ھەربىي قىسىمغا چىن تايىنىش»
تىن ئىبارەت خىزمەت يۆنىلىشى بېكىتىلدى.

شۇ ۋاقىتتا، ئالدىمىزغا قويۇلغان ئاساسىي مەسىلە
شۇ بولدىكى: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۆزىنىڭ نىشانىنى
توغرىلاپ، چوڭقۇر راۋاجلانغانىدى. ھاكىمبەگ باشچىلى-
قىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام سىنىپىدىن كېلىپ چىق-
قان ئەمەلدارلار ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي
كادىرلاردىن كۆندىن - كۆنگە نارازى بولۇشتى. ھاكىم-
بەگ قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدە مەلۇم خىز-
مەت كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىگە «تۆھپىكار»،
«باتۇر» دەپ تەمەننا قويۇپ، ئۆز ئالدىغا خان - بەگ
بولۇۋېلىپ، بەكمۇ ئۆكتەملىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن، ھەر خىل پەسكەش ئۇسۇللار بىلەن پىتنە -
ئىغۋا تارقىتىپ، ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي
رەھبىرىي كادىرلارغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلى-
دى. ھەتتا مىللىي توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت
تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى
توغدۇرۇش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جىنايىي مەقسىتىگە يەتمەك-
چى بولدى. ئۇندىن تاشقىرى، زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىق ئانچە مۇستەھكەم ئە-
مەس، زىددىيەتلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئاممىنىڭ
ئىدىيىسىمۇ قالايمىقانراق ئىدى. دېمەك، ۋەزىيەت ئانچە

مۇقىم ئەمەس ئىدى. ئەھۋال شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، ئەخمەتجان قاتارلىق يولداشلارنىڭ خاتىرجەملىك بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىنغا قاتنىشىشى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، مەن خۇشاللىق بىلەن بۇ ئېغىر يۈكنى ئۈستۈمگە ئالدىم.

شۇ كۈنى يىغىندىن تارقالغاندا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. ئابدۇكېرىم مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى. ئىككىمىز يەنە ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئابدۇكېرىم ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بېيجىڭغا بېرىپ يولداش ماۋ زېدۇڭنى، يولداش جۇ دېنى ۋە مەركەزنىڭ باشقا رەھبىرىي يولداشلارنى كۆرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە خۇشال ئىدى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش ئىچىدىكى خۇشاللىقىنى باسالمايتتى. خۇشاللىق كۆز يېشى بىلەن ئۆزلۈكسىز ھالدا: «مەن يولداش ماۋ زېدۇڭنى كۆرىدىغان بولدۇم!» «مەن يولداش جۇ دېنى كۆرىدىغان بولدۇم!» «مەن يولداش دۇڭ بىۋۇنى كۆرىدىغان بولدۇم!» دېگەن سۆزلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى. مەن ئۇلار كەتكەندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا گەپ ئاچسام، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈپ: «باشقا گەپلەرنى قويۇڭ، بىلەمسىز، مەن ماۋ زېدۇڭنى، يولداش ماۋ زېدۇڭنى كۆرىدىغان بولدۇم!...» دەپ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىلى ئۇنىمايتتى. مەن بىرەر نەرسىنى خاتىرىلىۋالماقچى بولۇپ، قولۇمغا قەلەمنى ئالسام،

ئۇ قەلەمنى دەرھال تارتىۋېلىپ: «نېمە يازماقچىسىز، ھېچنېمە يازماڭ. ئىشىمىز ھەل بولىدىغان بولدى. بىلەمسىز؟ مەن يولداش ماۋزېدۇڭنى كۆرىدىغان بولدۇم! ئۇ بىزنىڭ ماڭىدىغان يولىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىز خوش خەۋەر كۈتۈپ تۇرسىڭىزلا بولىدى!» دەپ، ئۆيدە بىر دەم ئۇياقتىن-بۇياققا ئايلىناتتى. بىر دەم كېلىپ ئولتۇراتتى. يەنە شۇ گەپلەرنى تەكرارلايتتى. مەن ئۇنىڭ ئىچ-ئىچىگە پاتمىغان خۇشاللىقىنى كۆرۈپ. ئىنتايىن تەسىرلەندىم، مەن ئۇنىڭ خۇشاللىق كەيپىياتىنى بۇزۇشقا پېتىنالمىدىم. بىراق، يەنە قىلىدىغان بىرمۇنچە تەييارلىقلار بار، كەچ بولۇپ كەتتى. مەن ئابدۇكېرىمگە: «ئەتە سەپەرگە چىقىسىلەر. كېچىلەپ ماڭىسىلەر. باشقا ئىشلارمۇ بار. بالدۇرراق قايتىپ ئۇخلاڭ» دېدىم. بىراق ئۇنىڭ مەندىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى، ئۇ: مېنىڭمۇ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدىن بىللە بەھرىمەن بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلغان بولسا كېرەك. سائەت ئون ئىككىگىچە ئولتۇرۇپ قايتتى. ئابدۇكېرىمنى ئەسلىسەم، ئۇنىڭ شۇ كۈنىدىكى پەۋقۇلئاددە خۇشاللىقى دەرھال كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ، ئۇنىڭ شۇ كۈنىدىكى خۇشاللىق قىياپىتى مېنىڭ قەلبىمگە ئەبەدىلئەبەدكە پۈتۈلۈپ كەتكەن.

## قۇربانلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ

1949 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كەچ سائەت يەتتىلەردە. ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈن قاراڭغۇسىدا بىرقانچە

كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، غالىبىيەت شادلىقى ۋە زور ئۈمىد بىلەن يولغا چىقتى.

ئابدۇكېرىم يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلاشقاندا، ئوڭ قولىدا ئېلچاننى، سول قولىدا قېيۇمنى كۆتۈرۈپ — ئىككى ئوماق ئوغلىنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ: «مەن كەلگۈچە چوڭ بولۇڭلار جومۇ!» دەپ خوشلاشتى. ئىككى بالىسى كىچىك قوللىرى بىلەن توختىماي ئابدۇكېرىمنىڭ يۈزىنى سىلايتتى. كىم بىلسۇن. ئابدۇكېرىم كېتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىككى ئوماق ئوغۇل ئارقا-ئارقىدىنلا قازا قىلىپ كەتتى. ئۆز دادىسىنى كۆرمىگەن، ئابدۇكېرىم غۇلجىدىن كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان قىزىغا ئابدۇكېرىمنى مەڭگۈ ئەسلەش ئۈچۈن، «ھەدىيە» دېگەن بىر خاتىرە ئىسمىنى قويدۇق.

ئۇلار يۈرۈپ كەتتى. بىز ئەخمەتجان قاسىمىنى ئالتايدا بىر مۇھىم ئىش چىقىپ قېلىپ، شۇ يەرگە كەتتى دېدۇق. شۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، ئەخمەتجان قاسىمى «ئىتتىپاق» تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ بىر قېتىملىق مەجلىسىدە، ئالتايغا بېرىش ئېھتىمالىنى ئېيتىپمۇ قويغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى ئالتايغا كەتتى، دەپ ئىشەندى.

ئۇلار كەتتى، ھەممە ئىش بىزگە قالدى. ئىشلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى، بىز ھەم جىددى، ھەم ئالدىراش خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتۇق. ئېغىر خىزمەت مېنى بېسىپلىۋالدى. خىزمەتنىڭ ئېغىرلىقى، ئۇيقۇنىڭ ئاز بولۇشى

ياشلىقتا چوڭ گەپ ئەمەس ئىكەن. مەن غۇلجىدا بىرەر ۋەقە چىقىپ قالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈردۈم. بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلدۇق. ئەسئەت، سەيپۇللايېۋ، ئەبجان بىر نەچچىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم ياكى بىر نەچچە قېتىم باش قوشۇپ تۇردۇق. ئەگەر زور مەسىلىلەر چىقىپ قالسا، بىز بىللە مۇزاكىرە قىلىپ، بىر تەرەپ قىلدۇق. ئىشقىلىپ ئىش يامان ئەمەس ماڭدى، ۋەقەمۇ چىقمىدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى كەتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ماڭا ئۈزلۈكسىز خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇردى. تۆتـبەش كۈندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلخانىسى ماڭا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ئالمۇتادىن ئايروپىلانغا چۈشۈپ يېڭى سىبىرىيىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، كېيىن ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ يېڭى سىبىرىيىدىن ئىركۇتسكىغا ئۇچۇپ بارغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەۋەر يوقالدى، ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، يەنىلا خەۋەر يوق.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەن «ئالغا» گېزىتىنىڭ بىر باش ماقالىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشخانامغا ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق كەلدىم، چۈشتىن كېيىن دەل سائەت ئىككىدە، ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گۈدۈكى چېلىندى. 30 ـ يىللاردا ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، بۇ ئىستانسىنىڭ گۈدۈك ئاۋازى پۈتۈن

ئۆلچىدىكى ئاھالە ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ مەشغۇلات ۋاقىت
ئۆلچىمى بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرىلەردە، مەن بۇ بەلـ
گىلىك ۋاقىتتىكى گۈدۈك ئاۋازىغا ئانچىمۇ دىققەت قىلـ
مايتتىم. بىراق، ئەخمەتجان قاتارلىق يولداشلار تەكلىپكە
بىنائەن بېيپىڭغا كېتىپ خىزمەت ماڭا قالغاندىن كېـ
يىن، مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزگەنلىكىمدىن بولسا
كېرەك، مەن ھەتتا خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىشقا
چىقىۋاتقان - چىقمايۋاتقانلىقىغا قەدەر ئالاھىدە دىقـ
قەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. مەن مەقسەتسىز ھالـ
دىلا بۇ گۈدۈكنىڭ ئاۋازىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتىم.
ئۈستەلىمدىكى ھەربىي تېلېفون تۇساتتىن قاتتىق جىرىڭـ
لاپ كەتتى. بۇ جىددىي ئىشلارغىلا ئىشلىتىلىدىغان تېلېـ
فون ئىدى. تۇرۇپكىنى غاچچىدە ئالدىم - دە، دىجورنىـ
ئوفىتسېرنىڭ: «يولداش سەيپىددىن، سوۋېت كونسۇلـ
خانىسى سىزنىڭ دەرھال كونسۇلخانىغا بېرىشىڭىزنى تەكـ
لىپ قىلىۋاتىدۇ، سىزگە دەيدىغان مۇھىم ئىش بار ئىـ
كەن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئەھۋال ماڭا تاساـ
دىپىي تۇيۇلدى، ئۆز - ئۆزۈمدىن: «ئەجەب ئالدىراشقۇ،
نېمە ئىش باردۇ؟» دەپ سورىدىم. مەن تۇرۇپكىنى تاشلاپ
قويۇپ، تەكشۈرۈلۈپ بولغان ماقالىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان
تەھرىرگە بېرىۋېتىپ، دەرھال ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سوۋېت
كونسۇلخانىسىغا ماڭدىم.

بۇ، ئىلىنىڭ ئېسىل كۈز پەسلىدىكى ئادەتتىكى بىر
كۈن بولۇپ، كوچىدا ئادەملەر ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ
تۇراتتى، كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دەرەخ سايىسىدە

مېۋە - چېۋىلەر ۋە ھەر خىل دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى قاتار تىزىلىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدا كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئادەمنىڭ بۇرۇنلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سېتىقچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئاۋازلىرى، ھارۋا سۆرەۋاتقان ئاتلارنىڭ بويندىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازلىرى، ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى بۇ چېگرا شەھەرگە ئالاھىدە تۈس كىرگۈزۈپ تۇراتتى. مېنىڭ ماشىنام ئاۋات كوچىدىن ئۆتۈپ، سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىردى. كونسۇلخانىنىڭ بىر خىزمەتچىسى دەرۋازا ئىچىدىكى چىملىقتا مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئەدەبلىك ھالدا مېنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، كونسۇل، مۇئاۋىن كونسۇللار ۋە كونسۇلخانىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىسى مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ، دەرھال قارشى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى، بىراق، ئادەتتىكى قىزىق چاقچاق - پاراڭلار يوق. كونسۇل مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مېنىڭ كەپ قىلىشىمنى كۈتمەيلا، ئۈستەلدىن بىر تېلېگراممىنى قولىغا ئېلىپ، ماتەم ئاۋازى بىلەن: «بىز موسكۋادىن كەلگەن بىر جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدۇق» دېدى، بۇنىڭغا ئۇلاپلا، رۇسچە تېلېگراممىنى ئوقۇدى: «ئەخمەتجان قاسىموۋ باشلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىركۇتسكى شەھىرىدىن ئۆتۈپ، تاشقى بايقال تېغىغا يېتىپ بارغاندا، ھاۋا بەك تۇتۇق

بولغانلىقى ئۈچۈن، بەختكە قارشى تاغقا ئۇرۇلۇپ، ئاي-روپىلاندىكى 17 نەپەر كىشىنىڭ ھەممىسى ۋاپات بولدى.»

بۇ شۇم خەۋەر خۇددى بېشىمغا قاتتىق چاقماق ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى، شۇ زاماتلا ھوشۇمدىن كېتىپ قالدىم. كېيىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ماڭا بىر نېمە دەۋاتقانلىقىنى چالا - بۇلا سەزدىم، ئۇلارنىڭ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن چىرايلىرى ماڭا غۇۋا كۆرۈندى. روشەنكى، ئۇلار ماڭا ھەدەپ تەسەللى بېرىۋاتاتتى. مېنىڭ خىيالىم چاقماقتەك تېز بولدى، مەن بۇ ۋەقەنى ئويلاۋاتىمەن. ئانالىز قىلىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئىزدەۋاتىمەن. مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار غۇلجىدىن ئايرىلغىلى بىرقانچە كۈنلا بولدى، بۇ قەدىردان كىشىلەر قانداقمۇ تېزلا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ كېتىدۇ؟ ياق، مۇتلەق مۇمكىن ئە-مەس، دەپ ئويلىدىم. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئور-نۇمدىن دەس تۇردۇم - دە: «ياق، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس!» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. بۇ سۆزنى دېيىش بى-لەنلا، كونسۇلنىڭ قولىدىن ھېلىقى تېلېگراممىنى تار-تىۋېلىپ، ئىچىمدە تېزلا ئوقۇپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەنلا، ئىككى قولۇم تىترەپ كەتتى، كۆز يېشىم تارام - تارام ئېقىپ تۇرىدۇ...

بۇ ئايروپىلاندا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بەش نەپەر ئەزاسىدىن باشقا، مېنى، ئابدۇرېشىت، ئوسمانجان قاتار-لىق كاتىپ، تەرجىمان خادىملار بار ئىدى، يەنە، موس-كۋادىن ئۇلارنى ئۇزىتىشقا ئەۋەتىلگەن ئۈچ ئەمەلدار ۋە ئالتە ئايروپىلان خىزمەتچىسى بار ئىكەن.دېمەك، ئايرو-پىلاندا ئۆلتۈرگانلار جەمئىي 17 كىشى ئىدى.

مەن كونسۇلخانىدىن يېنىپ چىقىپ، ماشىنا
بىلەن دەرھال يولداش دېڭ لىچۈن تۇرغان جايغا
بېرىپ، بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئۇنىڭغا دېدىم.
يولداش دېڭ لىچۈن بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەرنى
ئاڭلاپ بەك چۆچۈپ كەتتى، چىرايلىرى سارغىيىپ، گويا
قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى. بىر پەستىن كېيىن،
يولداش دېڭ لىچۈن كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى ياغلىق
بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئېچىنىشلىق خەۋەر، بەك ئېچى-
نىشلىق خەۋەر...» دېگەن سۆزنى ئاران ئېيتالىدى.

ئاقىل ھامان قايغۇنى باستى. يولداش دېڭ لىچۈن
بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق. يولداش دېڭ لىچۈن بۇ خەۋەر-
نى مەركىزىي كومىتېتقا دەرھال دوكلات قىلمىدىغان بول-
دى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇق بېرىشىنى كۈتىدى-
غان بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخمەتجان قا-
سىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرى-
سىدىكى خەۋەرنى قەتئىي مەخپىي ساقلاشنى قارار قىل-
دۇق. بۇ خەۋەرنى ئەسئەت، سەيپۇللايوۋ، ئەبجان قاتار-
لىق يولداشلاردىن باشقا ھېچكىمگە ئېيتمايدىغان بول-
دۇق. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى بىزدىن
شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ جاۋاب
تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. جاۋاب تېلېگراممىدا
ئەخمەتجان قاتارلىق يولداشلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا
قاتتىق ئېچىنىشلىق تەزىيە بىلدۈرۈلگەن ھەمدە دەرھال
ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈيۈش-

تۇرۇپ، تېزدىن بېيپىڭغا ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنغان. مەر-
كەزنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، يولداش دېڭ لىچۈن ۋە
باشقا يولداشلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق مەن
باشلىق تۇجۇ، ئالىمجاندىن ئىبارەت ئۈچ كىشىلىك ئۆمەك
تەشكىل قىلىنىدىغان بولدى.

شۇ ۋاقىتتا، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇلار ماڭ-
غان يولنى بويلاپ، ئۇلار مېڭىپ بولالمىغان يولنى مې-
ڭىپ، ئۇلارنىڭ قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىنى قىلىدىغان-
لىقىمنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدىم.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەن سا-
ئەت ئالتىدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە بىز غۇلجا ئايرو-
درومىغا يېتىپ كەلدۇق. ئايروپىلانغا چىقىشتىن بۇ-
رۇن، سوۋېت كونسۇلى ماڭا ئوتتۇرا بويلۇق بىر رۇس
كىشىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ فامىلىسى لىسوۋ ئىكەن. ئۇ
بىزنى بېيپىڭغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئالايىتەن تۈنۈ-
گۈن موسكۋادىن كەلگەنىكەن.

ئايروپىلان ھەرىكەتلەندۈرۈلدى. بىز ئۆزىمىزنى
ئۇزىتىشقا كەلگەن بەش - ئالتە كىشى بىلەنلا قولىمىز-
نى كۆتۈرۈپ خوشلاشتۇق. بىزنىڭ بۇ قېتىم باشلىغان سە-
پىرىمىز بىر قېتىملىق ئۇزاق ۋە ئەھمىيەتلىك سەپەر بول-
سىمۇ، لېكىن بىزنى ئۇزىتىشقا بەك جىق ئادەم چىقسا
بولمايتتى، چۈنكى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىز يەنىلا
مەخپىي ئىدى.

بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان غۇلجىدىن كۆتۈرۈلگەن-
دىن كېيىن، ئالمۇتا، يېڭى سىبىرىيىلەردىن ئۆتۈپ، ئىر-

كۆتىسكى شەھرىنىڭ يېنىدىكى بىر ھەربىي ئايرودرومـغا قونـدى. بىرقانچە ئوفىتسېر بىزنى كۈتۈۋېلىـپ، مېھمانـخانىـغا ئەكىلىـپ قويدى. ئـازراق دەم ئالغاندىن كېـيىن، ساھىبخـان بىزنى كەچكـى زىياپەت بىلـەن كۈتۈـۋالدى. زىياپەتتىن كېيىن، ھەرقايسىمىز ئۆز ياتىقىمىزغا كىرىـپ دەم ئالماقچى بولـدۇق. بۇ ۋاقىتتا، سوۋېت تەـرەپتىن بىزنى ئۇزىتىشقا كەلگەن لىسوۋ ياتىقىمغا كىرىپ: «ئىككى يولداش ئـەخمەتجان قاتارلىق يـولداشلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا دائىر ئـەھۋاللار توغرۇلـۇق سىزگـە دوكلات قىلماقچىكەن» دېـدى. مـەن قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ چىقىپ ئىككـى ئـوفىتسېرنى باشلاپ كىردى، بىرى، پولكوۋنىك، يەنە بىرى، مايور ئىـكەن. ئۇلار ئايروپىلان ۋەقەسىنىڭ جەريانىـنى قىسـقىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئەھۋال مۇنداق ئىـكەن: ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئولتۇرغان ئايـروپىلان ئالمۇتىدىن ئۇچقاندىن كېيىن، يېڭى سىبىرىيـدىن ئۆتۈپ، ئىركـۇتسكىغا كـەپتۇ. بۇيەردە ھاۋا بۇزۇـلۇپ، تۇمان بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئايروپىلان ئىكـكى كۈن تۇرۇپ قاپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئولـتۇرغان ئايروپىلان بايقال كـۆلىنىڭ ئۈستىدىن ئـۆتۈپ بولۇپ، بايقال تېغىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن يۇقىرى كۆتۈرۈلـدىغـان چاغدا ئايروپىلان گۈرۈپپىسىدىن: «قاتتىق بوران چىقتى، ھاۋا ئـۇشتۇمتۇت بۇزۇلدى، ئـايروپىلان يۇقىرى ئۆرلىيەلمەي قـالدى» دەپ ئايرودرومغا دوكـلات كەپتۇ. ئايرودروم دەرھال قايتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئايروپىلاندىن: «قايتىشقا باشلىدۇق» دەپ جاۋاب كەپتۇ. يەنە: «سولغا بۇرۇلدۇق، 30 گرادۇس... 60 گرادۇس...» دېگەن ئاۋازدىن كېيىن بىردىنلا خەۋەر توختاپ قاپتۇ. ئايرودرومدا قوماندانلىق قىلىۋاتقان خادىملار بۇ ئايروپىلاننىڭ ۋەقەگە ئۇچرىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، كۆزىتىش ئۈچۈن دەرھال ئايروپىلان ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئايروپىلاندىكىلەر چوڭقۇر بىر سايىنىڭ بىقىنىدا بىر پارچە دەرەخلىقتا ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىقلاپتۇ. كېيىن ئۇلار موسكۋانىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، تاغقا چىقىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتكەنىكەن. بۇ ئەترەت بىرھەپتىگىچە ئىزدىشىپ يۈرۈپ ئايروپىلان ۋەقەسى تۇغۇلغان يەرگە چىقالماپتۇ. پولكوۋنىكنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار يەنە ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تەشكىللەپتۇ، بۇ ئەترەت بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا يەنە تاغقا چىقماقچى بوپتۇ.

بۇ بىر كېچە مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىئاراملىق كېچە بولدى. كۆڭلۈمنى قاتتىق قايغۇ، چەكسىز نادامەت باستى. چۈش كۆردۈممۇ، ئۇخلىدىممۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، بۇ كېچىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزدۈم.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەنلا بىز يەنە ئۇچۇپ كەتتۇق. ئايروپىلان ئىركۇتسكنىڭ بىر تەرىپىدىن جەنۇبقا قاراپ ئۇچتى. بۇ ۋاقىتتا، شەرق تەرەپ ئەمدىلا ئاقارغان بولۇپ، كەڭ زېمىن تېخى ئويغانمىغانىدى، ئاسماننىڭ ئۇيەر - بۇ يەرلىرىدە يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. زېمىننىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە چىراغلار پىلدى-

دايىتتى. بىز بىرپەس ئۇچقاندىن كېيىن، بايقال كۆلىنىڭ
ئۈستىگە كەلدۇق. بىز 3000 مېتر ئېگىزلىكتە قاپقاراڭغۇ
بىپايان كۆلنىڭ ئۈستىدىن ئۆتتۇق. ئايروپىلان بايقال
تېغىدىن ھالقىپ ئۆتمەكچى بولۇپ 4000 مېتر ئېگىزلىككە
كۆتۈرۈلگەندە، ئايروپىلاننىڭ ئاستىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان
ئورمان بەلبېغى ۋە تاغ سايلىرى كۆرۈندى. بۇ ۋاقىتتا
لىسىۇ كېلىپ مېنى ئايروپىلان كابىنكىسىغا باشلاپ كىرىپ،
ماڭا ئايروپىلان ئاستىدىكى ساينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
«ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بەرگەن يەر مانا مۇشۇ يەر»
دېدى ۋە بىر دۇربۇننى بەردى. مەن دۇربۇندىن پەسكە
قارىسام، سايىنىڭ كىچىككىنە بىر يېرىدە كۆيۈپ كەتكەن
دەرەخلەر كۆرۈندى. ئۇيەر خۇددى بىر پارچە يېشىل گى-
لەمگە قارا سىيا سۇرتۈپ قويغاندەك تۇراتتى! لىسىۇمۇ بىر
دۇربۇن بىلەن قارىدى ۋە بىردىنلا جىددىيلىك بىلەن:
«ئاۋۇ بىرقانچە قارا نۇقتىغا دىققەت قىلىڭ» دېدى. ئە-
مەلىيەتتە بولسا مەنمۇ ئۇ يەردە - بۇ يەردە چېچىلىپ
تۇرغان قارا نۇقتىلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغانىدىم. بىراق،
ئۇلار جەسەتمۇ ياكى كۆيۈپ كەتكەن دەرەخنىڭ كۆتىكى-
مۇ؟ بۇنى پەرق ئېتەلمىدۇق. ئايروپىلان باشلىقى كاپى-
تان يۈسۈپوۋ ماڭا: «ئاۋۇ قارا توچكىلار جەسەت بولسا
كېرەك، ئېرىراقتىكىسى ئايروپىلاننىڭ سۇنۇقى بولسا
كېرەك» دېدى. مەن داۋاملىق كۆرۈشكە چىداپ تۇرالمى-
دىم. تەسلىكتە كابىنكىدىن چىقىپ دېرىزىنىڭ يېنىدىكى
بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قېتىپلا قالدىم.

ئىككىنچى كۈنى بىز پويىزغا ئالمىشىپ داۋاملىق

جەنۇبقا قاراپ ماڭدۇق، مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا شەھىرى مانجۇلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭدىن مەخسۇس بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەن يولداشلار بىزنى قارشى ئالدى.

بىز بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنىلا يولداش جۇ ئېنلەي قوبۇل قىلدى. ئۈچىنچى كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭنەنخەيدىكى ئىشخانىسىدا بىزنى قوبۇل قىلدى. بۇ يەردە رەئىس ماۋ زېدۇڭدىن باشقا، جۇ دې، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي قاتارلىق يولداشلارمۇ بار ئىدى. بىز ئىشخانىغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆرە تۇرۇپ، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى. تەزىيىدىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ: «يولداش ئەخمەتجان باشلىق شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ بەختكە قارشى قۇربان بولۇشى شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈنلا زور يوقىتىش بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا چوڭ يوقىتىش بولدى. ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن يولداش جۇ ئېنلەي: «يولداش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. بىز يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغان، ئۇ يىراقنى كۆرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ياش ئىكەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ قۇربان بولغانلىقى ھەققەتەن ھەممىمىزنى ئېغىر قايغۇغا سالدى» دېدى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ: «سىلەرنى قارشى ئالىمىز. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى. سىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى 100 مىڭغا يېقىن گومىنداڭ ئەسكىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش ئۈچۈن تۆھپە ياراتتىڭلار» دېدى.

رەئىس ماۋ زېدۇڭ خەلق ئىنقىلابى توغرىسىدىمۇ توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ سىلەرنىڭ پارتىيىڭلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا يازغان دوكلاتىڭىزنى كۆردۈم. شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيىڭلار توختاپ قالغانىكەن، ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇنى كاللاڭلاردىن ئۆتكۈزۈڭلار. ئەمەلىيەتتە، سىلەرنىڭ پارتىيىڭلارنىڭ كادىرلىرى، پارتىيىڭلارنىڭ ئەزالىرى ئىتتىپاققا كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئىتتىپاقنىڭ تايانچىلىرى بولۇپ قالغان. ئىتتىپاقنىڭ نەتىجىسى ئەينى ۋاقىتتا پارتىيىڭلارنىڭ نەتىجىسى.» رەئىس ماۋ زېدۇڭ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، يولداش جۇ ئېنلەيگە: «يولداش ۋاڭ جېنغا ئېيتىپ قويۇڭ، بۇلارنىڭ پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى پۈتۈنلەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنسۇن» دېدى. (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.)

شۇ كۈنى يولداش دۇڭ بىۋۇ مەخسۇس كېلىپ بىزنى يوقلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن قۇربانلارغا چوڭقۇر تەزىيە

بىلدۈردى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا: «يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تالانتلىق، غايىسى ئۇلۇغ، ناھايىتى ئۇمىدۋار بىر ياش ئىدى. ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ سادىق ئوغلى. ئالدىنقى يىلى، نەنجىڭدا ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم قىسقا ۋاقىت كۆرۈشكەن بولسامۇ، ئۇ ماڭا بەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. خوشلاشقاندا، غالىبىيەت قازانغاندىن كېيىن، پايتەختتە كۆرۈشىمىز دېيىشكەنىدۇق. ئەپسۇس ئۇ ياش تۇرۇپلا دۇنيادىن كەتتى، بۇنىڭدىن مەن بەك قايغۇردۇم. ئۇ خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ» دېدى.

راست، خەلقىنىڭ بۇ سادىق ئوغلى ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى، تېررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن، ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى. بۈگۈن بىزنى خۇرسەن قىلىدىغىنى شۇكى، ئابدۇكېرىم ئىنتىلگەن ۋە باتۇرانە كۈرەش قىلغان غايە بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلگە ئاشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇلماقتا؛ بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئائىلىسىدە، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئەمەلگە ئاشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيمەكتە. ئەگەر ئابدۇكېرىم ئۇ دۇنيادا بۇنى بىلەلەيدىغان بولسا، ئۆز ئۇمىدىنىڭ بۇنداق شانلىق شەرەپ بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن چوقۇم خۇش بولاتتى.

ئابدۇكېرىم بىزدىن ئايرىلغىلى 38 يىل بولدى،

ئەمما شىنجاڭ خەلقى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قەھرى-
مان جەڭچىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ سادىق
ئوغلىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك:

يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ روھى مەڭگۈ
ئۆچمەيدۇ!